Doğu Türkistan Müslümanları Dergisi
مجلة مسلمي تركستان الشرقية
Journal of Eastern Turkistan Muslims
东突厥斯坦穆斯林杂志
Журнал "Мусульмане Восточного Туркестана
東トルキスタンムスリム 雑誌
Zeitschrift der Muslime aus Ost-Turkistan
Le Magazine des Musulmans du Turkestan Oriental

# شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى

مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

يېرىم يىللىق ئىلمىي، سىياسىي، تارىخىي، ئەدەبىي ژۇرنال | 2016 - يىلى -6 ئاي | 1 - سان (سىناق سان)



## مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى



## تۈركلەر تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن «خىتاي خاقانلىرى»

## ئىمان ۋە مۇھەببەتكە تولغان ھېكايە

## سىياسەتنامە كىتابى - «قۇتادغۇبىلىك»

## ئەسلەتمە

## ئەللامە ئىقبال ۋە شەرقىي تۈركىستان

1
2016

Şarki Türkistan Müslümanları Dergisi

# شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى

مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان


يېرىم يىللىق ئىلمىي، سىياسىي، تارىخىي ۋە ئەدەبىي ژۇرنال

2016 – يىل 6 – ئاي 1 - سان

(سىناق سان)

تەسىس قىلغۇچى ۋە باش مۇھەررىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

ئىجازەتنامە نومۇرى:

25601048 - B.M 2016/1216



مەسلىھەتچىلەر: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇلئەھەد ھاپىز (سەئۇدى ئەرەبىستان)

دوكتور: ئاتائۇللاھ شەھيارى (تۈركىيە)

دوكتور: ئالىمجان بۇغدا (تۈركىيە)

تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن (گېرمانىيە)

ئەكرەم ھىزىم (گېرمانىيە)

پەرھات مۇھەممەدى (گېرمانىيە)

سىراجىددىن ئەزىزى (سەئۇدى ئەرەبىستان)

كامىل تۇرسۇن (كانادا)

مۇھەممەد يۈسۈپ (سەئۇدى ئەرەبىستان)

مىركامىل كاشغەرىي (تۈركىيە)

ئىلشات ھەسەن (ئامېرىكا)


ئەسكەرتىش:

«شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەر خىل ژانىردىكى يازما ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى يازغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىز ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئالاقىدار ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.


ئالاقىلىشىش ئادرېسى:

Merkez Mah. 2090 Sok.1BF Selimpaşa - Silivri /İSTANBUL

Cep: (+90) 532 414 40 55


## مۇندەرىجە


مۇھەررىردىن ........................................ 2

سالىھ ئەھمەد شامى

ھەممىڭلارنىڭ رامىزان ئېيى مۇبارەك بولغاي ............ 3

شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى تەرجىمىسى

مىركامىل كاشغەرىي

ئاللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ "شەرقىي تۈركىستان" غا بولغان قارىشى ۋە پاكىستان سىياسەتچىلىرىنىڭ خىيانىتى ............... 6

ئابدۇلھەمىد جۇدە سەھھار

ئىمان ۋە مۇھەببەتكە تولغان بىر ھېكايە (رومان) ............... 20

مۇنەۋۋەر نىياز ئۇيغۇرى تەرجىمىسى

پىروفېسسور دوكتور بەدرى گەنجەر

ئىنساننىڭ جەننەتتىن ئىككىنچى قېتىم چۈشۈشى ............... 54

ئا. يۈسۈپ تەرجىمىسى

Michael. R. Drompp

تۈركلەر تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن جۇڭگو «خاقانلىرى» ....... 67

شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى تەرجىمىسى

كوممۇنار تالىپ

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدە ....... 88

سەۋدايى

قان ئىچىدىكى بوۋاق (پوۋېست) ............................ 95

ئابدۇلجېلىل تۇران

تەقىيۇددىن نەبھانى ۋە "ھىزبۇتتەھرىر ئەلئىسلامى" نىڭ قۇرۇلۇشى ............................................ 114

ھەسەن ھۈسەيىن ئادالىئوغلۇ

سىياسەتنامە كىتابى - «قۇتادغۇبىلىك» ................. 121

ئا. يۈسۈپ تەرجىمىسى

ئەمىن ۋاھىدى

ئەسلەتمە ................................................. 121

ئابدۇلجېلىل تۇران نەشرگە تەييارلىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇھەررىردىن:

«شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا قىزغىن سالام يوللايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەللەردىكى، بولۇپمۇ تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ۋەتەنداشلار ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستان نامىنى كەڭ قوللانماسلىق نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان دېگەن بۇ مۇبارەك نام مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زېھنىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەكتە ۋە يوق بولۇشقا يۈز تۇتماقتا. بۇنىڭغا بىرىنچىدىن، مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا تارىخىي ۋە سىياسىي ئۇچۇر بېرىدىغان قەرەللىك ئۇيغۇر مەتبۇئاتى (ئۇيغۇرچە قەرەللىك چىقىدىغان گېزىت - ژۇرنال) نىڭ بولماسلىقى، بولغانلىرىنىڭ سىياسىي تەشۋىقاتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى؛ ئىككىنچىدىن، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىقى؛ ئۈچىنچىدىن، تۈركىيەدە كېيىنكى يىللاردا قۇرۇلغان بىر قىسىم جەمئىيەتلەرنىڭ مەيلى ئۇيغۇرلاردىن مەيلى باشقا دۇنيا مۇسۇلمانلىرىدىن پۇل تىلەيدىغان چاغدا شەرقىي تۈركىستاندا ھەركۈنى توختاۋسىز ئېقىۋاتقان قاننى دەسمىي ۋە كۆرگەزمە قىلىدىغان، پائالىيەت قىلىدىغان چاغدا مەدەنىي پائالىيەت قىلىمىز دېگەننى باھانە قىلىپ، رەسمىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە بىر قىسىم قۇرئان كۇرۇسلىرىنىڭ ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزگە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتماسلىقى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتماسلىقى ۋە ئۇيغۇر تارىخى ئوقۇتماسلىقى، ئېلىپبە ئوقۇتقان بىر قىسىم قۇرئان كۇرۇسلىرى كۆك بايراقلىق ئېلىپبەنى چەتكە قېقىپ، قىزىل بايراقلىق ئېلىپبەنى ئوقۇتۇشى قاتارلىق ئامىللار سەۋەب بولماقتا.

يۇقىرىقى سەلبىي ئامىللار بىزنىڭ قولىڭىزلاردىكى «شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىشقا تۈرتكە بولدى.

ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي، ئىلمىي، سىياسىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر نەشر قىلىنىغانىنىڭ سىرتىدا، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ بىز بىلىشكە ۋە خەۋەردار بولۇشقا تېگىشلىك، دەپ قارالغان ئىلمىي ۋە ئەدەبىي (مەيلى تەرجىمە مەيلى يازما ئەسەرلەر بولسۇن) ئەسەرلەر، شۇنىڭدەك مۇھاجىرەتتە ئۆتكەن پېشقەدەملىرىمىزنىڭ يېزىپ قالدۇرغان تارىخىي ئەسلىمىلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلىرى ... نەشر قىلىنىدۇ.

ژۇرنىلىمىز مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ۋە ياش ئەۋلادلىرىمىزغا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھەمدە ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئىسلام ئەدەبىياتى ھەققىدە ئازراق ئۇچۇر ۋە چۈشەنچە بېرەلىسە بىزنىڭ ئاساسى مەقسىتىمىز ئىشقا ئاشقان بولىدۇ.

ئالىي ئېھتىرام بىلەن:

«شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى

سالىھ ئەھمەد شامى

# ھەممىڭلارنىڭ رامىزان ئېيى مۇبارەك بولغاي!



تەرجىمە: شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى

تۇتماق، چەكلەنمەك، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ‹روزا› كەلىمىسى، قۇرئان كەرىم مەريەم سۈرىسىنىڭ 26 ـ ئايىتىدە سۆزلەشتىن يىراق تۇرۇش، چەكلىنىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: «مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ۋەدە بەردىم، بۈگۈن ھېچ ئادەمگە سۆز قىلمايمەن دېگىن.»

فىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ ئىستىمالىدا بولسا، نىيەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە تاڭنىڭ ئېتىشىدىن تاكى كۈننىڭ ئولتۇرۇشىغىچە بولغا جەرياندا يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جىنسىي ھەۋەسلەردىن يىراق تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە روزىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسىنىڭ ـ183 ئايىتىدە «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.» دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە بەقەرە سۈرىسىنىڭ 185 ـ ئايىتىدە سەپەر ئۈستىدىكىلەر ئەمەس، مۇقىملارغا روزىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىپ، «سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن.» دەيدۇ.

ئالدىنقى ئايەتتە روزىنىڭ پەرزلىكى بايان قىلىنغان بولسا، كېيىنكىسىدە ‹رامىزان ئېيى›

www.uyghurkitap.com

دىن ئىبارەت روزا تۇتۇش تەلەپ قىلىنغان كۈنلەر بايان قىلىنىدۇ.

روزىغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىس ئۇزۇن ۋە تەپسىلىي بولغاچقا، بەزى ئاساسىي نۇقتىلارنى بايان قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىمەن:

* «ئىنسان ئەۋلادىنىڭ روزا تۇتۇشتىن باشقا پۈتكۈل ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈندۇر. روزا مەن ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزەم بېرىمەن.»

(بۇخارى ـ 1904؛ مۇسلىم ـ 1151).

روزا بىلەن بەيتۇللاھ ئەۋزەللىك ۋە پەزىلەت جەھەتتە ئورتاقلىقتا ئىگە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بەيتۇللاھ توغرىسىدا «بيت الله الحرام» دەيدۇ، جانابى ئاللاھ بۇ ئارقىلىق زامانىنىڭ شەرىپىنى رامىزانغا بەرگەن بولسا، ماكانىنىڭ شەرىپىنى بەيتۇللاھقا بەرگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

* رامىزان بارلىق ئىنسانلار ھاياتىدا موھتاج بولىدىغان ‹سەۋر› نى ئۆگىتىدۇ... سەۋر ئارقىلىق ئىنسان ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ئىستەكلىرىنى تىزگىنلەيدۇ، تىزگىنلىنىشىگە يول قويمايدۇ. بۇ نۇقتا يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ داۋامىدا بايان قىلىنىدۇ: «روزا جەننەت دېمەكتۇر؛ بىرىڭلار روزا تۇتقان كۈنۈڭلاردا يامان سۆز قىلمىسۇن، ۋارقىرىمىسۇن، ھاماقەتلىك قىلمىسۇن. بىرى تىللىسا ياكى جېدەل قىلماقچى بولسا، ‹مەن روزىدارمەن› دېسۇن.»

* يېمەك ـ ئىچمەك، جىنسىي شەھۋەتتىن يىراق تۇرۇشتا پۈتكۈل مۇسۇلمانلارغا ئورتاق نۇقتا ھېسابلىنىدۇ، لېكىن، بۇلار تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس. روزا بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ، يۇقىرىقى ئىشلاردىن يىراق تۇرۇلمىغىنىدا، ئۇنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى ھازىرلانمىغان بولىدۇ.

سەھىھۇلبۇخارى (1903) دا «كىمكى (روزىدار تۇرۇپ) بوھتان چاپلاش ۋە ئۇنىڭغا (بوھتانغا) ئەمەل قىلىشنى تاشلىمىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى تاشلىشىدىن بىھاجەتتۇر» دېيىلىدۇ. تىل، قۇلاق، كۆز قاتارلىق بارلىق ئەزالار روزىدارنىڭ جانابى ئاللاھنىڭ «(گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن» (بەقەرە ـ 183) دېگەن ئايەتنىڭ دائىرىسىگە كىرەلىشى ئۈچۈن بۇ ئىبادەتكە ئىشتىراك قىلىشى شەرت.

تىلنىڭ روزىسى ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەزا توغرىسىدا «كىشىلەر دوزاختا تىللىرى سەۋەبىدىن دۈم ھالىتىدە تاشلانمامدۇ؟!»

(تىرمىزى ـ 2616؛ ئىبنى ماجە ـ 3973)

غەيۋەت، سۇخەنچىلىك، يالغان، تۆھمەت، ناچار گەپ ـ سۆز، ئېغىزنى بۇزۇش، مەسخىرە قىلىش، كەمسىتىش... دېگەندەك تىل سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، چەكلىنىش ھەتتا پايدىسىز ئارتۇق گەپ ـ سۆزلەردىن يىراق تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. تىلنىڭ ساقلىنىشى تەلەپ قىلىنغان بارلىق ئىشلارنى ئاڭلاشتىن يىراق تۇرۇشمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. كۆزنىڭ روزىسى ھارامغا قارىماسلىق، نامەھرەملەرگە كۆز تىكمەسلىكتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە كۆزنى نامەھرەملەردىن ساقلاشتۇر. قەلبنىڭ روزىسى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى توغرىسىدا گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىشتۇر.

بەدەن ئەزالىرىنىڭ روزىسى يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىسىگە ئوخشىمايدۇ، كۈننىڭ ئولتۇرۇشى بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ، بەلكى داۋاملىشىدۇ...

چۈنكى، روزىنىڭ مەقسىتى (مۇسۇلماننى يامان ئىشلارنى) ئىزچىل «تاشلاش» قا كۆندۈرۈشتۇر.

* روزىنى بۇ مەنىدە چۈشىنىش بىزنى كۆپلىگەن گۇناھلارنىڭ كاپارەت قىلىنىشى ئارقىسىدىكى ھېكمەتكە ئېلىپ بارىدۇ... ئۇ بىر خىل تەربىيەدۇر. جىنايەتچىلەر يامان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشىغا توسقۇنلۇق ئۇچۇن تۈرمىگە تاشلانغاندەك، روزىمۇ مەيلىگە قويۇۋېتىلگىنىدە گۇناھ ئىشلارغا يېتەكلەيدىغان ئىنسان نەپسىنى ئېغىر - بېسىقلىقتا كۆندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

* روزا ئىسلامنىڭ بىر ئەركانى بولۇپ، ئۆزرىسىزلا ئېپتار قىلىش ئېغىر گۇناھ بولۇپ، ئۇنىڭ سالمىقىنى تۆۋەندىكى ھەدىس ئارقىلىقلا ئايدىڭلىتىپ بېرىش مۇمكىن:

ئەبۇ ھۇرەيرە زەرىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «كىمكى ئاللاھ يول قويغان بىرەر سەۋەب بولماي تۇرۇپ روزىسىنى بۇزسا، ئۆمۈر بويى روزا تۇتۇپمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ.» (ئەبۇ داۋۇد - 2397؛ تىرمىزىي - 723)

* يەنە شۇنىمۇ ئونۇتماسلىق كېرەككى، كىمكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە رامىزان روزىسىنى تۇتسا، كاتتا ئەجرگە ئېرىشىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىمكى رامىزان روزىسىنى چىن ئىمانى بىلەن ساۋابنى كۆزلەپ تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.» (بۇخارى 38؛مۇسلىم - 760) دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

* روزىنىڭ تېببىي، رۇھىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تەربىيەۋىي... دېگەندەك پايدا ۋە ھېكمەتلىرى شۇنچىلىك كۆپ ۋە كەڭ دائىرىلىككى، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن، ھەيران قالارلىقى شۇكى، بەزىلەر روزىنىڭ پايدىلىرى قاتارىدا«بايلار ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ - دە، يوقسۇللارنىڭ ئاچلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ پېقىرلارغا ئىلتىپات قىلىشىغا، ياردەم بېرىشىگە، سەدىقە ، خەير - ئېھسان قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. بۇ، روزىنىڭ پايدا ۋە ھېكمەتلىرى توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتكەن نۇرغۇن كىشىلەر سادىر قىلىۋاتقان بىر خاتالىقتۇر.

پېقىرلارنىڭ ھەققى بولغان زاكاتقا توسقۇنلۇق قىلغۇچىلارغا قارشى قۇشۇن تەييارلايدىغان، ئۇلارنى ئىسلامدىن چىققان «مۇرتەدلەر» دەپ ھېسابلايدىغان بىر دىن، بايلارنىڭ ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ، تۈيغۇلىرىنى يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش تەرەپكە يۈزلەندۈرۈشىنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ.

ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن «شۇنداقكەن، روزا يوقسۇللارغا نېمىشقا پەرز قىلىندى؟ ئۇنىڭ يىل بويى داۋاملاشقان ئاچلىقى يەتمىگەندەك، ئۇنىڭدىن نېمىشقا يەنە رامىزاننىڭ ئاچلىقىنى باشتىن كەچۈرۈشىنى تەلەپ قىلىمىز؟» دەپ سورىماي تۇرالمايمەن.

روزىنىڭ پايدا ۋە ھېكمەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنى يۇقىرىقى پايدىلارغا ئىلاۋە قىلىش بىھاجەتتۇر.

ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداشتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇنى بايلارغا ئوخشاش پېقىرلارمۇ تۇتىدۇ.

* روزا ھەققىدە باشقا مەسىلىلەرنىمۇ ئەسكە سالىدىغان يۇقىرىقى ئۆلگىلەرنى كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلىنىمەن. ■



مىركامىل كاشغەرىي

# ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» غا بولغان قارشى ۋە پاكىستان سىياسەتچىلىرىنىڭ خىيانىتى

يېقىندىن بۇيان پاكىستاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى خىتاينىڭ ياقتۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ئارقىمۇ ئارقىدىن دۈشمەنلەرچە باياناتلارنى ئېلان قىلماقتا. بۇ باياناتلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى «ئۈممەتنىڭ بىر پارچىسى» دەپ قارايدىغان دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سەرگۈز مۇسۇلمانلارنى قاتتىق ئۆكۈندۈرمەكتە ۋە ئۇلار بۇنىڭغا قارىتا «بىر ئىسلام دۆلىتىگە قەتئىي ياراشمايدىغان پوزىتسىيە» دەپ باھا بەرمەكتە.

خەۋەرلەردە ئېلان قىلىنىشىچە، پاكىستان پرېزىدېنتى مەمنۇن ھۈسەين 2015 - يىلى 16 - دېكابىردىكى خىتاي زىيارىتى جەريانىدا «ئارمىيەمىز پاكىستاندا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر مۇجاھىدلارنى پۈتۈنلەي تازىلاپ بولدى» دەپ بايانات ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن قاتتىق سۆيۈنۈپ كەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ پاكىستاندا ھايات قالغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

خىتايدا زىيارەتتە بولغان پاكىستان ئارمىيەسى دۆلەت ئالاقە ئىشلىرى دېرىكتورى گېنېرال ئاسىم سەلىم بەجۋامۇ خىتاينىڭ «يەر شارى» گېزىتىگە بەرگەن باياناتىدا، پاكىستاندا پاناھلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئىما قىلغان ھالدا، «خىتاينىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىمىز. خىتاينىڭ دۈشمەنلىرى بىزنىڭمۇ دۈشمەنلىرىمىزدۇر. خىتاينىڭ دۈشمەنلىرىنى يەنچىپ - چەيلەشتىن ۋە يوق قىلىشتىن قەتئىي چېكىنمەيمىز» دېگەن بولۇپ، پاكىستاننىڭ مەستەقىل دۆلەتلىكىگە ماس كەلمەيدىغان ۋە قەتئىي ياراشمايدىغان بۇ باياناتى ئېغىر تەنقىدكە ئۇچرىغان ئىدى.

ۋەھالەنكى، پاكىستان رەھبەرلىرى يوق قىلى-ۋاتقان ۋە يوق قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار، خىتاينىڭ دىنىي زۇلۇملىرىدىن قېچىپ، ئىسلامغا ئۇيغۇن شەكىلدە ھايات كەچۈرۈش ئارزۇسىدا، ئوخشاش بولمىغان يوللار ئارقىلىق پاكىستانغا كەلگەن ۋە خىتايغا

قايتۇرۇپ بېرىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاشكارا پاناھلىق تىلىيەلمىگەنلىكتىن، پاكىستاننىڭ قەبىلە رايونلىرىدا ھاياتلىرىنى قوغداشقا مەجبۇر بولغان غەيرىي رەسمىي پاناھلانغۇچى سالاھىيىتىگە ئىگە مۇسۇلمانلار ئىدى. شۇڭا خىتاينىڭ ئۇلارغا كىيدۈرمەكچى بولغان «تېررورلۇق» قالپىقى، پاكىستاندىن باشقا ھېچ بىر دۆلەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى. قوبۇل قىلغان دۆلەتلەرمۇ ئۇزۇنغا بارمايلا ئۇلارنى تېررورلۇق تىزىملىكىدىن چىقىرىپ تاشلىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۈگۈنگە قەدەر خىتايغا ياكى پاكىستانغا قارشى ھېچبىر قوراللىق ھۇجۇمى كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. خىتاينىڭ ئىلگىرى سۈرگەن ئەيىپلەشلىرىمۇ خەلقئارالىق ئۆلچەمگە چۈشمەيلا قالماستىن بەلكى تېخى يېتەرلىك پاكىتىمۇ يوق. بۈگۈنگىدىن باشقا يەنە خىتاي داۋاملىق دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئالدىدا ئەزۋەيلەپ كېلىۋاتقان ۋە 2001 - يىلىدىن بۇيان غايىب بولۇپ كەتكەن ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنىڭ پاكىستاندا مەۋجۇتلۇقىمۇ تېخىچە ئىسپاتلانغىنى يوق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ھازىرغا قەدەر يۈزلىگەن شەرقىي تۈركىستانلىق كۆچمەنلەرنىڭ پاكىستان ئارمىيەسى تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە يەنە يۈزلىگەن شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكى مەلۇم.

دەرۋەقە، پاكىستاننىڭ ئىسلامىي قېرىنداش-لىققا قەتئىي سىغمايدىغان، پەقەت ۋە پەقەت خىتايغا خۇشامەت قىلىشنىلا مەقسەت قىلغان بۇ خىل قىلمىش ۋە باياناتلىرى، بىرىنچى بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا يۈزگۈزۈۋاتقان مىسلىسىز زۇلۇملىرى ۋە پەۋقۇل-ئاددە تېز سۈرئەت بىلەن ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ياكى مەخپىي يوق قىلىش سىياسەتلىرى ئاستىدا جانلىرى بەدىلىگە مىللىي ۋە دىنىي قىممەت قاراشلىرىنى قوغداپ قېلىش كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مۇسۇلمان ئۇيغۇر تۈرك-لىرىنى قاتتىق ئۈركۈندۈرمەكتە. قەلبلىرىگە زەھەرلىك خەنجەر بولۇپ سانچىلماقتا.

مىڭلىغان يىللىق قوشنىسى، ئۆزئارا ئىنتايىن چوڭقۇر ئۇرۇغ - تۇغقانلىقلىرى ۋە مەدەنىيەت رىشتىلىرى بولغان، ئەڭ مۇھىمى، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى بولغان پاكىستاننىڭ بىر ئۇچۇم كاپىتالىستلىرىنىڭ خىتايدىكى مەنپەئەتىنى دەپلا، 25 مىليون شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى پۇرسەت تاپقان ھامانلا يەردە قۇربانلىق قوي ئورنىدا كۆرىشى قەلبلەردە ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان يارىلارغا يول ئاچماقتا. پاكىستاننىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا قاراتقان بۇ ناھەق پوزىتسىيەسى تۈركىيە ۋە ئەزەربەيجان قاتارلىق تۈرك ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى ۋىجدانلىق يازغۇچى، ژۇرنالىستلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا ئۇچرىماقتا. تېلېۋىزىيە پروگراملىرى ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈلمەكتە.

تۈركىيەلىك ژۇرنالىست يۈجەل تۈنجاي ئەپەندى بۇ ھەقتىكى ماقالىسىدا، «بۈگۈندىن كېيىن پاكىستان مېنىڭ نەزىرىمدە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئەمەس، خىتايغا خىزمەت قىلىدىغان ۋە خىتاي نېمە دېسە شۇنىڭغا ماقۇل دېيىشنىلا بىلىدىغان خىتاينىڭ قول چوماقچىسىدۇر، خىتايغا تەۋە قورچاق بىر ھاكىمىيەتتۇر. خىتاي بىلەن پاكىستاننى ھىندىستانغا ئورتاق دۈشمەن قىلغان ۋە ھىندىستانغا قارشى بىرلەشتۈرگەن ئامىل

نېمە بىلەمسىلەر؟ پاكىستاننىڭ ئېزىلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىدا ئەمەس، زالىملارنىڭ يېنىدا ئورۇن ئېلىشىنى تاللىغانلىقىدۇر.

ئى غاپىللار! شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭلاركى، ھىندىستان شۇنچە چوڭ يېتەرسىزلىكلىرىگە قارىماستىن خىتايدا زۇلۇم چەككەن ۋە بېسىمغا ئۇچرىغان تىبەتلىك، شەرقىي تۈركىستانلىق ھەمدە ئىچكى موڭغۇلىيەلىك مىڭلىغان پاناھلانغۇچىلارغا قۇچاق ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرىنى قوللىدى. سىلەر «كاپىر» دەيدىغان بۇ ھىندىستان دۆلىتى سىلەرگە ئوخشاش دىنىي قېرىنداشلىرىنى خىتايغا ساتمىدى» دېگەن سۆزلىرى بىلەن پاكىستاننى ئېغىر دەرىجىدە تەنقىد قىلدى.[1]

پاكىستاننىڭ ھازىرقى دەۋر ئاتاقلىق يازغۇچى-لىرىدىن فاراز تەلئەت ئەپەندىمۇ پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قاراتقان سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، پاكىستاننىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق گېزىتلىرىدىن بىرى بولغان «شاپاق گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «كوممۇنىست خىتاينىڭ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكى ۋە پاكىستاننىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىشى» ناملىق ماقالىسىدە، ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن تارىخىي قەشقەر شەھىرىدە بىر كىشىنىڭ ساقال قويغانلىقى ۋە ئايالىنىڭ رومالنى ئالماسلىقتا چىڭ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىنلا ئېغىر قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئەسلىتىپ، «پاكىستان ھۆكۈمىتى غەربتىكى ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىك ھەرىكىتىنى شۇنچە قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. يۇ، نېمە ئۈچۈن كوممۇنىست خىتاينىڭ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكىنى كۆرمەسكە سالىدۇ؟ بۇ پۈتۈنلەي ئىككى يۈزلىمىلىك بىر پوزىتسىيە. بۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ يازغان بولۇپ، ئۇ ماقالىسىدا يەنە مۇنداق دېگەن ئىدى:

دەرۋەقە، فاراز تەلئەت ئەپەندى دېگەندەك ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئازادلىق ئېڭىنى ئويغىتىپ، ئىنگلىز مۇستەملىكىسىگە قارشى مۇستەقىللىق تەپەككۇرىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق پاكىستاننىڭ قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلغان، پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەنىۋى قۇرغۇچىسى، پىكرىي داھىسى، ئىسلام مۇتەپەككۇرى ۋە مىللىي شائىرى ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئازادلىق كۈرەشلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ يازغان شېئىرلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاينىڭ ئەمەس، بەلكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ۋە شەرقتىكى ئەڭ مۇھىم قەلئەسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇنىڭ:

«بىر بولسۇن مۇسۇلمانلار ھەرەمنى قوغداش ئۈچۈن،
نىل ساھىلىدىن تارتىپ قەشقەر تۇپراقلىرىغىچە»[2]

دېگەن بۇ شېئىردا بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال يالغۇز ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ

بىرلىكىنى، ئۈممەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي تەۋھىدنى قايتىدىن بەرپا قىلىشنىڭ غېمىدە كېچە - كۈندۈز ئوت بولۇپ يانىدىغان ئۇلۇغ ئالىم ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن «ئىسلام دۇنياسىنىڭ غەربتىكى ئەڭ مۇھىم قەلئەسى» دەپ قارىغان تۈركىيە (يەنى ئوسمانلى خەلىپىلىكى) نىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى توسۇپ قىلىشقا قولىدىن كېلىشىچە كۈچ چىقىرىپ، چاناققەلئە ئۇرۇشىغا ياردەم توپلاش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك باشلاپ، نۇرغۇن قېتىم مەخسۇس كونفېرانسلارنى چاقىرىش ئارقىلىق بىر يېرىم مىليون ستېرلىڭ توپلاپ، تۈركىيەگە ئەۋەتكەن بولسا،[3] يەنە بىر تەرەپتىن «ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى مۇھىم قەلئەسى» دەپ قارىغان شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، ئۇلار ھەققىدە مەلۇماتلارنى ئىگىلەشكە تىرىشاتتى. ھىندىستان خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان تونۇشىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن شېئىر، لېكسىيەلىرىدە مەخسۇس تىلغا ئېلىپلا قالماستىن، ھەتتا مەخسۇس بايانات ۋە ئاخباراتلانى ئېلان قىلغان ئىدى. تارىختا ئىسلام دۇنياسىغا نىسبەتەن «ئىككىنچى بۇخارا» دەپمۇ نام ئالغان قەشقەرگە (ياكى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى قەشقەر)گە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. خوتەن خەلقىنىڭ خىتاي ئىشغالىيىتىگە قارشى باش كۆتۈرگەن مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنى ئۆزىنىڭ پارىسچە يېزىلغان «پەيامى مەشرىق» ناملىق ئەسىرىدە ئالاھىدە تىلغا ئالغان ۋە:

«ۋەتىنىڭنىڭ يېرىك قۇملىرى
سېنىڭ پۇتۇڭغا گويا ياسمىندۇر ئى خوتەن!
كىيىكلىرىڭگە ئوخشاش لەرزان يولۇڭنى داۋام قىل!
تېخىمۇ تېزراق قەدەم تاشلا!
مەنزىلىمىز تولىمۇ يېقىندۇر!»[4]

دېگەن شېئىرلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرىغا جاسارەت بېرىپلا قالماستىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازادلىقىنى ئۆز غايىسى ۋە ئۆزىنىڭ نىشانى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا شۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلگەنكى، نۇرغۇنلىغان چاغلاردا شەرقىي تۈركىستان تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئەينى چاغدىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئانالىزلارنى ئېلىپ بارغان، باياناتلارنى ئېلان قىلغان ئىدى. ھەتتا 1933 - يىلى 12 - نويابىردا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىسان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قايتىدىن خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىگە دۇچار بولغاندىن كېيىن ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ داستانلاشقان مۇجاھىد رەھبىرى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىم[5] بىلەن لاھۇردا كۆرۈشۈپ، ئۇزۇنغىچە پىكىر ئالماشتۇرغان ئىدى.

نۆۋەتتىكى پاكىستان سىياسىيونلىرىنىڭ يالغۇز شەرقىي تۈركىستانلىقلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچى داھىيلىرى ۋە پىكىر ئاتىلىرىغا قانداقلارچە خىيانەت قىلىۋاتقانلىقىنى تولۇق كۆرۈپ چىقىشىمىز ئۈچۈن، قېنى ئەمىسە ئالدى بىلەن پاكىستاننىڭ پىكىر ئاتىسى،

ئاتاقلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىغا قاراپ چىقايلى!

## مۇھەممەد ئىقبالنىڭ ھاياتى ۋە پىكىرلىرى

پروفېسسور، دوكتور ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال ياۋروپا ۋە غەرب دۇنياسىدا «شەرق شائىرى»، «شەرق مۇتەپەككۇرى» دەپ تونۇلىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا بولسا، «قۇرئان شائىرى، ئىسلام شائىرى، ئىسلام مۇتەپەككۇرى، پاكىستاننىڭ مەنىۋي قۇرغۇچىسى، يېقىنقى دەۋر ئىسلام ئويغىنىشىنىڭ ئەڭ ئاۋانگارت بايراقدارى» دېگەن سۈپەتلەر بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ھەتتا غەرب دۇنياسىدىن تارتىپ پاكىستان، مىسىر قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ بەزى ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە ئەللامە ئىقبالنىڭ پىكىر - قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان دوكتورلۇق ۋە ماگىستىرلىق بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنغانلىقى ھەمدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇشۇ ساھە بويىچە دوكتورلۇق ۋە ماگىستىرلىق ئۇنۋانلىرىغا ئېرىشكەنلىكى مەلۇم. پاكىستاندىمۇ ئۇنىڭ نامىدا ئېچىلغان ئۇنىۋېرسىتېت ۋە كۇتۇپخانىلار نۇرغۇن. ئەمما ۋەتىنىمىزدە بولسا بىز ئۇنى پەقەت پاكىستان شائىرى دەپلا بىلىمىز. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېخىچە ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنمىغانلىقى، ئۇنىڭ پىكىرلىرى ۋە ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ تونۇشمىغانلىقى دەپ كۆرسەتسەك بولىدۇ. مەن كېچىك ۋاقتىمدا قەشقەردە «جاھاندىكى مەشھۇر شەخسلەر» دېگەن بىر كىتاپنا ئەللامە ئىقبالنىڭ 3 - 4 بەتلىك قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ئوقۇغىنىم يادىمدا.

مۇھەممەد ئىقبال 1873 - يىلى ھىندىستانغا قاراشلىق (ھازىر پاكىستانغا قارايدۇ) پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ سىيالكوت شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىلا دادىسىنىڭ «قۇرئاننى ياخشى چۈشىنەي دېسەڭ، خۇددى ساڭا نازىل قىلىنىۋاتقان كەيپىياتتا ئوقۇ» دېگەن نەسىھەتىنىڭ تەسىرىدە ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن قۇرئان ياد ئالغان، ئاندىن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىسلام ئەدەبىياتىنى بېرىلىپ ئوقۇغان. ئۇ ئالىي مائارىپنى تاماملىغاندىن كېيىن شەرق تىللىرى فاكولتېتىدا ئوقۇتقىچىلىققا تەيىنلەنگەن. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ ئەنگلىيەگە بېرىپ 1905 - يىلى كامبىرج ئۇنىۋېرسىتېتىدە پەلسەپە ۋە ئىقتىساد بۆلۈمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان.

## مۇھەممەد ئىقبالنىڭ ئەسەرلىرى ۋە پىكىرلىرى

ئىقبال ئەسلىدە لاھۇردىكى چېغىدىلا شېئىر يېزىشنى باشلىغان بولۇپ، ئەنگلىيەدىمۇ شېئىر ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ھەممىگە تونۇلغان ۋە لوندوندا مەلۇم مەزگىلگىچە ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكولتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىقمۇ قىلغان. بۇ جەرياندا يەنە كۆپ قېتىم ئىسلامىي كونفېرانسلارنى چاقىرىپ، ئىلمىي لېكسىيەلەرنى سۆزلىگەن. لوندوندا تۇرۇش جەريانىدا يەنە

بىر تەرەپتىن قانۇن فاكولتېتىنىمۇ پۈتكۈزۈپ، سودىيەلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئاندىن مىيۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەلسەپەدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئۇقۇش ئۇچۇن گېرمانىيەگە يۆتكەلگەن. ئۇنىڭ «ئىسلام پەلسەپىسىگە بىر ھەسسە» ناملىق تەتقىقات خاراكتېرلىك ئەسىرى دەل شۇ مەزگىلدە نەشىر قىلىنغان. بۇ ئۇنىڭ پەلسەپە ساھەسىدە يازغان تۇنجى ئەسىرى بولۇپ، تاكى شۇ ساھە بويىچە ئىككىنچى ئەسىرى نەشىر قىلىنغانغا قەدەر شەرقشۇناسلىقتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى يوقاتماق ساقلاپ كەلگەن.

ئۇنىڭ 1908 - يىلى ھىندىستانغا قايتقان ۋاقتى دەل ئىستانبۇلدا ئىككىنچى مەشرۇتىيەت ئېلان قىلىنىپ خەلىپىلىك ئاغدۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ۋە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى قاتتىق تېڭىرقاش ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان دەۋرلەرگە توغرا كەلگەن بولغاچقا ئۇنىڭ ئاساسلىق پىكرى ئىسلام ئۈممىتىنى بۇ بۇھراندىن قانداق قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بولغان. ئىسلام دۇنياسىنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئويلىغانلىرى ۋە ئۆزىگە خاس پىكىرلىرى بولغاچقا سىياسەتنى «ئەمگەك قىلىش، غۇرۇر ۋە شان - شەرەپكە دەۋەت قىلىش» دەپ تەرىپلەپ، ئاكتىپ سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ھىندىستانغا كېلىپلا ئەدەبىي خىزمەتلىرىنى باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى مۇسۇلمان مۇجاھىدلارغا ئاتاپ يازغان شېئىرلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىگە قارشى قوزغىلىشىدا ۋە ئاخىرىدا پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەڭ مۇھىم ئىدېئولوگىيەلىك رول ئوينىغان.

جاۋىد نامە («مەڭگۈنامە») ياكى «جاۋىدقا مەكتۇپ»[6])، پەيامى مەشرىق (شەرقنىڭ قوزغىلىشى)، زەبۇرى ئەجەم (ئەجەم زەبۇرى)، ئىسلامدا دىنى تەپەككۇرنىڭ قايتىدىن شەكىللىنىشى، ئەسرارى خۇدى (ئۆزلۈكنىڭ سىرى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن بىر تەرەپتىن يېڭى بىر ئىنسان ئوبرازىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋىي قۇرۇلۇشىنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى ۋە سەگەك بىر خەلق توپى يەنى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

ئۇنىڭ «ئىسلامدا دىنى تەپەككۇرنىڭ قايتىدىن شەكىللىنىشى» ناملىق ئەسىرى، پۈتۈن ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى تەجرىبىلىرىنىڭ سەمەرىسى بولغان ئاجايىپ نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەسەرلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ شەكىلۋازلىقىغا ۋە ھەقىقىي ئىسلام روھىدىن ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا پەريات قىلىپ:

ئىمانى بىئارام،
نامىزىدا ئىشتىياق يوق،
تاشلا ئۇنداق ئىماننى،
تاشلا ئۇنداق نامازنى.

دېگەن سادالىرىنى ياڭرىتىش ئارقىلىق خۇددى ئابدۇھقا ئوخشاش بىر ئىنقىلابنى ئىستەي- دىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەن، مىللەت، ئىسلام ۋە ئۈممەتنىڭ نېمە دەرتتە ئىكەنلىكى بىلەن كارى يوق، ناماز ۋە ئىماننىڭ تاشقى شەكلىگە ئېسىلىۋېلىپ، ئىچكى روھىدىن مەھرۇم قىلىۋاتقانلىقىغا قارشى چۇقان ياڭراتقان.

جەمشىتنىڭ قەدىھى ھازىرمۇ قوللاردا پارلاۋاتىدۇ.
ئەمدى شىشە ئويۇنغىلا ئايلاندى ھاكىمىيەت،
بۇنداق ھالدىكى بىر ئىسلام دىيارى ئۈچۈن
ئەڭ مۇھىم ئىش ئىسلاھاتتۇر، ئىسلاھات.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ئۆزىنى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشقا ئاتىغانلىقىنى، چۈنكى خەلقنىڭ ئىسلام ئېڭىنى ئىسلاھ قىلماي، ئۇلارنى ئىسلامنىڭ ھەقىقىي روھىغا يۈركەپ، نەپسانىيەتچىلىكتىن قۇتقۇزماي تۇرۇپ خار - زەبۇنلۇق ئازىسىدىن نىجاتلىق يولى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاتاقلىق جەمئىيەتشۇناس دوكتۇر ئەلى شەرىئەتى مۇھەممەد ئىقبالغا باھا بېرىپ مۇنداق دەپ يازغان:

«ئەقلىي ۋە پەلسەپىۋي پىكىرلىرى ئۇنى شېئىرىيەتنىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىدىن مەھرۇم قىلمىدى. شۇنىڭدەك شېئىرىيەتنىڭ يۈزەكىلىكىمۇ ئۇنى چوڭقۇر پەلسەپىۋي تەپەككۇرلاردىن ئايرىپ قويمىدى. دىنىي ئېتىقادى ئۇنى كونسىرۋاتىپلىقا سۆرىمىگەنگە ئوخشاش، ئوچۇق دۇنيا قارىشىمۇ ئۇنىڭ ئىمانىنى قەلبىدىن يۇلۇپ ئالالمىدى. سىياسەت ئۇنى يېڭى ھادىسىلەر رامكىسىغا سولاپ قويالمىدى. ئىلىم، ئىرفان روھىنى ۋە تۇيغۇلىرىنى كۆككە كۆتۈرگىنىدە، خەلقنىڭ تەتۈر پىشانىسىنىڭ سىياسەتكە يۆنىلىش بەلگىلىشىدىن ئىبارەت تەتۈر قىسمەتنى بىر مىنۇتمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدى. قىسقىسى، ئۇ مەۋلانا جالالىدىن رۇمىغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىدىغان، ناسىر خۇسراۋغا ئوخشاش ئىمان شېئىرلىرىنى يازىدىغان، سەييىد جامالغا ئوخشاش مۇسۇلمان خەلقلەرنى ئىشغالىيەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدا تىنىمسىز ئۇرۇش قىلىدىغان، تاگورغا ئوخشاش مەدەنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى مۇتلەق ئەقىلگە چوقۇنۇپ قىلىش پاجىئەسىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا كۈرەش قىلىدىغان بىر زات ئىدى»[7]

يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا «ئىمانلىق بولۇش دېگەنلىك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش خېيىم - خەتەر ئىچىدە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن مەردانە قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇھەممەد ئىقبال ھەم مائارىپشۇناس ھەم ئىنقىلابچى ھەم شائىر بولۇپ، 20 - ئەسىردىكى ئەڭ ئىلغار ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىمالىي ئافرىقىدىن، مىسىردىن، ئىراندىن ۋە تۈركىيەدىن يۈكسەلگەن ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ئېقىمىنىڭ ئەڭ ئاۋانگارت بايراقدارلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئۇنى ئەڭ ئۆكۈندۈرگەن ئىش، خەلىپىلىكنىڭ يىقىلىشى بىلەن ئىرقىۋازلىق مىكروپلىرىدا زەھەرلەنگەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ پارچە - پارچە بۆلۈنۈپ، بىر - بىرلەپ تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن بىرلىك ۋە قېرىنداشلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن دىنىي قېرىنداشلىقنى كۆپ تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە بۇنداق مىللەتلەر ئۈستى بىرلىك ۋە قېرىنداشلىقنى بەرپا قىلىش پەقەت ئىسلام

ئارقىلىقلا مۇمكىن ئىدى. ئىسلامىي قېرىنداشلىق ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى بەرپا قىلماي تۇرۇپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ غەرب ۋە شەرق تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تەسەۋۋۇرىمۇ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئۆز ئەتراپىدا بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالايدىغان ۋە ئۆتمۈشتىكى شان - شەرىپىگە سازاۋەر قىلالايدىغان ئۈلگىلىك ئىسلام دۆلىتىدىن بىرنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىگە قارشى كۈرەشنى ئېتىقاد بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، «پاكىستاننىڭ مەنىسى نېمە؟ لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن شوئار ئەتراپىغا ھىندىستاندىكى ھەر قايسى مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى توپلىيالىغان ئىدى.

گەرچە ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمەي، پاكىستان قۇرۇلۇشتىن 9 يىل ئىلگىرى يەنى 1938 - يىلى 21 - ئاپرېلدا دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئەمما پاكىستان پارلامېنت بىناسىنىڭ ئۈستىگە «پاكىستاننىڭ مەنىسى نېمە؟ لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن شوئار يېزىلغان ۋە «پاكىستاننىڭ دۆلەت ئاساسىي قانۇنى قۇرئان ۋە ھەدىستۇر» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن بىر ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەنىۋى داھىسى ۋە مەنىۋى قۇرغۇچىسى سۈپىتىدە ھەردائىم ھۆرمەت بىلەن خاتىرلىنىپ كەلمەكتە.

## مۇھەممەد ئىقبالنىڭ شېئىرلىرىدىكى غايىۋى شەھەر «كاشغەر»

ئەمدى ئۇنىڭ «كاشغەر» تىلغا ئېلىنغان داڭلىق شېئىرىغا كەلسەك، ئۇ شېئىرىدىمۇ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىرلىك ۋە قېرىنداشلىق روھىنى پەقەت ئىسلام ئارقىلىقلا بەرپا قىلغىلى بولىدىغانلىقى، ئىسلامنىڭ قانداقتۇر پەقەتلا ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىشنى تەرغىب قىلماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىرقىي ۋە مىللىي نۇقتىئىنەزەرلەردىن ئۈستۈن خالىس ئادىمىيلىك ۋىجدان ئېڭىنى پەيدا قىلالايدىغان بىر تەدرىجىي ئىنقىلابنى بەرپا قىلىشنىمۇ نىشان قىلىدىغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان. مەسىلەن:

مىللەت رىشتىسى ۋە ئىنتىزامى شەرقنىڭ نىجاتلىق نۇرىدۇر
پەقەتلا ئاسىيالىقلار بىخەۋەر بۇ ھەقىقەتتىن تېخىچە.

بىر بولسۇن مۇسۇلمانلار ھەرەمنى قوغداش ئۈچۈن
نىل ساھىلىدىن تارتىپ تاكى كاشغەر تۇپراقلىرىغىچە.

ئەگەر مۇسۇلماننىڭ ئىرقىي كىملىكى دىنىدىن ئۈستۈن كەلسە،
خۇددى توپا - توزاندەك دۇنيادىن توزۇيدۇ مەڭگۈگىچە.

دېگەن بۇ مىسرالىردىمۇ كونسىرۋاتىپ مىللەتچىلىكنىڭ يەنى تىل، ئىرق، رەڭ ۋە جۇغراپىيىۋى ئوخشىماسلىقلار ئۈستىگە قۇرۇلغان تار مىللەتچىلىكنىڭ مۇسۇلمانلارنى پارچىلاپ يوقىتىش ئۈچۈن غەربنىڭ ئوتتۇرىغا تاشلىغان ئەڭ مۇھىم ھىلىسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ھىلە - نەيرەڭگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسى دەل شۇنىڭ ئەكسىچە روھ، ئىدىيە ۋە نەزەرىيەنى ئاساس قىلغان مىللىيلىشىش ئىكەنلىكىنى، شۇنداق قىلغاندىلا ئىسلام دۇنياسىنىڭ يوقىتىپ قويغان شان - شەرىپىنى قايتىدىن تىكلىيەلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بۇ شېئىر ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىكى نۇقتىسىدىن ئىقبالنىڭ ئەڭ ئۈلگىلىك ۋە ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىرى بولغاچقا، تا ھازىرغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتىلىدۇ. ھازىرمۇ پاكىستان ۋە ھىندىستاندا قانداقلا چاغدا ئۈممەتنىڭ ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىكىدىن سۆز ئېچىلسا، مۇشۇ شېئىر ئوقۇلماي قالمايدۇ. ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىن ۋە پائالىيەتلەرگە «بىر بولسۇن مۇسۇلمانلار ھەرەمنى قوغداش ئۈچۈن. نىل ساھىلىدىن تارتىپ تاكى كاشغەر تۇپراقلىرىغىچە» دېگەن مۇشۇ مىسرالار باش تېما قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مانا بۇ ۋەجىدىن ھىندىستان، پاكىستان، بىنگال، جۈملىدىن پۈتۈن جەنۇبىي ئاسىيادا، «كاشغەر»نىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇلۇشىغا ئاجايىپ چوڭ رول ئوينىغان دېيەلەيمىز. شۇڭا ھازىرقى چاغدا شەرقىي تۈركىستان دېسە بىلمەيدىغان پاكىستانلىقلار ۋە ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلارمۇ «كاشغەر» دېسە دەرھال بىلىدۇ ۋە بۇ مەشھۇر شېئىرنى ئەسكە ئالىدۇ. بۇ شېئىرنى مۇلاھىزە قىلغاندىمۇ مۇھەممەد ئىقبالنىڭ شۇ دەۋردىكى قەشقەر ۋەزىيىتىدىن ھەقىقەتەنمۇ تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەر خىل قاراشلىرىمۇ بار. شېئىردىكى «نىل ساھىلىدىن تارتىپ كاشغەر تۇپراقلىرىغىچە» دېگەن مىسرادا تاللانغان سۆزلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى، ئىچكى ماھىيىتى ۋە شۇ دەۋر شارائىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كەڭ دائىرىلىك مۇلاھىزە قىلىدىغان پاكىستانلىق ئۇستازلار بىلەنمۇ ئۇچراشقان ئىدىم.

ئۇلار «ئىقبال نېمە ئۈچۈن ‹نىل ساھىلىدىن تارتىپ كاشغەرغىچە› ياكى ‹قاھىرەدىن كاشغەرغىچە› دەپ ئىشلەتمەي، سۆزلۈكلەرنى شۇنچە زورلىغان ھالدا ‹نىل ساھىلىدىن تارتىپ كاشغەر توپراقلىرىغىچە› دەپ ئىشلەتكەن؟ بۇنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىش لازىم. چۈنكى ئەينى چاغدا مىسىر ئىسلام مائارىپىنىڭ مەركىزىلا ئەمەس، بەلكى ھىندىستان، ماراكەش، تۇنىس، ئىران قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان يېڭى دەۋر ئىسلامچىلىق ئىدېئولوگىيە ئېقىمىنىڭ مەركىزى ئىدى. شۇڭا شېئىردىكى نىل دەرياسى ئىسلامچىلىق ئىدېئولوگىيە ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلسا، قەشقەرنىڭ قۇرغاق تۇپراقلىرى، ئەينى چاغدىكى قەشقەرنىڭ دەل ئەنە شۇ ئىدېئولوگىيەلىك ئويغىنىشقا تەشنا ئىكەنلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دېمەك پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى قايتىدىن ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئەسلىگە قايتقان ئەھۋالدىلا ھەرەمنى يەنى ئىسلام دىنىنى، شۇنداقلا پۈتۈن ئۈممەتنىڭ بىردەكلىكىنى قايتىدىن بەرپا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان» دەپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىقبالنىڭ شېئىرلار توپلىمىدا «مىسكى خوتەن» دېگەن سۆزنىڭمۇ بىر قانچە يەردە ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنى «ئەينى چاغدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ۋە خەلقىدىن خەۋىرى بار ھەمدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ غىمىنى يېگەندە بىزنىڭمۇ غىمىمىزنى يېيىشنى قەتئىي ئۇنتۇمىغان بىر شائىر» دېيەلەيمىز.

## ئەللامە ئىقبال بىلەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىمنىڭ ئۇچرىشىشى

1930 - يىللىرى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا باش كۆتۈرگەن ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەر- لىرىدىن خوتەن فرونتى باش قوماندانى ۋە 1933 - يىلى 12 - نويابىردا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرغۇچى رەھبەرلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا دىنىي ئالىم، شائىر، يازغۇچى، تارىخشۇناس ۋە ئۇلۇغ دۆلەت ئەربابى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىم 1958 - يىلى 27 - ئاپرېلدا پاكىستاننىڭ لاھور شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەللامە ئىقبالنى خاتىرىلەش يىغىنىغا مەخسۇس تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ ئوردۇ تىلىدا نۇتۇق سۆزلىگەن ۋە ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇچرىشىشلىرىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ئىدى:

تۆۋەندە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىمنىڭ شۇ يىغىندا سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئۆز پېتى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز:

## لاھور شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئەللامە ئىقبالنى خاتىرىلەش يىغىنى»

ئىقبال بىلەن بىر تۈركىستانلىق كۆچمەن[8]

1958/4/27

ھۆرمەتلىك رەئىسلىرىم ۋە مۆھتەرەم يىغىن قاتناشقۇچىلىرى! مەرھۇم ئەللامە مۇھەمەد ئىقبالنى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا قاتناشقاتلىقىمدىن ھېس قىلىۋاتقان شاتلىقىم چەكسىزدۇر.

مەن ئوردۇچە ئانچە ياخشى سۆز قىلالماس- لىقىم مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ سىلەرگە يەنىلا ئوردۇچە نۇتۇق سۆزلەشنى لايىق تاپتىم. چۈنكى پاكىستانلىق مەلۇم بىر شائىرنىڭ «زابانى يارىمەن تۈركى، ۋە مەن تۈركى نەمىدانەم» «سۆيگۈنىمنىڭ تىلى تۈركچە، ئەمما مەن تۈركچە بىلمەيمەن» دېگەن شېئىرىنىڭ نىشانى بولۇپ قىلىشنى خالايمايمەن.

مەرھۇم ئۇستاز ئەللامە ئىقبالنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئىسلام دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىش نەزىرىيەسىنىڭ نەقەدەر توغرا ۋە زۆرۈر بولغان بىر ئىسلاھات يولى ئىكەنلىكى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ نەزىرىدە كۈنسېرى تېخىمۇ روشەنلەشمەكتە. چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى بويىچە ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەن ھەقىقىي ئىسلام نەزىيەسى، مىللەت نەزىرىيەسى، ۋەتەن نەزىرىيەسى، ماددى ۋە مەنىۋى تۇرمۇش نەزىرىيەسى، گەرچە بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىن نەزرىيەلەر» دەپ قارالسىمۇ، ئەمما مېنىڭ قارىشىمچە مۇسۇلمانلار ئىقبالنىڭ

هاياتقا بولغان قاراشلىرىنى ئۆزلەشتۈرمەي تۇرۇپ ۋە ئىجتىمائىي هاياتىنى ئۇنىڭغا كۆرە رەتكە سالماي تۇرۇپ، بوگۈنكى دەۋردىكى بوھرانلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالمايدۇ.

بۇ يىللىق ئىسلام دۇنياسى ساياھىتىم جەرياندىكى كۆزدىن كەچۈرگەنلىرىمگە ئاساسەن، ئىقبالنىڭ پىكرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋاتقانلارنىڭ سانى ئىنتايىن تېز ئاشماقتا دېيەلەيمەن. ئەڭ كۈچلۈك ئۈمىدىم شۇكى، بۇ ئالىي نەزىرىيە ھامان بىر كۈنى ئەمەلىيلىشىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئەللامە ئىقبالنىڭ ئىسلام تارىخىدا ئەبەدىيلىشكەن كاتتا بايلىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەن بۇ يەردە ئەللامە ئىقبال بىلەن كۆرۈشكەن چېغىمدا ھاسىل بولغان خۇسۇسىي قاراشلىرىم ۋە بىزنىڭ ئازادلىق كۈرىشىمىزنىڭ ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋردە ئەللامە ئىقبالنىڭ يولىمىزغا قانداق نۇرلۇق چىراغلارنى ياغقانلىقىنى سىلەرگە قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

شەرقىي تۈركىستاندا 1931 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان ئازادلىق ئۇرۇشىمىز قانخور رۇسىيەنىڭ ئارىلىشىشۋىلىشى تۈپەيلىدىن ئۆز ئىزىدا توختاپ قالدى ۋە مىللىي قىسىملىرىمىز تارقىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھىندىستاندىن پاناھلىق تىلىدىم. بۇ جەرياندا لاھورغا كېلىپ مەرھۇم ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال بىلەن كۆرۈشتۈم. ھىجرىتىم جەرياندا ھىمالايا تاغلىرىدىن ئۆتۈۋېتىپ يازغان بىر ئەرەبچە شېئىرىمنى ئۇستاز ئىقبالغا تەقدىم قىلدىم.

ئى ھىمالايا! تۇر ئورنىڭدىن ياردەم قىل بىزگە!
بىشىمىزغا بالا ئېلىپ كەلگەن زامانغا قارشى.
چۈنكى سەن بىزنىڭ ئانىمىزسەن، مەڭگۈگىچە شۇنداقسەن،
بىز سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ، ئى قەھرىمانلارنىڭ ئانىسى!

(مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ـ 1934)

دېگەن بۇ شېئىرىمنى ئوقۇپ ئۇستاز ئىقبال ئىنتايىن تەسىرلەندى. ماڭا ئىنتايىن كۆيۈمچانلىق بىلەن تەسەللىلەرنى بەردى. ئازادلىق كۈرىشىمىزدە چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىزدىن خۇش خەۋەرلەرنى بەردى.

(نۇتۇق جەرياندا ئىقبالنىڭ باشقا نۇرغۇن ئېسىل نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرلىرىنى يېغىن ئىشتىراكچىلىرى بىلەن بىرلىكتە خاتىرىلەپ ئۆتۈش تولىمۇ ياخشى بولغۇدەك، دەپ ئويلىدىم ۋە مەرھۇم ئەللامە ئىقبالنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەسەرلىرىگە چېچىلغان بىزگە مۇناسىۋەتلىك شېئىر دۇردانىلىرىدىن بەزىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتۈم)

ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال ماڭا نەسىھەت ۋە تەۋسىيەلەرنى قىلغاندىن كېيىن «پەيامى مەشرىق» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىن بىر توم ھەدىيە قىلدى. مەن كىتابنى ئېلىپ دەرھال ئاچتىم، تۇنجى بولۇپ كۆزۈمگە چېلىققان شېئىر «ھىجاز

تۈگىچىسىنىڭ ناخشىسى» ناملىق قەسىدىسىدە ئورۇن ئالغان مۇنۇ شېئىرى ئىدى.

«ۋەتىنىڭنىڭ يېرىك قۇملىرى
سېنىڭ پۇتۇڭغا گويا ياسىمىندۇر ئى خوتەن!
كېيىنكىلىرىڭگە ئوخشاش لەرزان يولۇڭنى داۋام قىل!
تېخىمۇ تېز قەدەم تاشلا! مەنزىلىمىز تولىمۇ يېقىن!»

كىتابنى تۈنجى ۋاراقلىشىمدىلا كۆزۈمگە چېلىققان بۇ شېئىر مەندە كۈتۈلمىگەن بىر ھاياجان ياراتتى. شېئىردا مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن خوتەن شەھىرىنىڭ ئىسمى خىتاب قىلىنماقتا ئىدى. ۋەتىنىنى سۆيىدىغان كىشىگە نىسبەتەن ۋەتەنىنىڭ يېرىك قۇملىرىنىڭ خۇددى يۇمشاق ياسىمىن گۈلىگە ئوخشاش تەسۋىرلىنىشى بىلەن ئاخىرى ئىشقا ئاشىدىغان نىشانىنىڭ يېقىنلىقى ھەققىدىكى خۇشخەۋەر مۇجەسسەملىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ شېئىرنى ئوقۇپ قانداق چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمۈلگىنىمنى سىلەرمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايسىلەر. بىراق، ھازىر شۇنى ئەپسۇسلانغان ھالدا قىستۇرۇپ ئۆتەيكى، بۇ ئۇچرىشىشتىن بىر قانچە كۈن كېيىن مەن ھىندىستاننى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن مەرھۇم ئەللامە ئىقبالنى قايتا زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدىم.

بۇ يەردە ئىقبالنىڭ مۇستەملىكە ئاستىدا قالغان تۈركىي خەلقلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئالىي قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن بىر قانچە شېئىرىنى ئوقۇپ ئۆتمەكچىمەن.

ئۇستاز ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال «تۈركلۈكنىڭ چۈشى (ئارزۇسى)» ناملىق شېئىرىدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە مۇبتىلا بولغان ئېچىنىشلىق ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى مۇنداق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

«تۈركلۈكنىڭ چۈشى (ئارزۇسى)»
نۇرغۇنلىغان جەينامازلىق ۋە سەللىلىكلەر قاراقچىلىق قىلىۋاتىدۇ،
نۇرغۇنلىغان خىرىستىيان ئەۋلادلىرى ئاچ كۆزلۈك قىلىۋاتىدۇ،
نەتىجىدە، دىن ۋەمىللەتنىڭ كىيىملىرى پارچە - پارچە يىرتىلىۋاتىدۇ،
ۋەتەن ۋە دۆلەتنىڭ تونى پارچە - پارچە تىتىلىپ كېتىۋاتىدۇ،
تۈركلۈك ناخشىسى ئوقۇلۇۋاتىدۇ.
مېنىڭ قولۇمدا پەقەت مۇسۇلمانلىقلا قالدى.
بۇ نۇرمۇ ئۇستىگە چۈشكەن ئەخلەت - چاۋالار ئارىسىدا ئۆچۈپ قالمىسا بولاتتى.
سەمەرقەنت ۋە بۇخارا (تۈركىستان) زېمىنى قورشاۋدا قالماقتا....
تۈركلۈك ناخشىسى ئوقۇلۇۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتراپىمغا، قانچە ئۈزاقلارغىچە باقساممۇ يەنە خەتەر ھالقىسى.
تۈيۇقسىز سەمەرقەنت زېمىنى يېرىلدى
ۋە تېمۇرنىڭ مازىرىدىن بىر نۇر ئۆرلەپ چىقتى...
بۇ نۇرنىڭ ئاپئاق جىلۋىسىگە شەپەق رەڭگى ئارىلاشقان...
بىر سادا ئۆرلەيدۇ:
«مەن تېمۇرنىڭ روھىمەن!!!
گەرچە تۈرك مەردلىرى قورشاۋدا قالغان بىر ئەھۋالدا بولسىمۇ
ئاللاھنىڭ خاھىشىنى ھەرگىز قورشىۋالغىلى بولمايدۇ.
ئەجىبا تۈركلۈكنىڭ ھاياتلىق شارائىتى شۇنچە ئېغىر كۈنگە قالدىمۇ كى،
ئەسىر تۈركلەر ئازاد تۈركلەرنىڭ ھىمايىسىدىن مەھرۇم قالسۇن؟!!!
ئى (ئىسلام بايراقتارى) تۈركلۈك! ئۆزەڭنى قايتىدىن رەتكە سال!!!
دۇنياغا يېڭى بىر ئىنقىلاب ئۈلگىسىنى كۆرسەت؟!!!»

ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال يەنە بىر شېئىرىدا تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى چۈشۈنەلمەيۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ قەھرىمان تۈرك ئەۋلادلىرىنىڭ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن قاتتىق تەئەججۈپلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھېچ كىشى ئاللاھنىڭ تەقدىرىنىڭ مەنتىقىسىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ، ۋاھالەنكى تېمۇر تۈركلىرىنىڭ ئوسمانلى تۈركلىرىدىن ھېچ قانداق كەمچىلىكى يوقتى.»

يەنە بىر شېئىرىدا تۈركىستان تۈركلىرىنى، چوقۇم تېمۇرنىڭ مىراسى بولغان جاسارەت، ئازادلىق ۋە قەھرىمانلىققا ئوخشاش بارلىق قىممەتلىك جەۋھەرلىرىنى ئىزدەشكە چاقىرىق قىلىدۇ ھەمدە بۇ قىممەتلىك پارلاق تارىخىي مىراسىنى ئۇنتۇيدىغان بولسا، ئىنسانىي شان - شەرىپىدىن ۋە پۈتۈن ھاياتلىق ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى قاتتىق ئەسكەرتىدۇ:

تېمۇرنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىنى كوچىغا ئاتقان بىر مىللەت
نە نامرات، نە سۇلتان بولۇپ ياشاشقا لاياقەتلىك بولالمايدۇ.

ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر! ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا مىراس قالدۇرغان قىممەتلىك ھېكمەت خەزىنىلىرىنى قىممىتىگە يارىشا مەھكەم باغرىغا بېسىش ئۈچۈن بۇ يەرگە توپلانغانلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە جاسارىتىنى كۆرۈپ مەنمۇ جاسارەت ئالدىم. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەممىڭلارغا سەمىمىي تەبرىكلىرىمنى سۇنىمەن، ھەممىڭلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن سالام ئېيتىمەن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتەھۇ

كۇتۇبخانىڭىز كىتابسىز قالمىسۇن!

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى





ماقالىمىزنىڭ كېلەر قېتىملىق بۆلۈمىدە ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى، نەسىھەت ۋە تەۋسىيەلىرى، شۇنداقلا ئېلان قىلىنغان باياناتلىرىغا مەخسۇس ئورۇن ئاجرىتىپلا قالماستىن، مۇھەممەد ئىقبالدىن كېيىنكى پاكىستان رەھبەرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا تۇتقان ئىجابىي ۋە سەلبىي پوزىتسىيەلىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇلۇغۋار رەھبەرلىرىدىن رەھمەتلىك ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن بىلەن پاكىستاننىڭ داھىسى مۇھەممەد ئەلى جىنناھ، دۆلەت رەئىسى گېنېرال ئەييۇپخان، باش مىنىستىرى مۇھەممەد ئەلى بوغرا قاتارلىقلارنىڭ ئۇچرىشىشى، گېنېرال زىيائۇلھەقنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا بولغان مۇھەببىتى ۋە كېيىنكى پاكىستان سىياسىيونلىرىنىڭ خىيانىتى قاتارلىق تېمىلار سىلەرنى كۈتمەكتە بولىدۇ.

دىققىتىڭلار ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەركى سانىدا بولسۇن.

**پايدىلانغان ئەسەرلەر:**

(1) http://www.uyghurnet.org/24214_2/

(2) 1924 ـ يىلى يېزىلغان «باڭگى دەرا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى

(3) بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمى بىلەن تۈركىيەنىڭ ھازىرقى «ئىش بانكىسى» (سودا ـ سانائەت بانكىسى) قۇرۇلغان، ئاساسلىق كۆپ قىسمى خەلىپىلىك ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتكەن.

(4) 1924 ـ يىلى يېزىلغان «پەيامى مەشرىق» ناملىق ناملىق شېئىرلار توپلىمى، (پەيامى مەشرىق ـ 1924)

(5) مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىم 1901 ـ يىلى خوتەندە تۇغۇلغان ۋە 1965 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەنقەرەدە ۋاپات بولغان.

(6) ئاللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى «جاۋىد» بولۇپ، ئوغلىغا يازغان مەكتۇب، دەپمۇ بىلىنىدۇ.

(7) ئەلى شەرىئەتىنىڭ «بىز ۋە ئىقبال» ناملىق كىتابى.

(8) مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئارخىپلىرى No: 5.11.5_02




ئابدۇلھەمىد جۇدە سەھھار

# ئىمان ۋە مۇھەببەتكە تولغان بىر ھېكايە

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇنەۋۋەر نىياز ئۇيغۇرى

## قۇل

كېچە، جىمجىت، پۈتۈنلەي جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. قاراڭغۇلۇق ئۆزىنىڭ قارا پەردىسىنى يايغان بولۇپ، ھەر نەرسىنىڭ ئۈستىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئىدى. مەككە ئەھلى كىشىنى بىئارام قىلىدىغان، قورقۇنچلۇق چۈشلىرىمۇ بۇزالمايدىغان شېرىن ئۇيقۇ قوينىغا غەرق بولغانىدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئويۇن - تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش، ھاراق - شاراپ، ئاياللار، مۇزىكا ۋە ناخشا - قوشاقلار بىلەن ھەپىلىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيا ھايات كەچۈرۈش ۋە ياشاشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ نە بىر دۇنيالىقتىن، نە بىر ئاخىرەتتىن، نە بىر ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشتىن، نە بىر مەھشەردىكى يىغىلىش ۋە ھېسابتىن خەۋىرى بولسۇن دەيسىز. ئۇلار ئۇيقىدىن ئويغانغان ھامان لەززەت ھېس قىلغان نەرسىلىرىنىڭ لەززىتىنى سۈرۈش ئۈچۈن ۋە كۆڭلى خالىغاننى قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشاتتى. كېچە كېلىپ تۆشەكلىرىگە كەلگەندە بولسا ھېرىپ - چارچاشتىن ھالى قالمىغان ھايۋانلاردەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئېغىر ئۇيقۇغا غەرق بولۇشاتتى.

كېچە ئاخىرلىشىپ، خورازلارنىڭ چىللاشلىرى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، كۈننىڭ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىشكە باشلىدى. قۇياشمۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغانىدى. ئۆز ئوربىتىسىغا يەرلەشكەن ھامان دەسلەپكى نۇرلىرىنى ئاجىز ۋە سولغۇن بىر شەكىلدە يەر يۈزىگە قارىتىپ يولغا سالدى. بۇ قۇياش نۇرى ئىنسانلارنى تاتلىق

بىر شەكىلدە ئويغىتىشقا، شۇ كۆنلۈك ھاياتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزۇشقا ۋە ھايات كېمىسىدىكى ساياھەتنى تەكرار باشلاشقا چاقىرىش ئۈچۈن ئۆيلەرنىڭ، باغچىلارنىڭ ئارىسىدا ئاستا - ئاستا جىلۋە قىلىشقا باشلىدى.

مەككىدە ھايات ئاستا - ئاستا جانلىنىشقا باشلىدى. كىشىلەر ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىنى قىلىش سەۋەبى بىلەن بىمالال ۋە تىنچ، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن سۆزلەشكەن ھالدا ھەر تەرەپكە قاراپ تارقىلىشقا باشلىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى، يەنى دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە ئوخشىشى كۆرۈلمىگەن ناھايىتى چوڭ بىر كۈرەشكە مۇبارەك مەككىنىڭ شاھىت بولىدىغانلىقىنى ئەقىللىرى ھېچ قوبۇل قىلالمايتتى. بۇ كۈرەش ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ھىدايەت بىلەن ئازغۇنلۇقنىڭ كۈرىشى بولۇپ، بەزى ئىنسانلارنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتەرسە، بەزىلىرىنى يەرنىڭ قەرىگىچە پاتۇرىدىغان بىر كۈرەش ... ناۋادا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يېقىن كەلگۈسىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ تاشلىيالىغىنىدا بۇنداق شەكىلدىكى جىمجىت يۈرۈشلىرىنىڭ ئورنىنى ئەلۋەتتە پەرياد ۋە پىغان ئۆرۈشلار قاپلاپ كەتكەن بولاتتى.

ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ئارقىسىدا چاچلىرى قويۇق، يۈز شەكلى كىچىكرەك، ئورۇق قارا تەنلىك بىر قۇلى بىلەن قەدەملىرىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ تېز كېلىۋاتاتتى. كەئبىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن قەدەم ئېلىشىنى كىچىكلىتىپ ئاستا- ئاستا مېڭىشقا باشلىدى ۋە قۇلىغا قاراپ مۇنداق دېدى:

ئى بىلال! مەن سېنىڭ خۇددى ئۆتكەن يىلىدىكىدەكلا نەتىجە قازىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. سېنىڭ كارۋانلىرىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىشىڭدىكى ئۇتۇقلىرىڭ، قەبىلىلىرىمىزنىڭ ماللىرىنى سېنىڭ باشچىلىقىڭدىكى سودا ئۆمىكىگە تاپشۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. بىلال ... ئەگەر سەن ئۇتۇق قازانمىغان بولساڭ ئىدىڭ...

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا پۇرسەت بەرمەستىن: - بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ خوجايىن، دېدى.

ئەتە قۇرەيشنىڭ كارۋىنى يولغا چىقماقچى، ئى بىلال! بىزنىڭ تىجارەت گۇرۇپپىمىزنى كارۋاندىن قېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تەييار ھالەتكە كەلتۈرۈشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

- تەييار بولىدۇ، خوجايىن.

- ئوغلۇم ئەلى، بۇ سەپەرگە چىقالمىغىدەك، بۇ گۇرۇپپىغا پەقەت سەنلا مەسئۇل بولىسەن.

ئۇلار ئاستا قەدەملىرى بىلەن كەئبە تەرەپكە قاراپ يۈرۈشنى داۋام قىلدى. ئۇمەييە ئىبنى خەلەف قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئۇ يەردە توپلىشىپ سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ قۇلى تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭغا (ئۇ كىشىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) مۇنداق دېدى:

- بىلال! قۇربانلىقلىرىمىزنى ھۇبەلگە تەقدىم قىلىپ، سەپىرىمىز ھەققىدە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئېلىش ئىشىنى تۈگەتكىنىڭگە قەدەر مەن سېنى بۇ يەردە ساقلايمەن.

ئۇمەييە ئۇ كىشىلەر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا چوڭ بۇتلاردىن بىرى بولغان ھۇبەل تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ھۇبەل بولسا قوللىرى ئالتۇندىن، بەدىنى قىزىل ھېقىق تېشىدىن ئىنسان شەكلىدە قىلىپ

ياسالغان بىر بۇت ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىچىگە پال سالىدىغان ئوقلار سېلىنغان يەتتە دانە قەدەھ بار ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇتنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشىۋېتىپ بۇتنىڭ ئالدىدا بىر ئادەم بىلەن قۇچىقىدا بوۋىقىنى كۆتۈرىۋالغان بىر ئايالنى، ھۆبەلگە قاراشقا مەسئۇل بولغان كاھىننىڭ پال ئوقلىرى بىلەن ئۆرۈۋاتقانلىقىنى ۋە ناھايىتىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ، ئاتىسىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىلگەن بوۋاقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ھۆبەلگە ئىلتىجا قىلىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئاشۇ بىر توپ كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ساقلاشقا باشلىدى. پال ئوقلىرى ئۆرۈلدى. كىشىلەر نەپەسلىرىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن بوينىلىرىنى ئالدىغا سوزۇشاتتى. ھېلىقى ئايال بىلەن ئەر كىشىنىڭ يۈزىنى ئەندىشە قاپلىغان ئىدى. ئايالدىكى روھىي بېسىم ۋە تىتىتىلىق تېخىمۇ بەكرەك ئاشكارا بىلىنىپ تۇراتتى. قورقۇش ۋە دەھشەتلىك بىر ئىزتىراپ ئىچىدە تەگرىسىنىڭ قانداق ھۆكۈمدە بولىدىغانلىقىنى كۈتۈۋاتاتتى.

ئاخىرىدا، ئىچىدە بولۇش مەنىسىدە كەلگەن «سەرىھ» يېزىقى يېزىلغان ئوق چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالنىڭ يۈزىدىكى بارلىق غەم - ئەندىشىلەر يوقىلىپ ئۇنىڭ ئورنىنى سۆيۈنۈش ۋە بەختىيارلىق ئىپادىلىرى قاپلىدى. ئۇ بوۋىقىنى باغرىغا مەھكەم باستى. ئاندىن ئېرىگە نارازىلىق ۋە ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن شۇنداق بىر قارىدىكى ھېچقانداق بىر سۆز قىلمىغاندىمۇ بۇ قاراش ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىدىن ئۆتە تەسىر قىلغىدەك قاتتىق ئىدى. ئەمما ئۇ بۇنى ئاز كۆرگەندەك:

- كۆردۈڭمۇ؟ ئىلاھ بۇ ھەقتە كەسكىن بىر ھۆكۈمنى چىقاردى، دېدى.

ئۇ يەردىكى كىشىلەر توپى تارقىلىپ كېتىپ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى يالغۇزلا قالدى. ئۇ كاھىنغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن تەرزدە يېقىنلاشتى - دە، كېكەچلىگەن ھالدا:

- ياردىمىنى بىزدىن ئايىماسلىقىنى، بىزنى ھىمايە قىلىپ مۇھاپىزەت قىلىشىنى ۋە بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنى بىزگە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدىغان بىر سەپەر قىلىپ بېرىشىنى تىلىگەن ھالدا بۇ ئاددىي قۇربانلىقلىرىمىزنى ئۇلۇغ ئىلاھىمىز ھۆبەلگە تەقدىم قىلىمىز، دېدى.

كاھىن ئىلاھقا سۇنۇلغان بۇ ھەدىيەلەرنى ئالدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىلىگەنلىرىگە ئىشارەت بېرىشى ئۈچۈن پال ئوقلىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆرۈشقا باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئۇلۇغ ئىلاھ ھۆبەلنىڭ جاۋابىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئاخىرىدا سەپەرگە چىقماسلىقنى كۆرسىتىدىغان ئوق چىقتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىنى ئېغىر بىر غەم چۇلغىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۇ:

- بىز سەپىرىمىز ئۈچۈن پۈتۈن تەييارلىقلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەپەرگە چىقماسلىقىمىزغا ئىشارەت قىلىۋاتامدۇ؟... دېگەن سۆزلەرنى ئېغىزىدىن پىچىرلىغان ھالدا چىقاردى.

كاھىن، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ مۇنداق دېدى:

- ئۇنىڭغا باشقا بىر قۇربانلىق بەر، بەلكىم

سىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ سەپەرگە چىقىشىڭلارغا رازى بولۇپ قالار.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنداق قىلىشتىن بىرەر نەتىجە چىقىش - چىقماسلىقىنى ئويلاپمۇ ئولتۇرماستىن كاھىنىنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئوقلار قايتىدىن ئايلاندۇرۇلدى ۋە ئۈستىدە سەپەرگە رازىلىق بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان «سافىر» خېتى يېزىلغان ئوق چىقتى. ئەمما بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىلاھىنىڭ رازى بولغانلىقىغا كۆڭلى تولۇق ئەمىن بولۇشى ئۈچۈن كاھىندىن يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىشنى ئۆتۈندى. كاھىن يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆردى. ھۇبەل سەل بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭ سەپەرگە چىقسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىشارەتنى بەرگەن بولۇپ چىقتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلى خۇددى قىلىچ قېنىغا يانغىنىدەك ئارامىغا چۈشكەندى. ئۇ سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۇمەييەنىڭ يېنىغا قايتتى.

مەككە خەلقى ئىگە بولغان نەرسىلىرىنىڭ ئەڭ ئەرزىيدىغانلىرىنى، ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىرىنى، ماللىرىنى ۋە يۇرەك پارىلىرىنى شامغا ئېلىپ ماڭىدىغان سودا ئۆمىكىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن چىقىشقانىدى. خوشلىشىدىغان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. كارۋاننىڭ قوزغىلىشىغا يول بېرىلىپ، كارۋان يولغا چىقتى. تۆگىلەر ئۈچى كۆرۈنمىگىدەك ئۇزۇن سەپ شەكلىدە يولغا ئاتلاندى. مۇھاپىزەتچىلەر خۇددى قېنىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن تۈز قىلىچلاردەك ئارغىماقلىرى ئۈستىگە جايلىشىپ بولۇپ، ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان خىزمەتلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن كارۋان ئەتراپىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بەنى جۇمۇھ» ئۆمىكىنىڭ بېشىدا يەر ئالغان ئىدى. كارۋان ئاستا - ئاستا يىراقلىششقا ۋە ئۇزاتقۇچىلارنىڭ كۆزلىرىدىن بارغانسېرى يوتۇشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ئۇپۇقتا كۆزلەردىن غايىپ بولۇپ، ئاخىرسى پەرق ئەتكۈسىز بىر پەردە بىلەن يۆركەندى.

كارۋان بەزىدە تۆپىلىكلەردىن ئارتىلىپ ئۆتسە بەزىدە ئويمانلىقلاردىن يامىشىپ چىقىپ دېگەندەك يوللىرىنى داۋام قىلىۋاتاتتى. كېچە بىلەن كۈندۈز بىر - بىرىنى قوغلاشسا، ئاي بىلەن قۇياش ئاسماندا ئورۇنلىرىنى بىر - بىرىگە بىكارلاپ بېرىشەتتى. نىھايەت، شامنىڭ قەسىر تاملىرى يىراقتىن كۆزگە تاشلانغىلى باشلىدى. ھېرىپ - چارچاش ئىنسانلارنى ۋە تۆگىلەرنى جېنىدىن جاق تويغۇزغانىدى. تۆگىلەرنىڭ قەدەملىرى ئاستىلاشقان بولسا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئىنسانلارنىڭ باشلىرى ساڭگىلاپ كېتىشكەندى.

بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ يېقىملىق، سۈزۈك خۇش ئاۋازى ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ كارۋاندىكىلەرنىڭ قۇلاقلىرىدا چېلىندى. بۇ ئاۋاز ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرەك رىتىملىرىنى تېزلاشتۇرىۋەتتى ۋە كەيپىياتنى جانلاندۇرىۋەتتى. بۇ خۇش ئاۋازلىق ناخشا ئۇلارنى مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. ئۇلار ھارغىنلىقلىرىنى ئۇنتۇپ ئۇلاغلىرى ئۈستىدە تەۋرەنگىنىچە يولنى داۋام قىلىشقا ۋە ناخشىغا جۆر بولۇشقا باشلىدى. كارۋان سېپى قايتىدىن جانلىنىپ، تۆگىلەرمۇ تېز - تېز قەدەم ئېلىشقا باشلىغان ئىدى. كارۋان شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەكىلدە يۇرۇپ كۈن ئۆلتۈرۈش بىلەن شامغا يېتىپ بارغان بولدى.

كېچە كىلىپ قاراڭغۇ پەردىسىنى ئەتراپقا يايدى. قۇرەيش سودىگەرلىرىدىن ئالدىنقى قاتاردا سانالغان كىشىلەر پاراڭلاشماق ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلىشتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇلار ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزىۋالدى. ئۇ كىشىلەر ئىچىدىن ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ قۇھافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ:

- ئى بىلال! ئاۋازىڭ نېمىدېگەن ياڭراق، نېمىدېگەن يېقىملىق سېنىڭ، بىزگە يول ئازابىنى ئۇنۇتتۇردى ۋە مۇساپىمىزنى قىسقارتتى، دېدى.

بۇ پەردىكىلەر تاكى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئاندىن ئۇخلاش ئۈچۈن تارقىلىشتى.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلاشقىنىچە ئۆتۈۋەردى. قۇرەيشنىڭ تىجارىتى مەنپەئەتلىك بولغانىدى. بۇ جەرياندا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆپ قېتىم ئۇچراشتى. بۇ ئۇچرىشىشلار ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇغلىرىنى بىخلاندۇرۇپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. كارۋان مەككىگە قايتىش ئۈچۈن تەييارلانغان كۈنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ بەكرىنىڭ بىر تەرەپكە قاراپ تېز قەدەم بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگىنىچە بېرىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ۋە:

- قەيەرگە ماڭدىڭ؟ دەپ سورىدى، ئەبۇ بەكرى:

- ئاۋۇ پەردىكى راھىبنىڭ يېنىغا، دېدى.

- ئۇنىڭ قېشىغا نېمىشقا بارماقچىسەن؟

- كۆرگەن بىر چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى سوراش ئۈچۈن. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا قاراپ:

- مەن بىلەن بىرگە كەلمەمسەن؟ دېدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ماناستىرغا باردى. كىرىشكە رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسى ئىچكىرىگە كىردى. راھىب كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئاڭلىغانلىرىدىن تەسىر ئالغان بىر چۈشنى كۆرگەن قىياپەتتە تۇرغىنىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆرگەن چۈشىنى راھىبقا بايان قىلىپ بېرىشكە باشلىدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ بايانى تۈگە - تۈگىمەستىن راھىب بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئۇنىڭدىن سوراشقا باشلىدى:

- نەدىن كەلدىڭ؟

- مەككىدىن.

- قايسى قەبىلىدىن؟

- قۇرەيش قەبىلىسىدىن.

- كەسپىڭ نېمە؟

- سودىگەر.

- ئەگەر ئاللاھ كۆرگەن چۈشلىرىڭنى روياپقا چىقارسا سېنىڭ قەۋمىڭدىن بىر نەبى (پەيغەمبەر) ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ ھايات چېغىدا سەن ئۇنىڭ ۋەزىرى، ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ خەلىپىسى بولىسەن، دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سورىدى:

- نەبى دېگەن نېمە؟

- ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر ئەلچى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغانىدەك:

- ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى؟ دېدى. راھىب:

- شۇنداق، ئاللاھ ئۇنى ئىنسانلارغا بىر رەھبەر، بىر يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ، دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئۇنى ھۇبەل، لات، ئۇززا ئەۋەتەمدۇ ياكى ئۇسافە، نائىلە ۋەياكى كەئبىدىكى باشقا نۇرغۇن ئىلاھلاردىن باشقا بىرى ئەۋەتەمدۇ؟ راھىب:

- ئاسمان - زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ ئەۋەتىدۇ، بۇ پەيغەمبەر ئىنسانلارنى يالغۇز، ھېچ ئوخشىشى ۋە شېرىكى بولمىغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، بۇتلارنى چېقىشقا بۇيرۇيدۇ. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قورققان ھالدا سورىدى.

- بۇتلارنى چېقىشقا بۇيرۇمدۇ؟ راھىب:

- شۇنداق، ھەممىسىنىڭ چېقىلىشىنى بۇيرۇيدۇ.

شام سەپىرى ئاخىرلىشىپ كارۋان مەككىگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئەرلەر ئۆيلىرىگە قايتماستىن ۋە ئۆز ئائىلىرىگىمۇ يېقىن يولىماستىن ئۇدۇل كەئبىگە قاراپ يول ئالدى ۋە كەئبىنى تاۋاپ قىلىشقا باشلىدى. سەپەر جەريانىدا نۇرغۇن پايدا ئالغان ۋە چۆنتەكلىرىنى لىق تولدۇرۇپ قايتىشقان بۇ كىشىلەر كەئبە ئەتراپىدىكى بۇتلارغا يۈزلەندى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇلار بىلەن كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ شۈكۈرلىرىنى بىلدۈرگۈچىلەر قاتارىدا كېتىۋاتاتتى. ئەمما ئۆزىمۇ چۈشەنمىگەن يېرى شۇ بولدىكى ئۇنىڭ كەئبىنى ھەر بىر ئايلىنىپ تاۋاپ قىلغىنىدا قەلبىدە پەيدا بولغان ھۇزۇرنى بۇتلىرىنىڭ ئالدىدا ھەر قېتىم تۇرغىنىدا ھېس قىلالمايۋاتاتتى. ئۇ شۈكۈرلىرىنى بۇتلار ئالدىدا كىچىكچىلىگەن ھالدا بىلدۈرۈشكە باشلىدى. ئەلۋەتتە ئېنىق ئىدىكى بۇ بىر چىن دىلىدىن چىقمىغان رەھمەت - تەشەككۈر ئىدى. ئۇ بۇندىن بۇرۇن بۇتلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سۆز قىلغاندىكىدەك سەممىي ۋە چوڭقۇر بىر تۇيغۇغا چۆمگەن سۆزلەرنىڭ ۋە تىلەكلەرنىڭ بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۆزىنى - ئۆزىگە ناتونۇشتەك ھېس قىلدى. ئۇ بۇرۇنقى تۇيغۇ ۋە سۆكۈناتقا ئېرىشمەكچى بولدى. ئەمما ئۇنداق قىلالمايۋاتاتتى. دىققىتىنى يىغالمىدى. ئۇ ئۆز ئۆزىدىن: «نېمە ئۈچۈن بۇتلارغا قۇللۇق بىلدۈرگەن، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا بويۇن ئېگىپ، ئۇلارغا ئۇلۇغلۇق ۋە مۇھەببەت كۆرستىشنى لايىق كۆرۈپ يۈرگەن بولغىيدىم» دەپ سوراشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز ئۆزىگە سوئال قويۇشنى داۋاملاشتۇردى: «ئۇ بۇ بۇتلارنىڭ قايسى بىر ئۇلۇغلۇقىنى كۆرگەن بولغىيدى؟ ... ئۇلارنىڭ كۈچىدىن ئۆزىگە قانچىلىك بىر پايدا يەتكەن بولغىيدى؟ ... شۇنداق، ئۇلاردىن ھېچنېمە كۆرمىگەن، ھېچ بىر ياخشىلىققا ئېرىشىپ باقمىغان ئىدى. ئۇنداقتا نېمىدەپ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بولغىيدى؟ ئۇ بۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ قەۋمىنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ چوڭ بولغانىدى. قەۋمى ئۇ بۇتلارنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن، بۇتلارغا ھۆرمەت كۆرسەتكەن بىر قەۋم ئىچىدە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەت كۆرستىشكە ئادەتلەنگەنىدى. ئويلاپ دەل شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ ھەبەشلەرنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكى ئېسىگە كەلدى. ئاتىسى بىلەن ئانىسى ھەبەشىستاندىن مەككىگە ئېلىپ كېلىنىپ سېتىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ يەردە تۇغۇلۇپ

www.uyghurkitap.com

بۇ بۇتلاردىن باشقا ئىلاھلارنى بىلمەي چوڭ بولغانىدى. ناۋادا ھەبەشىستاندا تۇغۇلغان بولسا ئىدى، باشقا ئىلاھلارنىمۇ تونىغان، ئۇلارغا قۇللۇق قىلغان، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن، ئۇلارغا بويسۇنغان، ھۆكمى بويىچە ئىش قىلغانمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ خىياللىرى بىر- بىرىگە ئۇلۇشۇپ كېتىۋەردى، ئەقلى قالايمىقانلىشىپ ئويلىغانلىرى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئارىسىدا بىر سۈركۈلۈش يۈز بەرگەن ۋە ئىشەنچى تەۋرىنىشكە باشلىغان ئىدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەنى جۇمەھ مەھەللىسىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ بىلەن قەبىلىسىدىكىلەر بار يەرگە بېرىپ تۇردى. شامدىن پايدا ئېلىپ قايتقانلىقى ۋە سەپەردە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى ئۈچۈن بىرەر ياخشى ئىپادە، بىرەر تەشەككۈرگە ئېرىشىپ قېلىش ئۈمىدىدە ئۆرە تۇرغىنىچە تۇرۇۋەردى. ئەمما ئۇلار بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شامدىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن سەپەر داۋامىدا تارتقان جاپالارنى ئۇنتۇلدۇرغىدەك ۋەياكى سەرپ قىلغان ئەجرىگە چۈشلۇق مۇكاپات بولغۇدەك بىرەر ئېغىز سۆز چىقاي دېمەيتتى. ئۇنىڭ ئىچىنى ئاچچىق بىر ھەسرەت كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئېغىر قەدەملەر بىلەن بۇ يەردىن ئايرىلدى. ئۆز ھالى ھەققىدە ئويلىنىۋېلىشى ئۈچۈن كۆزلەردىن يىراق بولغان بىر يەرگە كېلىپ توختىدى. ئۇ قۇللۇق ھاياتنى ياشاشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تەس ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتمەكتە ئىدى.

ناۋادا ئۇ ھۆر ئادەملەردىن بولغىنىدا خوجايىنىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرگەن، قىسقا بىر مۇددەت تۇرۇش ئۈچۈن ئىجازەت بېرىلگەن يەرلەرگە ئەمەس، بەلكى ئۆزى خالىغان يەرلەرگە كەتكەن بولاتتى، دېگەنلىرىنى كۆڭلىدىن كەچۈردى. بۇ خىياللار بىلەن ئۇ ئۆزىنى بىر كۆڭۈلسىزلىك كەيپىياتى ئىچىگە سۆرەپ كىردى. ئۇنىڭ خىياللىرى بەختسىزلىكنى ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭايتىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆز كېلەچىكىنى قاراڭغۇ كېچىدىنمۇ بەكرەك قاراڭغۇدەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلىكنى تېرەڭگۇ ئاۋازدا مۇنۇ سۆزلەر بىلەن بايان قىلىشقا باشلىدى: «قۇل بولۇپ ياشاپ، قۇل بولۇپ ئۆلۈش پېشانەمگە يېزىلغان ئوخشايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى بىلەن سۆز قىلىپ پەقەت ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغىلا باش ئۇرماقتىمەن.»

ئۇ بۇ خىياللار بىلەن تۇرغاندا ھاياتنىڭ ياخشى تەرەپلىرىگىمۇ نەزەر سېلىشقا ئۈندىگەن تۇيغۇلار ئۇنىڭغا شىۋىرلاپ: بۇ روھىي ئازاب، بۇ ئۈمىدسىزلىنىش نەدىن كەلدى ساڭا ئى نانكور قۇل؟... خوجايىنىڭنىڭ سېنى باشقا قۇللاردىن ئەۋزەل كۆرگىنى، ئۆزى يېگەننى يېگۈزۈپ، ئۆزى كىيگەننى كىيگۈزگىنى يەتمىدىمۇ؟ ... يېقىن دوستلىرى ئارىسىغا سېنى قېتىپ مۈلۈكلىرىدە ۋە تىجارەت ئىشلىرىدا ساڭا ئىشەنمىدىمۇ؟ قەبىلىنىڭ ياشلىرى سېنى ياخشى كۆرۈپ ساڭا بولغان ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنى ساڭا قىلمىدىمۇ؟ ھەم سېنى ھۆرمەتكە لايىق بىلال قىلمىدىمۇ؟ ئى بىلال! بۇنچىلىك قەدىرلىنىپ تۇرۇپ يەنە ساڭا نېمە كەم؟ بىلال سەل پەسكويغا چۈشۈپ ھالىغا شۈكۈر ئېيتماقچى بولۇۋىدى ئىچىدىكى بىر پىغان

ئۇنىڭغا ۋارقىراشقا باشلىدى: «ئى كالۋا قول! ئۆزەڭنىڭ خىياللىرىڭغا ئىشىنىپ ئۆزەڭ بىلەن ئۇمەييە ئوتتۇرسىدىكى پەرقنى بىرلا سۆزدىن ئىبارەت پەرقنى كۆرمىگەندەك ۋە ئۆزەڭنى قۇلى يوق خوجايىن ئورنىغا قويغىدەك ھالغا كەلدىڭمۇ؟.... خىيالپەرەس! ... ئاسارە ئەتىقە لوڭقۇلىرى ماختىلىش ئۈچۈنلا قوللارغا ئېلىنىدۇ. دەز چىقماي ساق تۇرغان مۇددىتىگىچىلا قەدىرلىنىدۇ ۋە مۇئەييەن قىممىتى بىلەن ئەتىۋارلىنىدۇ. ئۇ خىل نەرسىلەر قىممەتلىك ۋە چىرايلىق تۇرغان مۇددەتكىچە مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. سۇنغان ھامان ئاددىي بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ - دە، ئەسلەردىن كۆتۈرۈلىدۇ. سېنى خوجايىنىڭغا يېقىنلاشتۇرغان، دوستلار ئارىسىدا ئولتۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلغان نەرسە پەقەتلا سېنىڭ خوش ئاۋازىڭدۇر، خالاس. بۇ ئاۋازىڭ يوقالغاندا سەن ئۆزەڭنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بىچارە بولۇپ قالىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ قىرغىنىڭچە سېنى كۆتىدىغىنى پەقەتلا بىر بەختسىزلىكتۇر. شۇنداق قىلىپ بىر بولۇڭغا تاشلىنىپ قالىسەن ۋە باشقا قۇللارنىڭ تەقدىرىدىن ھېچبىر پەرقىڭ بولمايدۇ. سەن ئۈچۈن يېڭى كىيىم ۋە ياخشى تاماقلارغا ئېرىشىش بىر چۈشكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ياشلىقىڭ قولدىن كېتىدۇ، تىجارات، سودا - سېتىق ئىشلىرىغا بېرىپ - كېلەلمەيسەن، سېنىڭ ئورنۇڭغا كۈچ - قۇۋۋەتتى بار ياشلار كېتىدۇ...» بىلال خۇددى ھەممە نەرسە تۈگەشكەندەك بىر تۇيغۇدا بېشىنى ئەگدى ۋە ئېغىر ئۇھسىندى. ئۇنىڭ تەگسىز خىياللىرى ئۇنى روھىي ئازاب ۋە بەختسىزلىككە تولغان بىر قاراڭغۇ دۇنيا قوينىدا ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئەسنادا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ياشلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئۇنى خىيال دۇنياسىدىن قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئۇز ئەتراپىغا ئولاشقان ھالدا تۇرۇشقانلىقلىرىنى كۆردى. ياشلار بىر ئېغىزدىن:

بىزگە ناخشا ئېيتىپ بەرگىن، ئى بىلال! يېقىملىق ئاۋازىڭ بىلەن بىزنى خوش قىل، كۆڭلىمىزنى ئاچ! بىزنى ئۇزاق ۋاقىت تاشلاپ كېتىپ يېقىملىق ئاۋازىڭدىن بىزنى مەھرۇم قىلغان ئىدىڭ. ناخشا ئېيتىپ بەر، بىلال بىزگە ناخشا ئېيتىپ بەر!...

ياق، بىلال ياق دېيەلمەيدۇ، ئۇزۇر تىلىيەل- مەيدۇ، رەتمۇ قىلالمايدۇ. بىر قول قاچانمۇ ئۇزۇر تىلىيەلىگەن ۋە ياكى «شۇ تاپتا ئۇنىڭغا رايىم يوق» دەپ باشقىلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالىغان؟! باشقىلارنىڭ قويغان تەلەپلىرى گەرچە ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدىغان تەقدىردىمۇ خوجايىنلىرىنىڭ چاقىرىقىغا: «لەببەي، خوجايىن» دېمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى. ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدىغان، ھەسرەتلىرىنىڭ ۋە بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ يەڭگىللەتكىدەك بىرىگە موھتاج بولغان تەقدىردىمۇ بۇ كىشىلەرنى خوش قىلماق، مەستخۇش قىلماق ئۈچۈن يەنىلا ناخشا ئېيتىشقا مەجبۇر ئىدى.

بىلال ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ناخشا ئەمەس دىلىدىكى ھەسرەتلىرىنى ئۇلارغا بايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىرى باشقىلار ئۈچۈن ھېس - تۇيغۇلىرىنى جانلاندۇرى-دىغان تەسىرلىك نەغمىلەردىن ئىبارەت بولۇپ چۈشىنىلدى. ئۇ ھەسرەتلىك نەغمىلىرىنى ياڭرىتىشنى داۋام قىلاتتى. ئۇلارنى پەقەتلا ئۇ نەغمىلەردىن مەستخۇش بولۇپ ئولتۇرۇپ قالغان ھالدا تاشلاپ كېتەلىدى.

www.uyghurkitap.com

# ھۆر ۋە قۇل

بىر كۈنى كېچە ۋاقتى. ھەممە ئادەم قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بەنى تەيم قەبىلىسىدىن بىرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئىشىكتىن يۈزلىرى ئورۇق، بوي - تۇرقى ۋىجىكرەك، پاچاقلىرى ئىنچىكىرەك كەلگەن، چاپىنىنىڭ ئالدى تەرىپى بىلەن بېلىنى ئۆتۈشتۈرۈپ چىرمىۋالغان بىر ئادەم چىقتى ۋە ئىشىكنى ئاستا ياپتى. ئاي نۇرى تەرلەپ كەتكەن ئاق يۈزىنى يورۇتتى. ئۇنىڭ مەڭزىلىرى ئازراق تومپىيىپ چىققان، كۆزلىرى چوڭقۇرراق ئىدى. ئۇ كىشى خۇددى قورققاندەك ئېھتىيات بىلەن ئەتراپقا دىققەت قىلغاچ ئىلگىرىلەيتتى. ئۇنىڭ ھە دەپ ئارقا - ئالدىغا قارىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىرىدا بەنى جۇمۇھ مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ، بۇ يەردىن ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ ئۆيىگە باردى. قۇللارنىڭ ئۆيىگە تۇتاشقان بىر دېرىزىگە بارغىچە ئۆي ئەتراپىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتى ۋە ئەتراپتىن خاتىرجەم بولغان ھالدا دېرىزىگە يېقىنلىشىپ پەس ئاۋازدا:

«بىلال... بىلال ...» دەپ چاقىردى.

بۇ چاغدا بەدىنىگە ئۇلاشقان بىر تىترەكنى ھېس قىلدى. ھېچ ئويلىمىغان بۇ كېچە سائەتلىرىدە بولۇپمۇ شۇبھىلەرنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغان بۇ ۋاقىتلىرىدا بىرەرسى تۇيۇقسىز كېلىپ قالسا ئۇنىڭغا نېمىمۇ دېگۈلۈك؟ ... قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچنېمە كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ كەينىگە قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولدى ۋە مەخپىي سىرىنى بىلالغا يەتكۈزۈش ئىستىكى ئەندىشىلىرىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇ قايتىپ كېتىشتىن بۇرۇن يەنە بىر چاقىرىپ كۆرمەكچى بولۇپ ئاۋازىنى بىر ئاز كۆتۈرۈپ:

«بىلال... بىلال ...» دەپ چاقىردى.

ئۇ ئەندىشە ئىچىدە ساقلاۋاتقاندا بىر ئىشىكنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە بىلالنىڭ ئاۋاز چىقارغۇچىنى ئىزدەپ ئۇياق - بۇياققا قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنى: «بىلال» دەپ چاقىردى. بىلال قاراڭغۇلۇقتا ئۆرە تۇرغان سايىنى نىشانلاپ ماڭدى. يۈزىنى يېقىن ئېلىپ كېلىشى بىلەن قارشىدىكى ئادەمنى تونىدى ۋە:

- كىم؟ ... ئەبۇ بەكرى، سەن... سەن بۇ سائەتتە بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

- مۇھىم بىر خەۋەر.

- كېچىدە بۇنچىلىك قىينىلىپ يۈرگۈچە ئۇ ئىشنى ئەتىگە قالدۇرساڭ بولماسمىدى؟

- ياق بىلال، سەن خوجايىنىڭنىڭ كۆزى ۋە قۇلىقى، سەن خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا بۇ خەۋەرنى ساڭا يەتكۈزەلمەيمەن، ئەسلىدىمۇ سېنى خوجايىنىڭغا چېقىشتۇرۇپ قويغىدەك بىرەر كىشىنىڭ قۇلىغىغا يېتىپ قېلىشىنىمۇ خالىمايمەن.

- بۇ مۇھىم خەۋەر نېمە ئىدى؟

- بۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرى ئوتتۇرىغا چىقتى ...

- بۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرىمۇ؟

- شۇنداق، بىلال.

- كىم ئۇ؟

- ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد.

- بۇنى سەن قانداق بىلدىڭ؟

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، ئاللاھقا ئىشىنىشكە يوشۇرۇن تۈردە چاقىرىۋاتىدۇ، دېگەن پىچىرلاشلارنى ئاڭلىدىم، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم ۋە ئۇنىڭغا: ئى قاسىمنىڭ ئاتىسى! سېنىڭ ھەققىڭدە ئاڭلىغانلىرىم نېمە ئىش؟ دېدىم. ئۇ: «ئى ئەبۇ بەكرى! مېنىڭ ھەققىمدە قانداق سۆزلەرنى ئاڭلىدىڭ؟» دېدى. مەن: ئاڭلىشىمچە بىر ئىلاھقا ئىشىنىشكە چاقىرىۋېتىپسەن، شۇنداق پەرەز قىلىمەنكى، سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن، دېدىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ماڭا: ”ئى ئەبۇ بەكرى! ئۇلۇغ ۋە جەلىل بولغان رەببىم مېنى ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش بىشارەت بەرگۈچى قىلدى. ماڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى بەردى ۋە مېنى بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ئاللاھقا قەسەمكى! ھازىرغا قەدەر سەندىن ھېچبىر يالغانچىلىق كۆرمىدىم، ئەلۋەتتە سەن پەيغەمبەرلىككە ئەڭ لايىق بىرىسەن، ئامانەتكە رىئايە قىلىسەن، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىسەن، قولۇڭنى ماڭا ئۇزات، مەن ساڭا بەيئەت قىلىمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ماڭا ئۇزاتتى. مەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدىم.

- ئۇنى تەستىقلىدىڭمۇ؟

- شۇنداق، بىلال.

- بۇنىڭ كەينىدىن بىرەر مەرتىۋە ياكى مال تەلىپى چىقمىسۇن يەنە.

- ياق بىلال، مەن ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى ياخشى تونۇيمەن، شۈبھىسىزكى ئۇ بۇنىڭ ئارقىسىدىن مەرتىۋە ياكى مال تەلەپ قىلمايدۇ، خەدىچەنىڭ مال - دۇنياسى ئۇنىڭغا نەچچە ئەسىر موھتاجلىق ھېس قىلدۇرمايدۇ، مۇھەممەدنىڭ قۇرەيش ئىچىدىكى نەسەبى بولسا ئەڭ يۇقىرى ئورۇندىدۇر.

- ئۇ نېمىگە دەۋەت قىلىۋاتىدۇ؟

بۇ ئاڭلىماس، سۆزلىمەس تاشلارغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋاز كېچىش ۋە شۇنداقلا بىپايان چۆللەرنىڭ، چاقنىغان يۇلتۇزلارنىڭ، نۇر چاچقان قۇياشنىڭ، بۇ باغلار، ھاۋا ۋە ئورمانلارنىڭ ياراتقۇچىسىغا قۇللۇق قىلىشقا چاقىرىدۇ، ئۇنىڭ چاقىرىقى قۇل بىلەن خوجايىن ئارىسىدا پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئىمان ۋە ئەمەل پەرقىدىن باشقا ھېچقانداق پەرق قالدۇرماي، قۇل بىلەن ئۇنى ياراتقان پەرۋەردىگارى ئارىسىدا بىۋاستە بىر يول ئاچىدۇ. بىر قۇل ھېچبىر توسالغۇسىز رەببى كۆرسەتكەن يولدا مېڭىش ئىختىيارلىقىغا ئېرىشىدۇ. مەرھەمەت قىلىشىشقا، دوستلۇققا، ياخشىلىققا ۋە ئاللاھتىن ھەققى بىلەن قورقۇشقا چاقىرىدۇ. قىز بالىلارنى تىرىك كۆمۈشتىن، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلماي تاشلاپ قويۇشتىن نەپرەتلىنىدۇ. ئى بىلال! ئۇنىڭ چاقىرىقى دۇنيانىڭ ھۇزۇرى ۋە ئاخىرەت بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش چاقىرىقىدۇر.

بىلال خىيالغا چۆمگەن ھالدا بېشىنى پەس قىلىپ تۇرغاندا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يۈزىگە دىققەت بىلەن زەن سېلىپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ قىلغان سۆزلىرىنىڭ بىلالغا

قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى بىل-مەكچى بولغاندەك قىلاتتى. ئارىدا بىردەملىك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر ئىككىسىگىلا ھۆكۈمدار بولۇۋالغان بۇ جىمجىتلىقنى ئالدى بىلەن بۇزۇپ:

- سېنىڭ پىكرىڭ قانداق؟ بىلال دېدى.

- راستىنى ئېيتقاندا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ئى ئەبۇ بەكرى!

- نېمە دېيىشىڭنى بىلەلمەيۋاتامسەن؟ ئۆزەڭگە كەل بىلال، مەن سېنى تېخى بۇ دىنىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن مېنىڭ سۆيۈن-گىنىمدىن بەكرەك سۆيۈنۈپ كېتەر دەپ پەرەز قىلغان ئىدىم، ياخشىراق ئويلان بىلال! بۇ دىن بىلەن سەن مېنىڭ سۆيۈنۈشىمدىن بەكرەك بەختلىك بولىسەن، بۇ دىن خوجايىنىڭلار بىلەن سىلەرنى باراۋەر ئورۇنغا قويىدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىلەرنى ئۇلار بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويىدۇ. كېيىن... كېيىن.... يەنە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، دەيسەنغۇ؟ بىلال، ئەقلىڭ قوبۇل قىلالمايۋاتقان قۇرەيشنىڭ دىنى نەدە؟ بۇ توغرا ۋە دۇرۇست بولغان دىن نەدە؟ ... ھېچبىر ھەرىكەت قىلالمايدىغان ۋە تۈرلۈك - تۈرلۈك ئىسىملار بىلەن چاقىرىلغان قۇرەيشنىڭ بۇتلىرى نەدە؟ ئۆزىگە قۇللۇق قىلىشى ئۈچۈن مۇھەممەد دەۋەت قىلغان ئۇلۇغ ئاللاھ نەدە؟ ... بۇتلار بولسا ئاڭلىمايدىغان، سۆزلىيەلمەيدىغان، ھېسسىياتسىز تاشلاردىن ئىبارەت. شانى - شەۋكەتلىك ئۇلۇغ ئاللاھ بولسا ھەممىشە ھاياتتۇر، ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغىدۇر. ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بىر غالىپ زاتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستۈنلۈكىنىڭ چېكى يوقتۇر. ئۇ ئۆلتۈرەلەيدۇ ۋە تىرىلدۈرەلەيدۇ. ئۇ ھەرنەرسىگە قادىردۇر.

- ئى ئەبۇ بەكرى! مەن قۇرەيشنىڭ دىنى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىن ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقىنىم يوق، مەنمۇ شامدىن قايتقاندىن بېرى بارلىق بۇتلارنىڭ كۈچىدىن شۈبھىلىنىشكە باشلىغان ئىدىم، چۈنكى سەنمۇ بىلىسەن، ئىنساننىڭ نەپسى ئىشىنىپ كەلگەن نەرسىسىنى تاشلىشى ياكى قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدىلا يېڭى بىر دىنغا كىرىشى بىرئاز تەسكە توختايدىكەن. بۇ يېڭى دىن ئەڭ ئۈستۈن ۋە ئەڭ توغرا بىر دىن بولغان تەقدىردىمۇ...

- بەلكى بۇ سۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ چۈشلىرىنى بۇزۇپ قويۇشتىن قورققان قۇرەيشلەر تەرىپىدىن سۆزلەنسە ھەيران قالمايتتىم. سېنىڭ ئاغزىڭدىن چىقىشى غەلىتە بىر ئىش بولىدى. قۇرەيشنىڭ بۇتلىرى سېنىڭ ئاتاڭنىڭ بۇتلىرى ئەمەسقۇ؟ ئۇلاردىن شۈبھىلەنمىسەڭ ئۇلارنى چېقىشتىن نېمىشقا قورقۇسەن؟

- ھەممىنى چاقامسەن؟

- بۇنىڭغا ئىككىلىنىش كېتەمدۇ؟ بولدىلا بىلال، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىمەن، دېگىن.

بىلال مەلۇم بىر مۇددەتكىچە سۈكۈتكە چۆمدى، ئاندىن تىترەك بىر ئاۋازدا:

- شۇنداق! ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىمەن، دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەمنۇن ۋە خۇشال بولغان

تەرىزدە بىلالغا:

- ئەتە ئاخشام سىنى ئۆيۈمدە ساقلايمەن، بەيئەت قىلىشىڭ ئۈچۈن سىنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىگە بارىمىز، دېدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قايتتى. بىلال سايىسىنىڭ قاراڭغۇدا يوق بولۇشىغىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى، ئاندىن دىلىغا يېڭى دىنىنىڭ روھىنى تولدۇرغان هالدا ئۆيگە قايتىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ، شۇ تاپتا بۇ دىنىنىڭ سەۋەبىدىن زۇلۇمغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى ئىمتىھان قىلىنىدىغانلارنىڭ ئۇستازى، سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ئۈلگىسى قىلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان قورقۇنچلۇق، ئاجايىپ قاتتىق بىر ئىمتىھانغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى هېچ بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە.

بىلال مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەل- لەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. يېڭى دىن ئۇنىڭدا يېڭىچە تەسىرلەرنى پەيدا قىلىۋاتاتتى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتتى... بەزى چاغلاردا هېچكىمگە كۆرۈنمەستىن كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلەتتى.

مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ يېڭى دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرىنى ئۆگىنىشكە، ئەخلاقى بىلەن زىننەتلىنىشكە، ئۇنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقىدىن قانغۇچە ئىچىشكە باشلىغان ئىدى. مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەسۇر روھى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان، ئۇنى خار ۋە تۆۋەن كۆرۈلىدىغان بىر قۇل بولۇشتىن پۈتۈنلەي هۆر ئىنسان بولۇش يولىغا ئېلىپ چىققان ئىدى. ئەمدى بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدىغان، بۇ يولدا قەد كۆتۈرۈپ ماڭالايدىغان بىر نىشان بار بولغانىدى. هېچقانداق بىر زورلۇق ئۇنى باش ئەگدۈرەلمەيتتى، هېچقانداق بىر تەهدىت ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرالمايتتى.

بىلال مەككىدە هايات جانلىنىشتىن ۋە كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقماستىن بۇرۇن مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلدى. خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە قايتىشتىن بۇرۇن تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەئبىگە قاراپ ماڭدى. كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بۇ يەردە هېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. ئۇ بۇتلارغا سەپسېلىپ قارىغاچ ئۇلارغا قارىتا كاللىسىدىكى سوئاللارنى سورىغاچ ئۇلار ئارىسىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇندىن بۇرۇن بۇ ئاڭلىماس، سۆزلىمەس بۇتلارغا قانداقمۇ ئىبادەت قىلغان بولغىيدى؟...

بۇ بۇتلارنىڭ ئۆزىدە بىر ياخشىلىق بولمىغان يەردە ئۇلاردىن ياخشىلىق كەلسۇن دەپ ئۇلارغا قانداقمۇ يېقىنلىق قىلغان بولغىيدى؟... بۇتلار خۇشاللىق ۋە غەزەپنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان هالدا ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئىلىشتىن قانداقمۇ سۆيۈنگەن ۋە غەزەپلىنىشلىرىدىن قانداقمۇ كۆڭلى يېرىم بولغان بولغىيدى؟... ئۇلارنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن ياسالغانلىقىنى ۋە ياكى بىرەر تىلەكنى ئىجابەت قىلىشقا قادىر ئەمەسلىكىنى قانداقمۇ بىلمىگەن بولغىيتتى؟ ... ئۇ ئاخىرىدا ئۆز ئۆزىگە مۇنداق دېيىشكە باشلىدى:

- بۇ بۇتلارغا يالۋۇرغان چاغلىرىمدا كۆزلىرى- مدىن ياشلار تۆكۈلگەن ئەمەسمىدى؟ ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا يىغلىغان ئەمەسمىدىم؟ مەن نېمىدېگەن ئەخمەق - هە! خىياللارنى سېھىرلەپ

ھەقىقەت شەكلىدە كۆرسىتىلگەن بىر ئالدامچى تۇزاق!... بۇ خۇددى كىچىك چۈجىگە كەڭ بىر كىيىم كىيدۈرۈپ ئۇنى تۆگە قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغانلىق، تاشقا چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ ئۇنى ھەر ئىشقا قادىر بولغان ئىلاھلار ھالىغا ئېلىپ كېلىشمەكچى بولغانلىق ئەمەسمۇ؟ نەقەدەر ئالدىغۇچى بىر ۋەھىمە بۇ؟! كىشىلەر بۇ قىلمىشلىرى بىلەن تېخى ئۆزلىرىنى توغرا يولدا مېڭىۋاتىمىز، دەپ ھېسابلىشىدۇ ۋە بۇنىڭ سىراتىل مۇستەقىم ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشىدۇ... ئازغۇنلۇقنىڭ قېلىن پەردىسى بىلەن چۈمكەپ قويۇپ يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ، ھىدايەت بىلەن ئازغۇنلۇقنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى يوققا چىقارماقچى بولغان بۇ چوڭ ئالدامچىلىققا قارىماملىغان!...

ئۇ بۇلارنى ئويلىغاچ ھۇبەل ئىسىملىك بۇتنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنىڭغا ياخشى زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

- سەن بىچارە بۇت، قولۇڭ سۇنۇپ كەتكەن كۈنى نەدە ئىدىڭ؟ نېمىشقا قولۇڭنىڭ سۇنۇق پېتى قېلىشىغا رازى بولدۇڭ؟ سۇنغان قولۇڭنىڭ ئورنىغا كىشىلەرنىڭ ساڭا ئالتۇندىن قول قىلىپ بېرىشىنى، يەنە بىر قولۇڭنىڭ شۇ ھالەتتە قېلىشىنى سېنىڭ ئۇلۇغلۇق سۈپىتىڭ قانداقمۇ قوبۇل قىلالىدى؟ ئەسلىدە بىرمۇ قولى بولمىغان ئىككى قوللۇق ئى ئىلاھ! مەن سېنىڭ يۈزۈڭگە ئۇرغۇنىمدا ۋە بىر ئۇرۇشتا يەرگە چۈشۈرگىنىمدە ۋە ياكى يۈزۈڭگە تۈكۈرگىنىمدە، سەن مېنى قانداق قىلالايسەن؟

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى ۋە: ئېنىقكى سەن، سېنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن ھاياتىمغا لايىق بىرى ئەمەسسەن، بىچارە!... قولۇڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ قويىدىغان كۈن كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ساڭا قول ياساپ بېرىدىغان بىرىنىمۇ تاپالمايسەن، دېدى. ۋە ئۆزىنى نازارەت قىلىپ تۇرغان، بۇتلارغا قىلغانلىرىغا يوشۇرۇن دىققەت قىلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ بارلىقىدىن خەۋەرسىز ئۇ يەردىن ئايرىلدى.

## ئەھەد... ئەھەد... ئاللاھ بىر... ئاللاھ بىر

ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ ئۆيىدىن چىقتى. ئۇنىڭ يۈز ئىپادىسىگە قارىغاندا ناھايىتىمۇ پەرىشانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئەبۇ جەھىل، ئەبۇ لەھەب ۋە قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىنى ۋە ئاتا - بوۋىلىرىنى ئەقىلسىزلىق بىلەن ئەيىپلىگەن ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ھەققىدە ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن «دارۇننەدۋە» دەپ ئاتالغان مەجلىس زالىغا قاراپ ماڭدى. بەلكىم ئۇلار بىرلىكتە بارغانسىرى چوڭىيىپ، خەتەرلىك سىگناللىرىنى بېرىۋاتقان بۇ دەۋانى يوق قىلغىدەك بىرەر يول تېپىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

بۇ يېڭى دىن ئۇمەييەنى ئەندىشىگە سالغانىدى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇشىدىن ياكى بىر زەرەر بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىگەن ھالدا ئۇلارنى ئۆز ھۇزۇرىغا مېھمانغا چاقىرىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغىنىدىن كېيىن، ئۇ خۇددى تىكەننىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇلغاندەك ھالغا كەلگەن ئىدى. مۇھەممەد

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇددى بۇمۇ ئاز كەلگەندەك سافا تېغىغا چىقىپ قۇرەيش قەۋمىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق يېڭى دىنغا دەۋەت قىلىشى ئۇمەييەنىڭ ئەندىشىسىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرغانىدى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچكىمگە پەرۋا قىلمايتتى، ئالدىنقى مېھماندارچىلىقتىكى كىشىلەردىن كەلگەن ئېتىراز ۋە قارشىلىقلار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرالمىغانىدى. كىشىلەرنىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىنىغا ياخشى نەزەردە قاراۋاتقانلىقى ۋە ئۇ دەۋەت قىلىۋاتقان دىنغا كىرىۋاتقانلىقى ئۇمەييەنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقتا ئىدى. ئۇمەييە بۇ خىياللار بىلەن كېتىۋاتقاندا ئۇ دوستى ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنى كۆردى. ئۇ:

- ئى ئامىرنىڭ قۇلى!... ئى ئامىرنىڭ قۇلى!... دەپ چاقىردى.

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ئۇمەييەنىڭ قۇلاقنى پاڭ قىلغىدەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ جاۋاب بەرمەي ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. ئۇمەييە ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق ئاۋازدا چاقىردى. ئابدۇرەھمان ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايۋاتاتتى. ئۇمەييە ئاخىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگىنىچە بېرىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالغاندىن كېيىن:

- مۇھەممەد ئارىمىزنى ئاچتى. سەنمۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىنى تاشلاپ ئۇ دەۋەت قىلغان دىنغا كىردىڭمۇ نېمە؟ مەن سېنى ئامىرنىڭ قۇلى دەپ چاقىرسام ئاڭلىماسقا سېلىۋاتىسەنغۇ، سەن ئاتاڭنىڭ ساڭا قويغان بۇ ئىسمىنى تاشلىدىڭمۇ؟ دېدى.

- بىلىپ قويغىنكى، مەن مۇسۇلمان بولغان ھامان ئابدۇرەھمان ئىسمىنى ئالدىم.

- مەن «رەھمان» دېگەن بىر نەرسىنى تونۇمايمەن، سەن بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا مەن سېنى چاقىرىدىغانغا بىر ئىسىم قوي، سېنى بۇرۇنقى ئىسمىڭ بىلەن چاقىرسام جاۋاب بەرمىگىدەكسەن. مېنى دېسەڭ مەن بىلمەيدىغان بىر ئىسىم بىلەن سېنى چاقىرالمايمەن، دېدى.

- ئى ئەلىنىڭ ئاتىسى! سەن ئۆزەڭ خالىغان بىر ئىسىم بىلەن چاقىرىۋەر.

- مۇشۇنداق بولسۇن.

ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن سۆزلەشكەچ يولىنى داۋام قىلدى. ئۇمەييە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى تاشلىغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇرەھماننى ئەيىپلەيتتى. ئابدۇرەھمان بولسا ئۇنى بۇ يېڭى دىنغا دەۋەت قىلاتتى. ھەر بىرى قارشى تەرەپنى قايىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى - يۇ، ئەمما نەتىجە قازىنالمايۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تالاش - تارتىش بارغانسېرى چوڭىيىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ئۇلار دارۇننەدۋەگىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇمەييە ئۇنىڭدىن ئىزىن سوراپ ئۇ يەرگە كىرىپ كەتتى.

قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنىڭ ۋە كاتتىۋاشلارنىڭ بۇ يىغىنى تېخى ئاخىرلاشمىغان ئىدى. ئۇمەييە ۋە ئەبۇ جەھل مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تىل - ھاقارەت قىلىشقا ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىغان ئىدى. كىشىلەرنى ئۇنىڭغا دۈشمەن قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئۆچ - ئاداۋەتلىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان خەتەرلىرىدىن ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا توختالدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسىنىڭ بۇنچىلىك كۈچەپ

هۇجۇم قىلىشىنىڭ ۋە مەسخىرە قىلىشىنىڭ هېچ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوبۇل قىلىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ دەۋاسىغا نەپرەت بىلەن قارىشاتتى. ئۇلار شۇنى ئېنىق بىلىشەتتىكى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۆزلىرىنىڭ يوق بولۇشى، ئۇنىڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈشى بولسا ئۆزلىرىنىڭ چۆكۈشىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشى بولسا ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىرىدىن ئايرىلغىنى، ھوقۇق - كۈچلىرىنىڭ قوللىرىدىن ئېلىنغىنى دېگەنلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەلتەنەتلىرىنىڭ يىقىلىشىغا، ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا ئېلىپ بارىدىغان بۇ قورقۇنچ ۋە خەتەرنى ئويلاشماقتا ئىدى.

ئۇ كىشىلەر دەل بىر - بىرلىرى بىلەن بۇ ھەقتە پىكىر ئالماشتۇرۇۋاتقان، ئۇمەييە مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىش ھەققىدە ئۇلارغا تەشۋىق ۋە تەۋسىيە ھەمدە قاتتىق تەدبىر ئېلىش ھەققىدە ئەقىل ئۆگىتىۋاتقان بىر چاغدا بىر كىشى كېلىپ ئۇمەييەنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتى ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە بىر نەرسىلەرنى دېدى. ئۇمەييەنىڭ يۈزى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى ۋە غەزەپ - نەپرەتكە تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇ ئادەمگە قاراپ:

- راست دەۋاتامسەن؟ دېدى.

- ھەقىقەتەن راست.

- ئۇنىڭ مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ - كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟

- نەچچە قېتىم كۆردۈم.

- ۋاھ - ۋاھ! بۇنى ھەرگىز ئويلىمىغانىكەنمەن.

- بۇ ئۇنچىۋالا ئەمەس، مەن ئۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق نەرسىلەرگە شاھىت بولدۇم.

- ئۇ نېمە قىلدى؟

- كۆزلىرىم كۆرگەننى ئاغزىمدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايۋاتىمەن. ئۇ ئىشلارنى ھېچكىم كۆرمىگەن بولسا ئىدى.

- نېمىنى كۆرگەنلىكىڭنى دېمەمسەن؟

- كۆرگىنىم... ئۇنىڭ ئۇلۇغ بۇتىمىز ھۇبەلگە تۈكۈرگەنلىكىنى كۆردۈم.

- ئۇمەييە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ۋە:

- ئۇ شۇنداق قىلدىمۇ؟ دېدى.

- شۇنداق.

- ۋاي ئاسىي قۇل، ۋاي.

ئۇمەييەنىڭ يۈرىكى ئىنتىقام ۋە غەزەپ ئوتى بىلەن قازان قاينىغاندەك بولدى. ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشى ئۈچۈن تىرىشىپ باقتى. ھازىرلا كېتىش كېرەك. غەزەپ قاچىسىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكۈش، ھېچكىم تارتمىغان بىر ئازابنى ئۇنىڭغا تارتقۇزۇش كېرەك. ئەبۇ جەھل ئۇنىڭ بۇ ھالىنى ھېس قىلغان ۋە ئۇنىڭ بەكمۇ غەزەپلەنگەنلىكىنى، قەلبىنىڭ نەپرەت بىلەن تولغانلىقىنى ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن بىلگەن ئىدى. ئۇ:

-خەيرلىك بولسۇن، ئەلىنىڭ ئاتىسى، نېمە بولدى؟ دېدى.

- نېمە خەيرلىك بولسۇن قېرىندىشىم.

- نېمە ئىش بولۇپتۇ.

- قۇلۇم بىلال.

- نېمە بولۇپتۇ ئۇنىڭغا؟

- لات ۋە ئۇززاغا قارشى چىقىپ مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىرىپتۇ.

- بۇ نۆۋەت ئەبۇ جەھلنىڭ چىرايى دەھشەت بىر تۈستە تاتىرىپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى بىردەم يەرگە تىكىپ تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

- بۇنداق ۋەزىيەتكە قاچانغىچە چىداپ تۇرىمىز، بۇ ئەڭ چوڭ پىتنە ئەمەسمۇ؟ دەپ ۋارقىرىدى. ئۇمەييە:

- ئەگەر ئاڭلىغانلىرىم توغرا بولسا ئۇ قۇلۇمنىڭ بېشىغا كەلگەنلىرىگە ۋاي دېگۈلۈك دېۋىدى، ئەبۇ جەھل:

- ئەكسىچە بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەنلەرگە ۋاي دېسەك بولىدۇ. ناۋادا بىز يەنە مۇھەممەدنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بەرسەك، ئۇ، ئۇيەر - بۇيەردە دەۋاسىنى ئېلىپ بارىدۇ. ئاجىزلارنى ۋە قۇللارنى ئەتراپىغا توپلايدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىلاھلىرىنى ئىنكار قىلغان ئاسىيلارنى ئەتراپىغا توپلىسا شۇ چاغدا بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىدىغانلارغا ۋاي دېسەك بولىدۇ. بىزنىڭ غەبلەتلىرىمىز سەۋەبىدىن ئۇنىڭ دەۋىتى تېزلا تارقىلىۋاتىدۇ. ئەمما ھەممە نەرسە تاماملىنىپ، مەقسەتلىرىگە يېتىپ بولغىنى يوق. مۇھەممەدنىڭ تەرەپدارلىرىغا توختىماس بىر زەربە ۋە ئۇرۇش ئوتى ئېچىشىمىز كېرەك بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارغا ئەمدى ئىچ ئاغرىتىشقا، يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلىشقا بولمايدۇ. ئى ئۇمەييە! ئاشۇ پەس قۇلۇڭنىڭ قېشىغا بار ۋە ئۇنى ئەدەپلە. ئاشۇ ئەرزىمەس نەپسى - خاھىشلىرىنىڭ ئۇلارنى دىنىدىن چىقىشقا سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇ پەس كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىپ ئۇنى قاتتىق بىر قىيىن - قىستاققا ئال. ماڭ ئۇمەييە، ماڭ. بۇ ھەقتە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش ۋە ئىچ ئاغرىتىش دېگەننى قەلبىڭدىن چىقىرىپ تاشلا! بۇ ئىنكارچىلار مەرھەمەت ۋە شەپقەت دېگەنگە لايىق نەرسىلەر ئەمەس. ماڭ ئۇمەييە، ماڭ! ئۆزەمگە كەلسەم بۇ دەۋەتنى يىلتىزىدىن قۇرۇتمىغىچە ماڭا ھەرگىز ئاراملىق يوق. مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھاقارەت ۋە قارشى چىقىشلىرىغا مەجبۇر قالغان ئىلاھلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ھەيۋىتىنى ۋە ئېتىۋارلىرىنى ئىلاھلىرىمىزغا قايتۇرۇپ كەلمىگىچىلىك ماڭا دىل ئارامى يوق، ئۇيقۇ يوق. ئى مۇھەممەد ساڭا ئوچۇق جەڭ ئېلان قىلىۋاتىمەن. سېنىڭ تۇغقىنىم بولۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا يۈز - خاتىرە قىلىپ ئولتۇرمايمەن. سەن مەن تەرەپتىن ھىمايە قىلىنمايسەن ۋە شەپقەت كۆرسىتىلمەيسەن. بۇنىڭ ئەكسىچە دىلىم ساڭا قاتتىق تاشتىنمۇ بەتتەر قاتتىق بولىدۇ. ساڭا چوقۇم مىڭ بىر تۈرلۈك ئازابلارنى تارتقۇزىمەن. سەن ئاتا بىلەن ئوغلىنىڭ، قېرىنداش بىلەن قېرىنداشنىڭ ئارىسىنى بۇزدۇڭ. بېشىمىزغا شۇنداق بىر بالالارنى كەلتۈردۈڭكى، بۇندىن بۇرۇن ھېچكىم ئۆز قەۋمىگە بۇنداق بىر مۇسىبەت ئېلىپ كەلمىگەن ئىدى.

ئۇمەييە مەجلىس ئورنىدا بۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشقا تاقەت قىلالمىدى. ئەبۇ جەھلنىڭ ئاۋازى ھازىرقىدەك ئۇنىڭ قۇلىقىدا چىقىراپ تۇرغىنىچە ئۇ ئۆيىگە بوران كەبى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن بىلالنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشنى قارار قىلدى ۋە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئىچكىرىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازغا جىمجىت قۇلاق سالدى. بىلالنىڭ يېقىملىق خۇش ئاۋاز بىلەن بىر نەرسىلەرنى مەدھىيەلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئېغىزىدىن چىقىۋاتقانلار تولىمۇ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك ئىدى. ئۇ قۇلىقىنى تېخىمۇ بەكرەك

يېقىن تۇتۇپ ئاڭلىدى. ئۇ بۇندىن بۇرۇن بۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۆزنى ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. ئاڭلىغانلىرى شېئىر ئەمەس ئىدى. نەسىرمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆزىگە:

قۇللارنى سېھىرلىۋالغان نەرسە بۇلار بولسا كېرەك. شۈبھىسىزكى بۇ مۇھەممەدنىڭ قۇرئانىدۇر. ئىش ئاشكارا، ھەممە نەرسە ئېنىق بولغان ئىدى. بىلال لات ۋە ئۇززانى تاشلاپ ئۇنىڭ دەۋىتىگە ئەگەشكەنمىش... شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆكسىدىكى يانار تاغ پارتلىغان ئىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشىككە ئۇرۇلۇپ ئۆيگە بوران كەبى كىرىپ كەلدى. بىلال شۇ ھامان ئۆزىنى خوجايىنىنىڭ ئالدىدا كۆردى. ئۇنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران قالدى. خوجايىنىنىڭ چىرايىدىكى غەزەپ ئىپادىلىرىنى كۆرگەندە بولسا ئىشنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىنى چۈشەندى. بولىدىغان ئىش بولغان ئىدى. ئۇ ھېچبىر ھودۇقماستىن تۇرغان يېرىدە تۇرۇۋەردى. ناھايىتى سالماق ۋە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن بېشىغا كېلىشى ئېنىق بولۇپ بولغان بالانى ساقلاشقا باشلىدى.

- نېمە ئوقۇۋاتقانتىڭ؟

- ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى.

- قايسى ئاللاھ ئۇ؟ ئاللاھ قاچان گەپ قىلىپتۇ؟

- ئۇ، بەندىسىگە كىتابىنى ۋە ھېكمىتىنى نازىل قىلدى.

- بولدى قىل، جۆيلىمە.

- شۈبھىسىزكى ئۇ ھەقتۇر، مېنىڭمۇ رەببىمدۇر.

- سېنىڭ شۇ رەببىڭ كىم؟

- مېنىڭ رەببىم ئاسمانلارنىڭ، يەرلەرنىڭ ۋە ھەر ئىككىسى ئارىسىدىكىلەرنىڭ رەببىدۇر. ئۇنى پۈتۈن نۇقسانلاردىن پاك دەپ مەدھىيەلەيمەن.

- بولدى قىل ھو ئىپلاس قۇل، بولمىسا شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە ئىشىڭنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ھېچ پەرۋا قىلماستىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

- ئۇ، ھەممە نەرسىنى ياراتقان ۋە ھەر نەرسىگە كۈچى يەتكەن ئاللاھتۇر.

- دىنىنى تاشلىغان مۇرتەت! ئىلاھلىرىمىزغا قارشى چىقىپ سېھىرگە تۇتۇلغان بىر ئادەمگە ئەگىشەمسەن؟

- ياق، مەن كاپىر بولمىدىم. ئەكسىچە ئاللاھ مېنى توپ - توغرا يولغا باشلىدى.

ئەمدى ئۇمەييەنىڭ سەۋرى تاشقانىدى. بۇنىڭدىن ئارتۇق چىداشقا تاقىتى قالمىغانىدى. ئۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قاتتىق بىر كاچات سالغاچ ۋارقىرىدى:

- قاچاندىن باشلاپ قۇللار ئۆز ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىپ خوجايىنلىرىنىڭ بۇتلىرىنىڭ سىرتىدا ئۆزلىرىگە ئىلاھ تاللىۋالىدىغان بولۇپ كەتتى؟ سەن مېنىڭ قۇلۇمسەن، مېنىڭ مېلىمسەن، مەن ساڭا خالىغىنىمنى قىلالايمەن. سەنمۇ مېنىڭ خاھىشىم بويىچە ئىش كۆرىسەن. مېنىڭ ئىشەنگىنىمگە ئىشىنىشكە، قوبۇل ئەتكەن دىنىمدا مېڭىشقا مەجبۇرسەن.

- ئۆزىڭىزنى بىسسۇئلىنىڭ خوجايىن! مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز ئىكەنلىكىمنى ئېنىق بىلىمەن. مەن سىزنىڭ مېلىڭىز ھېسابلىنىمەن. سىزمۇ مېنىڭ ئۈستىمدە خالىغىنىڭىزنى قىلالايسىز. مەنمۇ سىزنىڭ خاھىشلىرىڭىزغا ماسلىشىشقا مەجبۇرمەن. ئەمما خوجايىن سىز پەقەتلا مېنىڭ بەدىنىمگە، ۋۇجۇدۇمغا ئىگە بولالايسىز ۋە

خالىغىنىڭىزنى قىلالايسىز. ئەقلىمگە، پىكرىمگە ۋە قەلبىمدە يوشۇرغانلىرىمغا نىسبەتەن... بۇلار ماڭا تەۋە نەرسىلەردۇر. سىزلا ئەمەس مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىگە بولالمايدۇ. ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ. سىزنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭىز ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن تەقدىردىمۇ ھېچقانداق بىر كۈچ مېنى ئىشەنمىگەن بىر نەرسىگە ئىشەندۈرۈشكە، ئېتائەت قىلمايدىغان بىر نەرسىگە ئېتائەت قىلىپ بويۇن ئېگىشكە مەجبۇر قىلالمايدۇ. كۈچ ـ قۇدرىتى ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەن ھەرقانداق بىر نەرسە مەن ئىشەنگەن نەرسىدىن مېنى ئارقىغا قايتۇرالمايدۇ. ئاللاھ مېنى ئۆزى بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغان دىنىنى تاشلاتقۇزۇشقا ھەرگىز بويۇن ئەگدۈرەلمەيدۇ. بىكار ئاۋارە بولماڭ خوجايىن.

ـ ئۆزەڭنى تۇتۇۋال بىلال! ھوش ـ كاللاڭنى يىغىۋال، بولمىسا مۇھەممەد بۇزغان ئاشۇ مەينەت روھىڭنى بەدىنىڭدىن ئېلىپ، كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتىمەن.

ـ ياق، ياق، مۇھەممەد مېنىڭ روھىمنى بۇزمىدى. ئەكسىچە ئۇ مېنى ئەڭ توغرا يولغا يېتەكلەپ قويدى.

ـ ئازغۇنلۇقىڭنى داۋام قىلىۋېرەمسەن تېخى؟ مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمغا قارشى كەلمەكچىمۇسەن؟

ـ بۇ مۇئامىلىلىرىم بىلەن ساڭا قارشى چىقىۋاتقان بولسام ئاللاھقا بويسۇنغان بولارمەن.

قارا خوتۇننىڭ ئوغلى! سېھىرگەرگە ئايلاندىڭمۇ سەن؟ لات ۋە ئۇززانىڭ ئىسمى بىلەن قەسەمكى، بۇ دىنىنى تاشلىمىغىچە سېنى قىينىغىنىم قىينىغان.

ـ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ دىنىنى تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن مېنى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتسەڭمۇ، جېنىمنى مىڭغا بۆلۈپ ئالساڭمۇ ھەرگىز تاشلىمايمەن.

ـ ئەسلىدە بۇ سېنىڭدەك قۇللارنىڭ ئىشى ئەمەس. نانكور مەخلۇق، سەن بۇرۇن ماڭا بارماقلىرىمدىن بەكرەك ئېتائەتكار ئىدىڭ. بۇ سەۋەب بىلەن ساڭا ئەڭ ياخشى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلەرنى يېگۈزگەن ئىدىم. بۈگۈن قوپۇپ ماڭا قارشى چىقىۋاتىسەن. ئەمما بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. چۈنكى سەن بىر قۇلنىڭ ئوغلى بولغان قۇلسەن خالاس.

ـ يېگەن ـ ئىچكىنىمنى پىشانەمگە ئۇرما، سەن بۇلارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئەمەس، بەلكى ساڭا ئالاھىدە خىزمەت قىلىشىم، دوست ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭنى خوش قىلىشىم ئۈچۈن قىلدىڭ. مېنى دوستلىرىڭنىڭ ئارىسىغا قىتىشىڭمۇ يەنىلا شۇ سەۋەبلەردىن ئىدى. بۈگۈن مەن سىلەرنىڭ قىممەت باھالىق كىيىملىرىڭلارغا، ياخشى تاماقلىرىڭلارغا قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيمەن. ئى خوجايىن، بۇ پانىي دۇنيادا بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق قالسام بۇ مۇھىم ئەمەس. بىردىنبىر تىلەيدىغىنىم؛ كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مەندىن مەمنۇن بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر.

ـ بۇلارنى ساڭا مۇھەممەد ئۆگەتتىمۇ؟ قاچانغىچە بەرداشلىق بېرەلەيسەنكىن كۆرۈمىز تېخى.

ـ روھىم ئۇنى ياراتقۇچىسىغا ئۇچراشقانغا قەدەر.

- كۆرۈمىز... كۆرۈمىز...

ئۆمەييە يىرتقۇچ ھايۋاندەك شىددەت بىلەن ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى ئازاب ۋە ئاداۋەت ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تېپىپ چىققان ئىدى. ئۇ خىزمەتچىلىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى. ئۇلار دەرھال يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا تىزىلىپ تۇرۇشتى. ئۆمەييە ئۇلارغا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- شۇ كاپىرنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، كونا كىيىملىرىنى كىيدۈرۈڭلار ۋە ھەددىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنى باغلاڭلار! دەپ ۋارقىرىدى.

خىزمەتچىلەر خوجايىنلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ ماڭدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئۆمەييەگە بۇرۇلۇپ ناھايىتى تەمكىن ۋە ئېغىر بېسىق بىر قىياپەت، كەسكىن بىر ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

- ئالدىرىما... مانا سېنىڭ ماڭا بەرگەن قىممەت پۇللۇق كىيىملىرىڭ. مېنىڭ ئۇلارغا ئېھتىياجىم يوق.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىيىملەرنى سېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىگە بېرىلگەن كونا كىيىملەرنى كىيدى ۋە قوللىرىنى ئۇلارنىڭ باغلىشى ئۈچۈن جۈپلەپ سۇنۇپ بەردى. ئۇلار ئۇنىڭ قوللىرىنى باغلىدى. ئۇ تەڭداشسىز بىر سۈكۈت ئىچىدە بېشىغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان يامانلىقلارنى ۋە ئۆزىگە قىلىنىدىغان قىيىن - قىستاقلارنى ساقلاشقا باشلىدى.

ئۆمەييە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىكى سوغۇققانلىقنى، سۈكۈناتنى ۋە قورقۇمسىزلىقنى كۆرگەنسېرى غەزەپ - نەپرىتى تېخىمۇ ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى باشقىلار ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە غۇچۇرلايتتى. ئۇ غەزەپلىك بىر تۇرقى بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يېقىنلاشتى. خورما قوۋزىقىدىن قىلىنغان بىر ئارغامچىنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بوينىغا ئۆتكۈزدى. ئاندىن ئىچىگە پاتمايۋاتقان ئۆچ - ئاداۋەت بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى. بۇ قاراش بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقىسىغا بولغان بولسا قورقۇشتىن يۈرىكى يېرىلغانمۇ بولاتتى. ئەمما بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا مىتمۇ قىلماي تۇرۇۋەردى.

- قىيناشلىرىم قورقۇنچلۇق بولىدۇ. بۇنى بىلىپ قالىسەن، بىلال! دېدى ۋە ئۇنى ئاغرىتقىدەك كۈچ بىلەن ئارغامچىنى سىلكىپ تارتتى. ئەمما بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېچ ئاۋاز چىقارمىدى. ئالدىدا ئۆمەييە، ئارقىسىدا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولغان شەكىلدە مېڭىشقا باشلىدى. ئۆمەييە قەبىلىنىڭ باللىرىنى چاقىردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. لات ۋە ئۇززاغا قارشى چىققان دىندىن چىققۇچى ئىنكارچىلارغا ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەككىنىڭ كوچىلىرىدا ئايلاندۇرۇشنى ئۇلارغا تاپىلىدى.

باللار بۇ يېڭى ئويۇنچۇقنىڭ ئارغامچى-سىنى قولىدا تۇتۇشقىنىچە چاقىرىشىپ - جارقىرىشىپ مەككە كوچىلىرىدا ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. كىشىلەر ئۇلاردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورۇشاتتى، جاۋاب بولسا بىرلا ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇ بۇتلارنى ئىنكار قىلغان، ئۇززانى تونىمىغان، قەۋمىنىڭ دىنىنى تاشلىغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئېغىزغا ئالغۇسىز تىل - ھاقارەتلەر ياغاتتى. ئەڭ تۆۋەن سۆپەتلەر بىلەن

سۈپەتلىشەتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئۆزىنىڭ جىمجىتلىقىنى، قەتئىيلىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، كىشىلەرگە پەرۋا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۇلارغا ھەتتا قاراپ قويايمۇ دېمەيتتى. ئۇ يولۇققان بۇ ئەھۋاللار ئۇنىڭغا ھېچبىر ئىشتەك بىلىنمەيتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغانلار كەئبىگە يېقىنلاشقىنىچە قىيا - چىيالار تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا:

ئەھەد... ئەھەد... ئاللاھ بىر... ئاللاھ بىر... دېيىشنى داۋاملاشتۇردى.

باللار چاقىرىشىپ جاقىراشسا، چوڭلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشاتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئۆزىنىڭ شوئارىنى تەكرارلايتتى: «ئەھەد... ئەھەد... ئاللاھ بىر... ئاللاھ بىر...» ئاخىردا كېچىمۇ بولدى. باللارمۇ خېلىلا ھارغان ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆيگە ئېلىپ باردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك مۇستەھكەم ۋە قەتئىي ئىدى. ھەر خىل قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. ھەق يولغا كىرىپ ئىماننىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىدى. قىيناش ۋە ھاقارەتلەرنىڭ ھەر تۈرلىكىنى كۆرسەتكەن، ناھايىتىمۇ بەك تەس بولغان بۇ قاباھەتلىك كۈننىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ خوجايىنىغا ئۇنى ئېلىپ كېلىشكەنلىكلىرىنى خەۋەر قىلىشتى. ئۇمەييە بۇ كۈن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالالارنىڭ، دۈچ كەلگەن ئەزىيەتلەرنىڭ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەقلىنى بېشىغا كەلتۈرگىنىگە ئىشەنگەن ھالدا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپكە يۈزلەندى. ئەمما بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغىنىدا بولسا ئۇ ئورنىدىن قىمىرمۇ قىلمىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمىغان ھالدا تۇراتتى. ئۇمەييە ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرمەسلىككە سېلىپ يۇمشاق بىر تەلەپپۇزدا:

ھە... بىلال! مېنىڭچە ئەقلىڭ بېشىڭغا كەلدىغۇ دەيمەن، دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ئەھەد... ئەھەد... دېگەننى ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب ئورنىدا قايتۇردى.

- بولدى ئەمدى، بىلال! مېنى بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئاچچىغلاندۇرما، بولمىسا مەن بۇنىڭ- دىنمۇ قاتتىق قىينايمەن سېنى بىكار.

- ئەھەد... ئەھەد...

- ماڭا قارا! ئۆزەڭنىڭ پۇرسىتىڭنى قاچۇرۇشقا مېنى زورلىما، جېنىڭنىڭ مېنىڭ قولۇمدا ئىكەنلىكىنى بىل. ماڭا نىسبەتەن سېنىڭ جېنىڭ خورمىنىڭ ئۇرۇقچىلىكمۇ قىممەتكە ئىگە ئەمەس.

- ئەھەد... ئەھەد... ئۇمەييە:

- لات ۋە ئۇززا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنى ئۆلتۈرىمەن. ئۇمەييە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. ئىككى قولى بىلەن گېلىنى بوغۇپ بىر مۇددەت سىققاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا قويۇپ بەردى ۋە:

ياق، ياق، ئەگەر سېنى ئۆلتۈرسەم قىيناشتىن قۇتۇلدۇرغان بولۇپ قالىدىكەنمەن. ياق... ياق... بۇ راھەتنى ساڭا راۋا كۆرمەيمەن، دېدى ۋە ئۇنى قاتتىق بىر ئىتتەردى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەرگە يۇمۇلاپ چۈشتى. ئۇمەييە ئىشىككە قاراپ ماڭغاندا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەھەد... ئەھەد... ئاللاھ بىر، ئاللاھ بىر ... ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى! ناۋادا سىلەرنى رەنجىتىدىغان بۇنىڭدىن باشقا بىر سۆزنى بىلگىنىمدە ئۇنى سۆزلىگەن بولاتتىم، دېدى.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتىۋاتاتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سېلىنغان زۇلۇملارمۇ بارغانسېرى قاتتىقلىشىپ بېرىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ قارارىدىن ھېچ ۋاز كەچمىگەن، تاقابىل تۇرۇش كۈچى ئاجىزلىمىغان، ھېچقانداق بىر قىيىن - قىستاق ئۇنى يولىدىن قايتۇرالمىغان ئىدى. ئۈمەييەمۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كۈتكىنىگە ئېرىشەلمەيۋاتاتتى. ئەبۇ جەھىل بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قىيناش توغرىسىدا ئۈمەييەنى قوللاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ئۇمۇ مەغلۇبىيەتكە دۇچ كېلىۋاتاتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇلارنىڭ غەزىپى تاشماقتا ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار ئۆزلىرىنى ھاقارەتلىگەن ۋە ھەر ئىككىسىنى بىر تىنىڭگە يارىماس قىلىۋەتكەن بۇ قۇلنى قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن بىر يەرگە كەلدى. ئۈمەييە ئەبۇ جەھىلگە:

ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك قىيناشلارنى قىلىپ بولدۇق، ھېچ تەۋرەنمىدى. يولىدىن قايتمىغىنىنى ئاز دەپ بىزنى خوش قىلغۇدەك بىرەر ئېغىز گەپنىمۇ ئېغىزىدىن چىقارمىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن ۋە ئىشەنگەن دىنىدىن بىراقلا قۇتۇلماي باشقا چارىمىزمۇ قالمىدى، دېدى. ئەبۇ جەھىل:

- ئۇنى قانداقمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولىسەن؟ ئى ئۈمەييە بىلمەمسەن؟ ئۇنى ئۆلتۈرۈشىمىز بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىز ۋە قابىلىيەتسىزلىكىمىزنى بىلدۈرمەمدۇ؟

- ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىڭغا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

- ئۇنى قىيناشنى داۋاملاشتۇرىمىز.

- قاچانغىچە؟...

- مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئىلاھىنى ئىنكار قىلغىچە .

- ئى ئەبۇ جەھىل! مەن شۇنداق ھېس قىلىۋاتىمەنكى، بىز بىر قۇرۇق خىيالغا باغلىنىپ يۈرىۋاتىمىز. مەن بۇ قارا خوتۇننىڭ بالىسىنىڭ قىيناشلارغا قىلغان سەۋرىسىنى بۇندىن بۇرۇن بىرەرىنىڭ قىلالىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

- ئۈمىدىڭنى ئۈزۈۋەتمە. ئۇ بۈگۈنكى قىيناشقا ھەرگىز چىداشلىق بېرەلمەيدۇ.

- ئۇنى قانداق قىلماقچىسەن؟

- بۈگۈن ھاۋا بەكلا ئىسسىق، ھارارەت يۇقىرى، قۇياش ئادەمنىڭ يۈزىنى كۆيدۈرگىدەك ھالدا بولىدۇ. مەن ئۇنىڭغا تۆمۈردىن ساۋۇت كىيدۈرىمەن. مەككە ۋادىسىدىكى قىزىق قۇياش ئاستىدا، يالقۇندەك ئىسسىق قۇملارنىڭ ئۈستىدە قوللىرى، ئاياقلىرى باغلانغان ھالدا تاشلاپ قويىمەن. ئۇنىڭ بۇلارغا چىداشقا ھەرگىز كۈچى يەتمەيدۇ.

- شۇنداق گۇمان قىلامسەن؟

- ياق تېخى... بۇنىڭ داۋامى بار. مەن بىزدىن كەچۈرۈم ۋە مەرھەمەت تىلىگىنىنى، يالۋۇرغىنىنى ئاڭلىغاندەك بولۇۋاتىمەن.

- ئۇنداق بولسا ئۇنىڭغا خالىغىنىڭنى قىل.

ئارىدىن بىر ئاز ئۆتۈپ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قول - پۇتلىرى باغلانغان ھالدا ئېلىپ كېلىنىپ، ئۇنى قۇم ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قۇياش تەپتى ئۈستىگە تاشلاپ كېتىشتى. قۇياش ئاتەشتەك

ئوقلىرىنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈستىگە سانجىشقا باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى پۈكۈلگەن هالدا بولسىمۇ يەنىلا سەۋر بىلەن چىداشلىق بېرىۋاتاتتى. بۇمۇ ئاز كېلىپ قالغاندەك شامال قىزىق قۇملارنى قۇياشنىڭ قىزىقىدا تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەدىنىگە يېپىشتۇراتتى. تەرلىرى كۆز ئەتراپلىرىنى لىق تولدۇرغانىدى. بۇلار بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن بالا ئۈستىگە بالا ئىدى. ئەمما ئۇ سەۋر قىلىۋاتاتتى. ئۈمىدسىزلەنمەيتتى. ئىشەنچ ۋە كەسكىن ئىمانغا تولغان قەلبى بىلەن رەببىدىن بىر قۇتۇلۇش يولى كۈتۈۋاتاتتى.

بىرقانچە سائەتتىن كېيىن ئارقىسىغا چوماقچىلىرىنى ئەگەشتۈرگەن ئۈمەييە بىلەن ئەبۇ جەهىل قىلغان ئىشلىرىنىڭ بۇ قۇربانلىقنىڭ ئۈستىدە قانداق بىر ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان-لىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن يېتىپ كېلىشتى. ئەبۇ جەهىل ئۆزىگە ئىشەنگەن هالدا يالۋۇرۇشلارنى، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە كۆنۈپ، ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورىغىنىنى ئاڭلاش ئۈمىدىدە ئۇدۇل بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ جەهل، ئۈمەييە ۋە ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى كۆرە - كۆرمەس ئۆزىنى رۇستلاپ، ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى ۋە كۈچلۈك بىر هالەتكە كېلىش ئۈچۈن تىرىشتى. ئەبۇ جەهل ئۇنىڭغا ئېگىلىپ:

هە... بىلال! ۋاز كەچتىڭمۇ؟ دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەهەد... ئەهەد...

بۇ ئاۋاز ئەبۇ جەهلنىڭ قۇلىقىغا كىرە - كىرمەستىن ئۇنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى. قاتتىق بىر شەكىلدە ئۇنى بىر تەپتى ۋە: هازىرغىچە ئازغۇنلۇقتا داۋام ئېتىۋاتامسەن، تېخى... دەپ چالۋاقىدى ۋە ئەتراپىغا قارىدى. يوغان بىر قۇرام تاشنى كۆردى. چوماقچىلىرىنى ئۇ تاشنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆكسىگە قويۇشقا بۇيرۇدى. قۇرام تاشنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇشتى. ئۈستىگە قويۇلغان قۇرام تاش بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەلىمىنى يەنە بىر دەرىجە ئاشۇرغانىدى. ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى ۋە دىنغا بولغان ئەقىدىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئىدى. ئۇ تۆۋەن بىر ئاۋاز بىلەن:

ئەهەد... ئەهەد... دېيىشنى داۋام قىلاتتى.

قاتتىق ئاغرىق بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈزىدە چوڭقۇر قورۇقلارنى پەيدا قىلاتتى ۋە قانچىلىك دەرىجىدە كۈچەۋاتقانلىقى بىلىنىۋاتاتتى. تەستە نەپەس ئېلىشقا، ئىڭراشقا ۋە ئاغرىق ئازابىنى بىلىندۈرۈپ قويۇشقا باشلىغان ئىدى. ئەبۇ جەهل بىلەن ئۈمەييە قاتارلىقلار تاشتىنمۇ قاتتىق يۈرەك بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازابلىرىنى تاماشا قىلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۈچى بىردەمدىن كېيىن تۈگەيدۇ، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ قىلغانلىرىغا ئېرىشىدۇ، دەپ خىيال قىلىشاتتى. بۇ ئارىدا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ لەۋلىرى مىدىرلىدى. ئۆزلىرى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلغان سۆزلەرنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن قىيناشلارغا تۇتۇلغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغان سۆزلىرىنى سۆزلەشكە مەجبۇر قالغانلىرىدەك ئۇنىڭمۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ رەببىگە تىل ئۇزىتىشىنى پەرەز قىلغان هالدا ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇلاقلىرىنى يېقىن ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلدى. ئەمما نېمىنى ئاڭلىدى دېمەمسىز، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ لەۋلىرىنى ئۇلار ئاڭلاشنى خالىمايدىغان سۆزلەرنى سۆزلەش ئۈچۈن مىدىرلاتقان ئىدى.

ئەھەد... ئەھەد... مېنىڭ جېنىمنى ئالساڭلارمۇ ئۆلۈمنىڭ پۇرىقى بىلەنمۇ رەھمان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيمەن. ئى ئىبراھىم... ئى يۈنۈسنىڭ رەببى! ئى مۇسا، ئى ئىيسانىڭ رەببى بولغان ئاللاھ! مېنى بۇ زالىملارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرغىن. مېنى كەچۈر ئاللاھ...!

بۇلاردىن كېيىن مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلسۇنمۇ؟ بۇ قىيناشلاردىن كېيىن پەرۋەردىگارغا يېلىنىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىمىسۇنمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىغا يېتىش ئۈچۈن ئىسلىغان ئەڭ ئاخىرقى ئۇمىد يىپلىرى ئۈزۈلگەنىدى. بۇلاردىن كېيىن مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ ۋە ئۇلارغا تارتقۇزغان ئازابىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇنى يەنىلا شۇ ھالدا تاشلاپ قويۇشتى. ئۇمەييە ئەبۇ جەھلگە قارىدى ۋە: قىيناشلارنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ساڭا دېمىگەنمىدىم؟ ئۇ بەكلا كاژ بىر قول، ئۇڭشالماس... ئۇنى ئۆلتۈرمەكتىن باشقا چارىمىز يوق، دېدى. ئەبۇ جەھل ئۇيغا چۆككەن بىر ھالەتتە بېشىنى ئەگدى ۋە بىرەر جاۋاب بېرەلمىدى.

* * * * *

دەل شۇ كۈنى چۈش ۋاقتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىن چىققىنىچە ئىتتىك - ئىتتىك ماڭدى. ئوتتەك كۈن نۇرى ئۇنىڭ يۈزلىرىنى كۆيدۈرەتتى ۋە ئۇنى تەر سۇلىرىغا چۆمدۈرۈۋەتكەنىدى. ئىسسىقنىڭ تەپتىدىن نەپەسلەر قىيىنلىشىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى. ئۇنىڭ خىيالى باشقا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قىيناۋاتامدىغاندۇ؟ دېگەن ئوي ۋە ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئېھتىماللىنىڭمۇ مۇمكىنلىكى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسىنى ئويلىيالمايتتى. قىيناش ئەڭ يۇكسەك پەللىگە چىققانىدى. يوغان بىر تاشنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان ئىنسانلارنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ يوغان بىر تاش پارچىسىنىڭ ئاستىدا جېنى قىيىنىلىۋاتقان، ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتقان، ھەمىشە «ئەھەد... ئەھەد...» دەپ پىچىرلاۋاتقان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆردى. ئەبۇ بەكرىنىڭ بېشى قېيىپ، تومۇرلىرىدىكى قان دولقۇن ھالەتكە كەلگەندەك بولدى. بىر - بىرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان ئوخشىمىغان تۇيغۇلار يۈرىكىگە پاتماي قالدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇمەييە ۋە ئەبۇ جەھلگە قارشى غەزەپ ۋە نەپرەتلەر بىلەن تولۇپ تاشتى. ھېسسىياتىنى تىزگىنلەپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قادىر بولالمىدى. ئۇ ئۇمەييەنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىشقا ۋە ئۇلارنى يوللىرىدىن قايتۇرۇشقا تەشنا بۇ كىشىلەردىن قىلچە قورقماستىن ۋارقىرىدى:

- بۇ ئىنسانغا قىلغان زۇلمىڭلار قاچان

ئاخىرلىشىدۇ؟

- سېنىڭ كارىڭ نېمە؟ ئۇ مېنىڭ قۇلۇم، خالىسام قىينايمەن، خالىسام قويۇپ بېرىمەن.

- ئاللاھتىن قورقمامسەن؟

- ئى ئەبۇ قۇھەفانىڭ ئوغلى، بولدى قىل، ئۇ ئەسلىدىلا سېنىڭ سەۋەبىڭدىن قىينىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەقلىنى ئازدۇرغان سەن ئەمەسمۇ؟

- مەن ئۇنىڭ ئەقلىنى ئازدۇرمىدىم. ئۇنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىغا سەۋەب بولدۇم.

- بولدى قىل، بىزنى ئارامىمىزدا قوي.

- ئۇنى قويۇۋەتمىگىچە يېنىڭلاردىن ئايرىلمايمەن.

- دىنىمىزغا قايتمىغىچە ياكى ئۆلگۈچە قويۇۋەتمەيمەن.

- ئۇ ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا قايتمايدۇ. توغرا بولغان يولنى ئازغۇن يولغا تېگىشمەيدۇ. نۇرغا ئېرىشكەندىن كېيىن قايتا قاراڭغۇلۇققا قايتمايدۇ.

- ئۇنى كەچۈرىشىمىزنى ئۆتۈنۈش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ ياكى بىزنى ئەيىبلەپ، يۈزىمىزدىن يۈزىمىزگە دىنىمىزنى سۆكۈش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟

- ياق، مەن ئۇنىڭ تاكى ئۆلگەنگە قەدەر دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىدىغانلىقىنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىم، ئۇ ئۆلگەن تەقدىردىمۇ زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا سەن بولىسەن.

- مەن ئۇنى قويۇپ بەرسەم يەپ - ئىچىپ يۈرۈپ ئىلاھلىرىمىزغا ھاقارەت قىلسۇن ۋە بالىلىرىمىزنىڭ ئەقلىنى بۇلغىسۇن، شۇنداقمۇ؟

- مەن ئۇنى سېتىپ ئېلىشقا تەييارمەن.

- ئۇنى سېتىۋالامسەن؟

- شۇنداق سېتىۋالىمەن.

- ئۇنىڭ ھەققىگە نېمە بېرىسەن؟

- سەن نېمە دېسەڭ شۇنى.

- بەش ئوقىيە[1] ئالتۇنغا ساتىمەن.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ تەلەپ قىلغان پۇلنى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇمەييە بولسا:

- بىر ئوقىيەگە ئالىمەن، دېگەن بولساڭمۇ سېتىۋېتەتتىم، دېدى. ئەبۇ بەكرى:

- يەنە يۈز ئوقىيەنى قوشۇپ دېگەن بولساڭمۇ ئۇنى سېتىپ ئالغان بولاتتىم، دېدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ يۈگۈردى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يوغان تاشنى ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئېلىۋېتىشكە تىرىشتى. ئۇ يەردە تۇرغان بىرقانچە كىشى ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. ئۇلار بىرلىكتە يوغان تاشنى ئېلىپ تاشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇردى. قولىنى ئەبۇ بەكرىنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بىرلىكتە مېڭىپ كەتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولدا كېتىۋېتىپ ئەبۇ بەكرىگە قاراپ:

- ئەگەر مېنى پەقەتلا ئۆزەڭ ئۈچۈن سېتىۋالغان بولساڭ ئۆز يېنىڭدا ئېلىپ قالالايسەن، ئەگەر مېنى پەقەتلا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن سېتىۋالغان بولساڭ مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇپ بەر، مەن ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلاي، دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە بېرىشتى. رۇخسەت ئېلىپ ئىچىگە كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرۈپ يۈزلىرىدە جىلۋە قىلدى ۋە ئەبۇ بەكرىگە قاراپ:

(1) ئېغىرلىق بىرلىكى بولۇپ، بىر ئوقىيە 12 ياكى 40 دىرھەمگە تەڭ.

- «ئى ئەبۇ بەكرى! ئۇنىڭدا سېنىڭ بىرەر ھەققىڭ بارمۇ؟» دېدى. ئەبۇ بەكرى:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنى ئازات قىلىۋەتتىم، دېدى.

## بايلار ۋە كەمبەغەللەر

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۆرلۈككە ئېرىشكەن، ئۇنىڭ قۇللۇق ھاياتى ئۆتكەن تارىختا ئايلانغان ۋە زۇلۇم تارتقان كۈنلىرى ئاخىرلاشقان ئىدى. ئەمما قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن ھاقارەت قىلىشنى، ئۇلارنى قىيناشلارنى تاشلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۇمەييەنىڭ قولىدىكى چاغدا ئېرىشكەن نېمەتلەردىن ئايرىلغان، پاراۋان بىر تۇرمۇشتىن قىيىن ۋە يوقسۇللۇق ئىچىدە ياشاشقا، تۇرمۇش غېمىدىن يىراق، تىرىكچىلىك يولى بار بولغان ھاياتتىن تۇرمۇشتا غورگۇل ۋە قىيىنچىلىقتا يولۇقۇش خەتىرىگە دۇچ كەلگەن ھالدا ياشاشقا ئۆتكەن ئىدى. ئەمما بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭغا قىلچە ئېغىر كەلمىدى. ئۇ، بۇلارغا پەرۋامۇ قىلمىدى. ئۇنىڭ قەلبى ئۆزىنى ۋە ئۆتمۈشىنى ئۇنۇتقان ھالدا باشقا ئىستەكلەرگە يۈزلەنگەنىدى، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئۈمىدلەر بىلەن تولۇپ تاشقانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ غايىسى ئېنىق ئىدى. ئۇ بۇ غايىسى ئۈچۈن تىرىشماقتا! زۇلۇم، بېسىم، ھاقارەت ۋە ئاچ - يالىڭاچلىق ئۇنى ئۆز غايىسى يولىدا تىرىشىشتىن توختىتىپ قويالمايتتى. ئەسلىدە قۇل بولۇپ چوڭ بولغان بۇ قۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان سۆھبەت ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىرىدا قۇرۇلغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن كېيىن باشقىچە بىر ئىنسانغا ئايلانغانىدى. ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە قايتىشقا بولغان ئىنتىلىشى ۋە ھاياتتا بۇ ئىنتىلىشىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلىدىغان باشقا بىر غايىلىك ئىنسانغا ئايلانغانىدى. ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلغىچە ۋە ئاللاھ ۋەدە قىلغان نۇسرەتنىڭ بېرىلىشىگە قەدەر بۇ يولدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەزىيەت چېكىشكە ۋە ئەمەللەردە ئۇنىڭ بىلەن ھەمدەمدە بولۇشقا قارار بەرگەنىدى.

كۈنلەر ئۆتىۋاتاتتى، قۇرەيشنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا يۈرگۈزگەن زۇلۇملىرى يىنىكلەي دېمەيتتى. ئەكسىچە مۇسۇلمانلاردىن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ كەتكەنلىرىنىڭ ھەبەشىستاندا نەجاشىنىڭ قوغدىشى ۋە ھىمايىسى ئاستىدا بىخەتەر ۋە ئاسايىشلىقتا ئېرىشكەنلىكلىرىنى، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن ئەلچىلەرنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشكەنلىكلىرىنى كۆرگەن مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا قاراتقان زۇلمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا باشلىغان ئىدى.

قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە قارشى قانداق بىر تەدبىر قوللىنىش كېرەكلىكى، بۇ ئاددىي شەكىلدىكى كونا قىيناش قوراللىرىنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ بەكرەك قاتتىق يارىلارنى پەيدا قىلىدىغان قوراللارنى پەيدا قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن يىغىلىشتى. ئەبۇ جەھل يىغىلىشقا قاتناشقانلارغا قاراپ:

- شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى بىز مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ھېچ چۈشىنەلمەي قالدۇق. بىز ئۇلارنىڭ جانلىرىغا، ماللىرىغا زىيان

سىلىۋاتىمىز، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ. سانلىرى بولسا ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. راستىنى دېگەندە مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرىنىڭ سانى ئارىمىزدا بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. قارىمامسىلەر ئۇلارنىڭ دىنى مەككىنىڭ سىرتىغىچە يېيىلدى. ئۇلار ھەبەشىستاندا يەرلەشتى. مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇ يەردە شان - شەرەپكە، كۈچ - قۇۋۋەتكە ۋە ھىمايىگە ئېرىشتى، دېدى.

يىغىنغا قاتناشقانلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ھېچنېمە ساتماسلىققا، ئۇلاردىنمۇ بىر نەرسە ئالماسلىققا قارار قىلىشتى يەنى ئۇلارغا ئىقتىسادىي ئىمبارگو يۈرگۈزۈشنى قارار قىلىشتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇنداق قىلغاندا مۇسۇلمانلار ئەقلى - ھوشىنى تېپىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار بۇ قارارنى يېزىپ كەئبىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويدى.

مۇسۇلمانلار ئەبۇ تالىپ مەھەللىسىدىكى شىئىب دېيىلگەن بىر ئورۇندا قورشاۋغا ئېلىندى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئۇلارنى ئاچلىق ۋە ھېچقانداق بىر ياردەمچىسىز يوقسۇل ھالەتتە تاشلاپ قويۇشتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇچ كېلىۋاتقان بېسىم ۋە ئاچلىقتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى.

كۈنلەر ئاستا - ئاستا ئۆتكەنسېرى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىقتىسادىي ئىمبارگو-نىڭ تەسىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلار سۆز بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر ئاچارچىلىققا دۇچ كەلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئاچ ۋە سۇسىز قالغان، بۇ سەۋەبتىن جىسمانىي كۈچى ئاجىزلىشىشقا باشلىغان ئىدى. كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، پاچاقلىرى ماڭىسا ماغدۇرسىزلىقتىن تىترەيدىغان ھالغا كەلگەنىدى. ئاچلىق سەۋەبىدىن ھالسىزلىنىپ يۆكىلىنىپ قالغانىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ بۇرۇن تارتقان زۇلۇم ۋە قىيىن قىستاقلىرىدەك تەسىر قىلمىغان ئىدى. ئاچلىق ئۇنىڭ روھىنى ئاجىزلىتالمىغان، ئەقىدىسىنى تەۋرىتەلمىگەن، ئىمانىغا ھېچقانداق بىر زىيان ئېلىپ كېلەلمىگەن ئىدى. ئەكسىچە بۇ ئېغىر كۈنلەر ئۇنىڭ روھىنى تېخىمۇ پاكلاشتۇرغانىدى. ئەسلىدىمۇ نەپسىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن ئازاب ۋە مۇشەققەتتىنمۇ بەكرەك باشقا بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ يېتىش مۇمكىنمۇ؟ نەپس ئۈچۈن ئېيتقاندا ئېغىر ئازابلار خۇددى مەدەنلەرنى ئېرىتىپ ئۇنىڭدىكى كېرەكسىز نەرسىلەرنى يوقىتىپ ساپ بولغان كان بايلىقلىرىنى ئايرىپ چىقىرىدىغان ئوتقا ئوخشاش رولغا ئىگە ئىدى.

بۇ نەپرەتلىك ئىقتىسادىي ئىمبارگو ئاستىدا قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئاھ - زارلىرى يۈرەكلىرى تاشتىنمۇ بەكرەك قېتىپ كەتكەن بەزى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى خۇرسەنلىك تۇيغۇسىغا چۆمدۈرگەن بولسا بەزىلەرنىڭ كۆڭلىنى يۇمشاتتى. بۇ خىل كىشىلەر: ئۇ باللار بىزنىڭمۇ باللىرىمىزدۇر. بۇ باللار باشقا باللارغا ئوخشاشلا بىزنىڭمۇ باللىرىمىز ھېسابلىنىدۇ. ئۇ باللارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، ئاتا - بوۋىلىرى دىنىدىن چىقسا، بۇ باللارغا نېمە گۇناھ؟ دېگەندەك نارازىلىق سۆزلىرىنى دېيىشكە

باشلىدى. ئاخىرىدا بۇ خىلدىكى يۇمشاق كۆڭۈل كىشىلەر بۇ ئىمبارگونى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇلار ئىمبارگو قارارنامىسىنى ئېلىپ پارچە - پارچە قىلىپ يىرتىپ تاشلاشتى.

مۇسۇلمانلار ئىمبارگو يۈرگۈزۈلۈپ ياشىغان بۇ قورشاۋ ھاياتى ئىچىدىن ئىرادىلىرى تېخىمۇ چىڭىغان، قەلبلىرىدىكى ئىمانلىرى تېخىمۇ كۈچەيگەن، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچلىرى تېخىمۇ ئاشقان ھالەتتە چىقىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ مۇقەددەس دىنىنى ئەتراپقا ئاشكارا يېيىشقا، ياكى بۇ يولدا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىگىچە كۈرەش قىلىشقا چىڭ ئىرادە باغلاشقانىدى.

ھەرقايسى جايلاردىن كەئبىنى تاۋاپ قىلغۇچى زىيارەتچىلەر گۇرۇھلىرى كېلىشكەنىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سۇھەيب، ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەبباب ۋە ئۇلاردىن باشقا بىرقانچە ئاجىز مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە كەئبە ئەتراپىغا كېلىشكەنىدى. ئۇلار كەلگەن كىشىلەرگە بۇ يېڭى دىننى چۈشەندۈرەتتى ۋە ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلىشاتتى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى بولسا كەلگۈچىلەرنى بۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرمەسلىككە تىرىشاتتى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتلىرىگە قۇلاق سالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئامالى قالمايۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ توسۇشلىرى ۋە كۆرسەتكەن بۇ خىلدىكى تىرىشچانلىقى ئەكس تەسىر بېرىپ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاۋاتاتتى. ئەمما ئۇلار ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يارىتىلىشىدىلا بىر نەرسىلەرگە قىزىقىشچان بولىدىغانلىقىنى، بىر نەرسىنى توسۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ دەل ئەكسىچە ئۇ نەرسىگە جەلپ قىلىشنىڭ يەنە بىر يولى ئىكەنلىكىنى ھېچ ئويلاشمىغان ئىدى. كىشىلەر توسۇلغان بۇ تېما ھەققىدە تېخىمۇ كۆپرەك بىر نەرسىلەرنى ئاڭلاشقا تىرىشاتتى، دەۋەت ھەر تەرەپكە تارقاپ كۈچلىنىۋاتاتتى. قۇرەيشلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا خەتەر بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. پۈتۈن ئەرەبلەر مۇھەممەدنىڭ دەۋىتىدىن خەۋەردار بولغان، ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى كۆتۈرۈپ چىققان «تەۋھىد» دەۋىتىدىن خەۋەردار بولغانىدى. بۇ يەرگە كەلگەن بارلىق ھەج گۇرۇپپىلىرى بۇ چوڭ خەۋەر ھەققىدە سۆزلىشەتتى، ئەھۋالنى سوراپ ھەقىقەتنى بىلىشكە يۈزلىنەتتى.

بىر كۈنى بەنى تەمىم جەمەتىدىن ئەقرا ئىبنى ھەبىس ۋە ئۇيەينە ئەلفەزارى ئۆيلىرىدىن چىقىشتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇدار قەبىلىسىدىن مۇسۇلمان بولغان كاتتىۋاشلار ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى تېخىچە پۈتۈنلەي تەسلىم بولۇشتەك بىر روھقا ئىگە بولۇپ بولالمىغان ئىدى. يېڭى دىنىنىڭ ئۇلۇغ ئاساسىي چۈشەنچىلىرىنى تېخى ئۆگەنمىگەن، قوبۇل قىلغان بۇ دىنىنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشلىرى كېرەكلىكىگە تازا ئېھتىياج تۇيغۇسى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىردىنبىر ئويلايدىغىنى قانداق قىلغاندا قەۋمى تەرىپىدىن «ئۇ ئىككىسى قەۋمىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى تاشلاشتى» دېيىشلىرىنى توسۇپ قېلىش ئىدى. بۇنداق قىلالىغىنىدا ھەر ئىككى تەرەپكە ياخشى كۆرۈنۈشكە، نام - ئابرويلىرىنى

قوغداپ قىلىشقا، بەلكىم يەنە شۆھرەتلىرىگە شۆھرەت قوشۇلۇشىغا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئۈمىد قىلىدىغانلىرى پەقەت شۇلاردىنلا ئىبارەت ئىدى.

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇ تەرەپتىن تەقدىرلىنىشنى ئۈمىد قىلىشقان ھالدا يولغا چىققانىدى. ھەرقايسى جايدىن كەلگەنلەر ئۇ ئىككىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆرگىنىدە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرىنى تونۇپ يەتكەن ۋە بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ مۇرادلىرى ھاسىل بولغان بولاتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارزۇسىمۇ شۇنىڭدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئەمما ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار يەرگە يېقىنلىشىپ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سۇھەيب، ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەبباب ۋە ئۇلاردىن باشقا بىرقانچە ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇشقانلىقلىرىنى كۆرۈشى بىلەن بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. ئۇ ئىككىسى بۇ كىشىلەرنى مەنسىتمىگەنىدى. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىشلىرىدە بۇنداق ئەھۋالنى كۆرەرمىز دەپ ئويلاشمىغان، بۇ قۇللارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇشلىرىنى ئەقىللىرى توغرا تېپىشمىغان ئىدى. ئۇلار بۇنداق سورۇن ئۈچۈن كەلمىگەن، بۇنداق كىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇش ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇشمىغان ئىدى. ئەقرا ئىبنى ھابىس ئۆيەينەگە قاراپ:

- دېمەكچى بولغىنىمغا ئىشەنگىنىكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قۇللارنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدىم، دېدى.

- بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ تاللانغان دوستلىرىدۇر.

- بۇلاردىنمۇ بەكرەك ياخشىلىرىنى تاپالمىدىمۇ ؟

- ئۇلار مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم-دىن ھەمىشە ئايرىلمايدۇ. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مىسال قىلىپ ئېيتساق مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەگە بارسا ئۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شۇ يەرگە بارىدۇ.

- ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ماڭامدۇق؟

- ياق.

- ئۇنداق بولسا بىز نېمىدەپ كەلدۇق؟

- مەن پەيغەمبەردىن بىز كەلگەندە ئۇلارنى يانلىرىدىن كەتكۈزىۋېتىشنى تەلەپ قىلىمەن.

- بۇنى قوبۇل قىلارمۇ؟

- نېمىشقا قوبۇل قىلمىغۇدەك؟

ئۇلار بىرلىكتە مېڭىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارغاندا ئەقرا ئىگىلىپ: بىز، سېنىڭ ئۇلارنى قاتماي پەقەتلا بىز ئۈچۈن بىر سۆھبەت سورۇنى ھازىرلاپ بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەرەبلەر بىزنىڭ تېگى - تەكتىمىزنى ياخشى بىلىدۇ، سېنىڭ قېشىڭغا ھەممە يەردىن نۇرغۇن ئىنسانلار كېلىدۇ. بىز كەلگۈچى ئەرەبلەرنىڭ بىزنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان ھالىتىمىزدە كۆرۈپ قېلىشىدىن نومۇس قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سېنىڭ يېنىڭغا كەلگىنىمىزدە ئۇلارنى يېنىڭدىن كەتكۈزىۋەتكىن. بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئاخىرلاشقاندا بولسا ئۇلار بىلەن قانچىلىك ئولتۇرغۇڭ بولسا ئولتۇرىۋەرسەڭ

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com

بولـدۇ، دېـدى.

بۇ تەلەپلەرنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەـ لەيھىسساالام بېشىنى سىلىپ خېلى ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن:

ـ «ماقۇل» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى بۇ يەردىن كېتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار بۇ يەردىن كەتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇ يەردىن يىراقلاشتى. ئەمما ئۇنىڭ دىلىنى بىر كۆڭۈلسىزلىك قورشىۋالغانىدى. ئۇ ئۆز ئۆزىگە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كاتتا كىشىلەر ئۈچۈن بىزنى يېنىدىن قوغلىدىمۇ؟ دېدى. ئۇ بېشىنى ئالدىغا ئەگدى. ئۇ بۇ كۆڭۈلسىزلىك ھەققىدە ئۆز ئۆزى بىلەن دە ـ تالاش قىلىشىشقا باشلىغاندا، قەلبى ئۇنىڭغا: ئۆزەڭنى بېسىۋال بىلال ، ئۆزەڭنى بېسىۋال، بۇنداق خىياللارنى كاللاڭغا قانداقمۇ كەلتۈرۈپ يۈرۈيسەن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام سىلەرنى قوغلىمىدى ياكى يىراققا كېتىشكە بۇيرىمىدى. بەلكىم ئۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى بىر كۆتۈرۈپ قوياي دېگەندۇ، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى نۇرغۇن قېتىم ئالغان، سىلەرگە نۇرغۇن قېتىم ئۆزىنىڭ شەپقىتىنى، مەرھەمىتىنى ۋە مەرتىلىكىنى كۆرسەتمىدىمۇ؟ دەپ ئۆزىنى پەسكويىغا چۈشۈردى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ تۇيغۇلىرى بىلەن ئۇ يەردىن يىراقلاشتى. ئەقرا بىلەن ئۇيەينە مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن مەغرۇرلىنىپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشتى. ئۇلار بۇ مەغرۇرانە ھالىتى ۋە ئۈستۈنلىكلىرىنى نامايان قىلغان پۇرسەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قويۇشلىرىنى خالىمىدى.

سېنىڭ بىزنى ئالاھىدە كۈتىۋالغانلىقىڭنى بىز سېنىڭ بىرەر نەرسىگە ئالاھىدە قىلىپ يېزىپ بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام ئۇلار ئۈچۈن بىر ئىسپات بولغۇدەك بىر نەرسە يېزىپ بېرىشى ئۈچۈن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ قەلەم، قەغەز ئېلىپ كېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ قەغەزنى قولىغا ئالا ـ ئالماي چرايىدا ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىر قاتتىق ئېغىرلىق ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىگە ۋەھيي كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلارمۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ ساقلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام بايامقى ھالىتىگە قايتار ـ قايتماس قولىدىكى ۋاراقلارنى چۆرۈۋېتىپ ئۇنىڭدىن يېزىپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى يېزىپ بېرىشنى رەت قىلدى. شۇ ھامان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشلىرىنى سەۋرسىزلىك بىلەن ساقلاشقا باشلىدى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە بولسا ئۇلارنى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قارشى ئالدى ۋە:

«سىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇنكى، پەرۋەردىگارىمىز سىلەرگە رەھمىتىنى پەرز قىلدى» دېگەچ ئۇلارغا خۇش ـ بېشارەت بەردى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام ئۇلارغا قاراپ ئۆزىگە بايا نازىل بولغان: «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى

(يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن.»[1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىلى سۆيۈنۈشكە تولغان، روھى ئارامغا چۈشكەن، كۆزلىرىگە بېرىلگەن خۇش بىشارەتتىن يۈزلىرى نۇرلانغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتى. ئۇ شۇنچىلىك يېقىن كەلدىكى تىزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىزلىرىغا سۈركۈلۈشكە ئازلا قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇردى. بىرئازدىن كېيىن ئۇلارنى ئۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوش ۋاقىتلىرىنىڭ كۆپىنى ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزەتتى. كېتەر ۋاقتىدا ئۇلارنى ئولتۇرغان يەرلىرىدە قويۇپ ئۆزى كېتىپ قالاتتى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا: «(ئى پەيغەمبەر!) ئەتىگەن ۋە كەچلەردە پەقەتلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ دۇئا قىلىدىغان مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە بولغىن، دۇنيا ھاياتىنىڭ زىننەتلىرىنى دەپ ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمىگىن.» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغاندا ھەتتا ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرمىغىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەي، ئۇلارغا سەۋر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بۇ ئەھۋالنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايرىلىش ۋاقىتلىرى كەلگەنلىكىنى بىلگەن ھامان ئالدى بىلەن ئۆزلىرى تۇرۇشۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئولتۇرغان يەرلىرىدە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كېتىدىغان بولۇشقانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇراتتى.

(1) سۈرە ئەنئام 52 - ئايەت.

*****

مەدىنىدىن كەلگەن ئەۋس ۋە خەزرەج قەۋملىرىدىن بولغان بەزى كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقانلىقلىرى ۋە مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر مەككىگە تارقالغانىدى. ئىسلامنىڭ مەدىنىگە تارقىلىشى بىلەن قۇرەيشنىڭ پىلانلىرى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ، غەزەپتىن ئىچى زەھەردەك قايناپ، يۈرەكلىرى مۇسۇلمانلارغا قارىتا غەزەپ ۋە ئۆچ - ئاداۋەتكە تولغان ھالدا ئۇلارغا قىلىدىغان زۇلۇملىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە باشلىغان ئىدى. بۇ ئازاب ۋە زۇلۇملاردىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ سىرتتا قالمايۋاتاتتى. ئەمما ئۇ بۇ زۇلۇملارغا قورقماستىن مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈۋەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ساھابىلىرىنىڭ كۆرگەن زۇلۇملىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئاخىرىدا ئۇلارغا: «ئاللاھ سىلەرگە مەدىنىدە قېرىنداشلارنى،

www.uyghurkitap.com

بىخەتەرلىك ئىچىدە ياشايدىغان تۇرالغۇلارنى تەييارلاپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلساڭلار بولىدۇ» دېدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. ھىجرەت قىلسۇنمۇ؟ دۇنياغا كۆز ئېچىپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالغان، تۇپراقلىرىغا مېھرىنى بەرگەن، ئۆزى ئۇچۇن دىلىنى سۆيگۈگە تولدۇرغان مەككىنى تاشلاپ كەتسۇنمۇ؟ ... ھېچ شۈبھىسىزكى ئۇ مەككىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ئەسلىملىرى ئۇنى بۇ يەرگە مەھكەم باغلىغان ئىدى. بۇ ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل ۋە ئەستىن چىقمىغۇچى ئەسلىمىلەر بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئائىت ئىدى. بۇ تۇپراقلاردا دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئەزىيەتلەرگە يولۇققان بولسىمۇ، بۇلار ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىر بۆلۈمى، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ھاياتىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆزىگە: «ئى مەككە! ئاللاھ بىزگە ياخشى كۆرسەتكەن يۇرت! سەندىن قوغلانغان، سۈرگۈن قىلىنغان ھالدا چىقىرىلىشىمىز بىزگە تەقدىر قىلىنغانمىدۇ؟» دەپ پىچىرلىدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئولتۇرغان يېرىدىن تۇردى. بوينى پۈكۈلگەن، ئەقلى بولسا چىگىشلىشىپ كەتكەن ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىشقا قىلغان بۇيرۇقىنى ئويلانغاچ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۆز خىياللىرى بىلەن مۇڭدىشىپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇنى مەسخىرە قىلغان كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئۇنى خىيال ئىچىدىن تارتىپ چىقاردى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇمەييە، ئەبۇ جەھل ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشىۋاتقانلىقلىرىنى كۆردى. ئۇ ئالدىغا قاراپ مېڭىشىنى داۋام قىلىۋەردى. ئاندىن كېيىن ئەتراپقا دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىغان ھالدا: مەككە! ... ئەمدى سەندە ياشاش ئىمكانىمىز قالمىدى. سەندىكى ھەممە نەرسە بىزنى چەتكە قېقىۋاتىدۇ. ئۇرۇق- تۇغقانلىرىمىز بىزنى يات كۆرۈۋاتىدۇ. دوستلىرىمىز بولغان كىشىلەر بىزنى خار كۆرۈۋاتىدۇ. بىز سەندە ياشاپ ئىچىمىز سىقىلمىغان بولسىمۇ سەن بىزگە تار كېلىۋاتىسەن. ئى مەككە! سەندە بىز ئۇچۇن يامانلىق ۋە زۇلۇمدىن باشقا بىر نەرسە قالدىمۇ؟ ئى مەككە! بىز ساڭا ھېچ يامانلىق قىلمىدۇق. سەنمۇ بىزگە بىر يامانلىق قىلمىدىڭ. بۇ يامانلىقنى سەندە ياشىغان كىشىلەر قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار نۇردىن، يورۇقلۇقتىن كۆزلىرىنى قاچۇرىۋاتىدۇ. سەندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىش ئۇچۇن خوشلاشمايمەن، ئەمما ئاللاھ ھۆكمىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىچىلىك بولغان ئايرىلىققىچە ساڭا خەير - خوش دەيمەن، دەپ پىچىرلىدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىنى ئاخىرقى قېتىم بىر قانغۇدەك كۆرۈۋېلىش ئۇچۇن مەھەللىلەرنى، كوچىلارنى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا تاۋاپ قىلماق ئۇچۇن كەئبىنىڭ ھويلىسىغا كىردى. كۆڭلى چىدىماق تەس بولغان بىر ھەسرەتكە تولغان ئىدى. ئۇ كۆڭلى ئاتەش بولۇپ يېنىۋاتقان ھالدا تاۋاپنى باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ بەيتۇللاھنى ئاخىرقى قېتىم تاۋاپ قىلىشى بولۇپ قالارمۇ؟ ئاخىرقى كۆرۈشى بولۇپ قالارمۇ؟... ئۇ شۇ خىياللار بىلەن بەند ئىدى. ئاخىرىدا ئۇ كەئبىنى تاشلاپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى. گېلىدا ئاچچىق بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ئېغىر -

ئېغىر نەپەس ئالاتتى. ياشلىرى كۆزلىرىدىن ھېلىلا ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالدى. ئۇ ھىجرەت قىلىشقا كەسكىن قارار بەرگەن ھالدا ماڭدى. يولدا ئۇنىڭغا ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ، ئۇلارغا:

- مەككىدە بىزنىڭ ياشاش ھەققىمىز قالماپتۇ. كېچىلەپ ھىجرەت سەپىرىگە ئاتلىنىمەن، دېدى. ئەممار:

- يەنە ئازراق ساقلىيالمامسەن؟

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە بۇيرۇغان ئىشنى يەنە نېمىدەپ كېچىكتۈرەي دېگەنىدە، سەئد:

- ئى بىلال! ياخشى ئىشنىڭ ياخشىلىقى ھەرقانداق ۋاقىتتا بېرىلىدۇ. مەنمۇ سەن بىلەن بىللە ماڭىمەن، دېدى. ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەگەر ھەر ئىككىڭلار كېچىدە يولغا چىقساڭلار مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرگە ماڭىمەن، دېدى.

بۇ ئۈچ دىنىي قېرىنداش پۈتكۈل ئىنسانلار ئېغىر ئۇيقۇ قوينىدا ياتقان، خەلقى زالىملار بىلەن تولغان بۇ زېمىننى تاشلاپ، مەدىنىگە يەرلىشىشنى، ئاللاھنىڭ ئۇ يەردە ئۆزلىرىگە ھۆزۈرلۈق بىر ئىسلامىي ھايات بېرىشىنى ۋە دىنىدا يۇقىرى بىر ئىمتىيازغا ئېرىشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا كېچىدە يولغا چىقىشقا قارار بېرىشتى.

كېچە بولۇپ، پۈتۈن جانلىقلار ئۇيقۇ قوينىغا غەرق بولغانىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارارلاشقان سائەتتە دېيىشكەن يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتى. ئۇ ئەتراپقا ئېھتىياتچانلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئارقى-سىغا پات - پات قارىغان ھالدا كېلىۋاتاتتى. تۆگىسىنىڭ ئېغىز تۇرۇقىنى تارتىپ باشقىلارنى ئويغىتىپ قويغىدەك بىرەر ئاۋاز چىقىرىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى. بىرىنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭ نەگە ماڭغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن، سىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىپ قەۋمىنىڭ ئۇنى سەپىرىدىن توسۇپ قېلىشى ئۈچۈن چارە كۆرۈشىدىن ئەنسىرىگەن ھالدا كېتىۋاتاتتى. بۇ ناھايىتىمۇ بەك قاراڭغۇلۇققا تولغان بىر كېچە بولۇپ، خۇددى ئۇلاردىن ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك قايغۇ پەردىسىنى يايغان ئىدى. ئىنسان ئۆزى ئايىغى ئاستىدا دەسسەپ كېتىۋاتقان يەرنى پەرق ئېتەلمەيتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھالدىن كۆڭلى ئارامغا چۈشكەندەك ئەندىشىسى سەل - پەل يەڭگىللىدى. دېيىشكەن يەرلىرىگە يېتىپ بارغاندا دوستلىرىنىڭ ئۇ يەردە ئۇنى ساقلاپ تۇرۇشقانلىقلىرىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى پىلان بويىچە پۇختا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇلاغلىرىغا ئاۋاز چىقارماستىن مىنىشىپ يولغا ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ جىمجىتلىقنى بۇزماسلىق ئۈچۈن تىللىرى سۆز قىلىشتىن توختىغان بىلەن ئەسلىمىلىرى ئۇلارنىڭ مېڭىلىرىدە جانلىنىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ سۆيۈملۈك ئانا يۇرتى مەككە ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بالىلىق، ياشلىق دەۋرىگە ئائىت ئەسلىمىلەر ئىدى. ئۇلار بۇ ئەسلىمىلەرنى، ئۇلارنى ئۆتمۈشكە باغلىغان ھەممە نەرسىنى ئارقىدا تاشلاپ ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخى نېمە ئىشلارنىڭ بولۇشى ئېنىق بولمىغان كېلەچەككە قاراپ كېتىۋاتاتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىن ئايرىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى چىدىماق تەس بولغان بىر قايغۇ كۈچى ئاجىزلاشتۇرىۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن سۈرتەتتى. ئۇلاردىن

ھېچبىرى يېقىن كەلگۈسىدە مەككىگە قەدەملىرىنى تىك تۇتقان ھالدا زەپەر بىلەن قايتىدىغانلىقىنى، بۇتپەرەسلىكنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى ئېلان قىلغان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ياڭراق ساداسىنىڭ مەككىنىڭ ھەر تەرىپىدە ياڭرايدىغانلىقىنى، ھېچ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى، ئەلۋەتتە.

ئۇلار بەزىدە ئىگىزلىكلەردىن ئارتىلىپ، بەزىدە ئويمانلىقلاردىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ دېگۈدەك مەدىنىگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇ يەردە ئۇلارغا قۇچاق ئاچقان، ئۆزلىرى نامرات بولسىمۇ ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىنمۇ ئەلا بىلىدىغان ئىنسانلار بىلەن ئۇچراشتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئازادە بىر نەپەس ئالدى ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا مۇمكىن بولغان بۇ يەردىن ئۇنىڭ كۆڭلى راستىنلا ئارامغا چۈشكەن ئىدى. تۇرلۇك - تۇرلۇك قىيىن- قىستاقتا ئېلىنىدىغان ئۇ قاباھەتلىك كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتكەنىدى. ئۇپۇقتا نۇردىن يورۇقلۇق كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. بۇ نۇر بارغانسېرى چوڭىيىپ دۇنيانى يورۇتۇشقا، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى يورۇتقانغا قەدەر تارقىلىشقا ۋە كۆكتىكى چاقماق نۇرىدەك كۆزلەرنى قاماشتۇرۇشقا بىشارەتلەر بېرىلمەكتە ئىدى.

زامانىنىڭ چاقى ئاستا قەدەمدە ئىلگىرىلەۋاتاتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبى بىر سېغىنىش ئىچىدە ئىدى. ئۇ مەككىدىن بۇ يەرگە تېخىچە يېتىپ كېلەلمىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سېغىنماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا تاقىتى تاق بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تەمكىن ۋە يۈرەكلەرگە مەلھەم بولىدىغان يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇنچىلىك ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ قېلىشقا ئۇ چىدىيالمايۋاتاتتى. مۇسۇلمان بولغان كۈندىن باشلاپ تاكى ھىجرەت قىلغان كۈنگە قەدەر ئۇنىڭدىن ھېچ ئايرىلماي دېگۈدەك ياشاپ كەلگەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بۇنچىلىك ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىش ئېغىر كەلمەيتتىمۇ؟

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىن كەلگەن ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. مەككىدە قالغانلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراقتۇ؟ ئۇلار بىلەن قاچان ئۇچرىشىدۇ؟ دېگەن سوئاللار ئۇنىڭ كاللىسىدا ئايلىناتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پات يېقىندا بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. پات يېقىندا قەدىردان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىغا دائىر بۇ خوش خەۋەرنى ئاڭلىغان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يېنىدىن سۆيۈنۈش ئىچىدە ئايرىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن ئايرىلغانلىق خەۋىرى مەدىنىگە تارقالغانىدى. بۇ خەۋەر بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆپكىسى قۇرۇپ كەتكەن بىرىگە سۇ خەۋىرى بېرىلگەندىنمۇ ئۆتە تاقەتسىزلەندۈرۈۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈش ئۈچۈن مەدىنە سىرتىغا چىققان كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە مەدىنە سىرتىدا ئۇنى سەۋرسىزلىك بىلەن ساقلاشقا باشلىدى. ئۇنى بىرئاز بولسىمۇ بۇرۇنراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كېلىدىغان يولى تەرەپكە دىققەت بىلەن نەزەر سالاتتى. ئۇ تاقەتسىزلەنگەن كۆڭلىگە ناۋادا ئۇنى كۆرسە سەۋرچان ۋە تەمكىن بولۇشنى



www.uyghurkitap.com

تەۋسىيە قىلاتتى. ئەمما بۇ كۇنمۇ ئاخىرلاشتى. ئۇپۇقتا كېلىۋاتقان بىرەر يولۇچىنىڭ بىشارىتىنى بېرىدىغان بىرەر ئالامەت كۆرۈنەي دېمەيتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئەتە يەنە ئۇنى قارشى ئېلىشقا چىقىش ئۇچۇن كېچىنىڭ تېزرەك ئۆتۈشىنى ساقلاشقا باشلىدى.

كۇنلەر مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈشكە باشلىدى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى يېتىپ كېلەلمەيۋاتاتتى. ئەندىشىدىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەقلى - ھوشىدىن ئايرىلىپ قالايلا دەۋاتاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىكىش سەۋەبلىرىنى ھەر خىل پەرەز قىلاتتى ۋە ئۆزىنى خاتىرجەم قىلغىدەك بىرەر جاۋاب تاپالمايۋاتاتتى. ناھايىتىمۇ ئىسسىق بىر كۇندە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ساقلاشقا چىققانلار بىلەن بىرلىكتە چىقتى. خېلى ئۇزاق ساقلاشقاندىن كېيىن كىشىلەر چۇش ۋاقتىنىڭ ئۇلارنى كۆيدۇرگەن تومۇز ئىسسىقىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن ئۆيلىرىگە قايتىپ دەم ئېلىشقا باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ يەردە يالغۇز قالدى. كۇن نۇرى ئۇنى كاۋاپ قىلىۋېتىدىغاندەك قىزدۇراتتى. تاپانلىرى ئاستىدىكى قۇملار بولسا خۇددى چوغدەك كۆيدۇرەتتى. ئۇ گەرچە خالىمىسىمۇ ئامالسىزلىقتىن ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ كارۋىتىدا ياتار - ياتماستىن: «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى كەلدى... ئاللاھنىڭ ئەلچىسى كەلدى...» دېگەن ئاۋازلار ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ياڭراشقا باشلىدى. گاڭگىراپ قالدى، ئۇ ئۆز ئۆزىگە: بۇ ئاڭلىغانلىرىم توغرىمۇ؟ ياكى مەن ۋەھىملىرىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتامدىم، دېدى. ئۇ ئاۋازلار تەكرارلىنىۋاتاتتى:

«پەيغەمبەر كەلدى... پەيغەمبەر كەلدى...» بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيدىن يۇگۇرگەن پېتى چىقتى. جانلانغان تۇيغۇلىرى كۆڭلىنى كۆتۇرۇپ، سۆيۇنۇش ھېسلىرى كۆڭلىنى خوشاللىققا تولدۇرغانىدى. ئۇنىڭ سۆيۇنۇشلىرى ئەندىشىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. كىشىلەر تەرىپىدىن ئەتراپىنى ئورىۋالغان تۆگىنى كۆردى. ئۇ تۆگىگە مىنگۇچىلەرنى تونۇۋېلىشقا تىرىشتى. ئۇ دىققىتىنى يىغىپ يەنە قارىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تونۇدى ۋە ئاۋازىنىڭ بېرىچە: «ئۇ... ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى ئۇ... ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى... شۇنداق ... شۇنداق، ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى...» ئۇ كۇچىنىڭ بېرىچە ئالدىغا قاراپ يۇگۇرەيتتى. ئادەتتىن تاشقىرى خوش بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇچقاندەك يەڭگىل يۇگۇرەيتتى. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئاخىرى يېتىپ كەلگەن ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچۇن ھەممە نەرسە يەنى بىخەتەرلىك، تىنچلىق، ھۇزۇر ئىچىدىكى ئىبادەت... ئاللاھ تەرىپىدىن قەلبلىرى يۇمشىتىلغان ۋە قەدىرلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا توپلىنغان بىر توپلۇم... دىن ئىبارەت ھەممە نەرسە پۇتۇن بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىدىن چۇشتى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا سالام بېرىشىپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشقان ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان دىلىدىكى مۇھەببىتى بىلەن يانغان ئوتنى ئۆچۇرمەك ئۇچۇن بۇ قەدىردانى تەرەپكە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

داۋامى كېيىنكى ساندا



www.uyghurkitap.com

پروفېسسور دوكتور بەدرى گەنجەر

# ئىنساننىڭ جەننەتتىن ئىككىنچى قېتىم چۈشۈشى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئا. يۈسۈپ

## جەننەتتىن ئانا قۇچىقىغا

زامانىۋى ئىنسان سىجىل يېڭىلىنىشۋاتقان بوران - چاپقۇننىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرىنى، پارتلاش ئالدىدىكى بومبا ئۇچۇن توغرىلانغان سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندەك، چەكسىز پەرىشانلىق ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە يۈرمەكتە. زامانىۋى ئىنساننىڭ بۇ پەرىشانلىقى ۋە تېڭىرقىشىغا مەۋجۇتلۇق ئامانسىزلىقىنىڭ ماكان، زامان ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى مەۋھۇملۇقى سەۋەب بولماقتا. بۇ جايدا خەۋپ ئورنىغا ئامانسىزلىقىنىڭ سۆزىنى ئىشلىتىشىمىزنىڭ مۇئەييەن سەۋەبى بار. چۈنكى ئەرەبچىدە ئامانلىقنىڭ ئىمان ۋە ئامانەت سۆزلىرى بىلەن ئېتىمولوگىيەلىك ۋە مەنە جەھەتتىن مۇناسىۋىتى بار. زامانىۋى ئىنساننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى، قەيەرگە بارىدىغانلىقى، ھەرىكەتلىرىنىڭ ۋاقىتلىرى ۋە مەنىسىنىڭ مەۋھۇملۇقىدىن كەلگەن ئىزتىراپ ۋە ئامانسىزلىقتا ئىمان ۋە ئامانەتنىڭ يوقاپ كېتىشى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەرەبچىدە ئىمان ۋە ئامانەت سۆزلىرىدىن تۈرلەنگەن «ئە-م-ن» يىلتىزى بىلەن «ئانا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئۇمم»نىڭ يىلتىز ھەرپلىرى «ئە-م-م» ئارىسىدىكى ئېتىمولوگىيەلىك

ۋە مەنە مۇناسىۋىتىمۇ ئالاھىدە دىققەت قوزغايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئانا ئىمان ۋە ئامانەتنىڭ قانىلىدۇر. زامانىۋى ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئامانسىزلىقى «ئىنساننىڭ جەننەتتىن ئىككىنچى چۈشۈرۈلۈشى» تەرىقىسىدە ئىپادىلىنىدىغان «ئانا قۇچىقىدىن يۇلۇنۇپ ئېلىنىش»تىن كېلىپ چىققان. بۇ سەۋەبتىن بۇ ماقالىدە بىز بۇ يۇلۇپ ئېلىنىش جەريانىنى جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پىسخولوگىيەلىك جەھەتتىن ئانالىز قىلىمىز.

ئىنسان مۇتلەق ئاچ ۋە پاناھسىز قېلىش قايغۇسىدىن قۇتۇلۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، ئەرەبچىدە «ئافىيەت» ئۇيغۇرچىدا ئېسەنلىك مەنىسىگە توغرا كېلىدىغان ئەھۋالغا جەننەتتە ئېرىشكەنىدى. ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھەۋۋا ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن شەيتاننىڭ ئىغۋاسى بىلەن چەكلەنگەن مېۋىنى يېيىش ئارقىلىق ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، جانابى ھەق تەرىپىدىن جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ھىندىستاندىكى سەرەندىبكە، ھەۋۋا ئانىمىزنى جىددىگە چۈشۈرۈۋەتكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئەسلىي يۇرتى جەننەتتىن چۈشۈرۈلۈپ يالغۇز قېلىشتى. ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ھەۋۋا ئانىمىز جەھەتتىن قوغلىنىپ، ئىككى يۈز يىل ئايرىم ياشىغان ۋە ھىجراندىن يىغلاشقان (ئۆزتۈرك 2004:165). رەببىمىز ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن، ئۇلار ئەرەفاتتا دىدارلىشىپ كەئبىنى بىنا قىلغان.

ئىسمائىل ھەققى بۇرسەۋى (2001؟147)، روھۇلبەيان ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: جەلۋەتىيە تەرىقىتىمىزنىڭ ئۇستازى بولغان ئۇفتادە شەيخ ئەپەندى مۇنداق دېگەن: ئادەمنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشىنىڭ سىرى مۇنداق: ئۇ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋە بولغان تەۋھىد مەرتىۋىلىرىدىن بىر مەرتىۋە كۆرىدۇ ۋە بۇ توغرىسىدا ئاللاھ تائالادىن سورايدۇ. ئادەمگە ‹بۇ مەرتىۋىگە پەقەت يىغلاش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ›دېيىلىدى. بۇنىڭغا قارىتا، ئۇ يىغلىماقچى بولغاندا ‹جەننەت يىغلاش ئورنى ئەمەس، خۇشاللىق ماكانىدۇر›دېيىلىدى، بۇنىڭغا قارىتا، ئادەم دۇنياغا چۈشمەكچى بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ گۇناھ سادىر قىلىشى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئارزۇ قىلىنغان مەرتىۋىگە قارىغاندا تۆۋەن بولۇشى سەۋەب بولغانىدى. بۇنداق بولغاندا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قارىماققا خاتاسىنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بۇ دۇنيادا يىغلىشى، ئەمەلىيەتتە تەۋھىد يولىدا تەرەققىي قىلىپ ئىزدىنىشىدۇر.

ھەر ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى ئەمەلىيەتتە جەننەتتىن ئىككىنچى قېتىم چۈشۈشىدۇر، ھەر ئىنسان خۇددى ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ ئىلگىرى بېشىغا كەلگىنىدەك، «جەننەتتىن چۈشكەندىن كېيىن يىغلاپ تەۋبە قىلىشى» جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. مۇھيىددىن ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ فۇسۇلھىكەمىگە كەمىنىڭ مۇئەييەد جەندى شەرھىگە ئاكىسى يازىجىئوغلۇ مەھمەدنىڭ مۇنتاھا نامى بىلەن يازغان ئەرەبچە رىسالىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدە يازىجىئوغلۇ ئەھمەت بىجان مۇنداق دەيدۇ: «زەھراتۇل رىيازدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ھەق تائالا ئادەمنى تۆت نەرسە بىلەن چىقاردى، بۇلار ھاسا، ئەنجۈر يوپۇرمىقى،

ئۇزۇك ۋە يىغلاشتىن ئىبارەتتۇر. ھاسا مۇسانىڭ قولىدا ھاسىل بولدى. ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىك چىقتى. ئۇزۇك سۇلايماننىڭ قولىدا بولدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۈلۈك ھاسىل بولدى. يىغلاش ئاسىيلاردا كۆرۈلدى، رەھمەت ھاسىل بولدى.» (بەيازىت 2008:160).

جىگەرلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا پايدىلىق دېگەندەك تېببىي ئىزاھاتلار قىلىنسىمۇ دۇنياغا كەلگەن بوۋاقلارنىڭ يىغلىشى، ئەسلىدە تۇنجى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىن دۇنياغا قوغلىنىشىغا سەۋەب بولغان شەيتان بىلەن سىناق قىلىنىشىنىڭ قايتىلىنىشىدۇر. سەھىھۇلبۇخارىدا مۇنداق بىر ھەدىس بار: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە بايان قىلىدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ئادەمنىڭ تۇغۇلغان بوۋاقلىرىنىڭ ھەممىسىگە شەيتان چېقىلىدۇ. شۇڭا بوۋاقنىڭ تۇغۇلغاندا يىغلىشى شەيتاننىڭ چېقىلىشىدىن بولغان. بىراق مەريەم بىلەن بالىسى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.» (بۇخارى، ئەنبىيا:44)

بوۋاقلارنىڭ يىغلىشىنىڭ بۇ تەۋبە سەۋەبى بىلەن ئىزاھلىنىشى خىرىستىيانلىقتا بولغىنىدەك «ئەسلىدىكى گۇناھ» چۈشەنچىسىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە كۆرۈلمەسلىكى كېرەك. بۇ يەردە يىغلاشنىڭ پانىي ۋە باقىي مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يىغلاشنى ئارزۇ قىلىشى ئەسلىدە ئۇلۇغ تەۋھىد مەرتىۋىسىگە چىقىش ئارزۇسى سەۋەب بولغان. يەنى يىغلاش قوغلىنىش ۋاستىسىدۇر. بۇ جەننەتتە مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، بۇ دۇنياغا چۈشۈشنى خالىغان ۋە بۇنىڭغا شەيتان بىلەن ئىمتىھان قىلىنىش ۋەسىلە بولغان. بۇ يىغلاش دۇنيادا تەۋبىگە، ئاخىرەتتە ئۇلۇغلىنىشقا تۈرتكە بولغان بولسا، يىغلاشقا سەۋەب بولغان جەننەتتىن دۇنياغا سۈرگۈن قىلىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان مەۋجۇتلۇق ئامانسىزلىقى بولسا جەننەت بۆشۈكنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئانا قۇچىقىنىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن ھەل بولىدۇ. بۇ «ئانا قۇچىقى جەننەت يۇرتى» دېگەن تۇراقلىق ئىبارىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئوخشاشلا «ئانىدەك يار، باغدادتەك دىيار بولمايدۇ»، «يىغلىسا ئانام يىغلايدۇ، قالغانلىرى يالغان يىغلايدۇ» دېگەن تۇراقلىق ئىبارىلەر ئانا قۇچىقى ۋە شەپقىتىنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

## جەننەتتىن ئىككىنچى قېتىم چۈشۈش

ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ گويا جەننەتتىكىگە ئوخشاش ئۆزىنى ئەڭ خاتىرجەم، ئەڭ خۇشال ھېس قىلىدىغان يېرى ئانا قۇچىقىدۇر. ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى جەننەتتىن ئىككىنچى چۈشۈشتۇر. بۇ ئانا قۇچىقىنىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن ھەل بولغانىدى. زامانىۋىلىق، سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزم سەۋەبىدىن ئىنساننىڭ ئانا قۇچىقىدىن سۇغۇرۇلۇپ ئېلىنىشى ئەمەلىيەتتە «ئىنساننىڭ جەننەتتىن ئىككىنچى چۈشۈشى» بولاتتى.

پېتىر بېرگېر (1974:77،124)غا ئوخشاش جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ دېگىنىدەك زامانىۋى ئىنساننىڭ تەلەيسىزلىكى ۋە كرىزىسى «ئۆي - ماكانسىزلىقى» ئىدى. بىراق، بۇنىڭمۇ تېگىدە ئانا قۇچىقىدىن مەھرۇم قېلىش ياتاتتى. بۇنىڭغا مودېرنىزمنىڭ (زامانىۋىلىقنىڭ) ئىلاھىي - ۋارىي كۈچ ئىزدىنىشى سەۋەب بولغانىدى. مودېرنىزمنىڭ دەستۇرى ھېسابلىنىدىغان imitatio dei تەڭرىنىڭ

تەقلىدىي دېگەن ئىبارىدە گەۋدىلەنگەندەك، ئىلاھىي - ۋارىي كۈچ ئىزدىنىشى زۇلۇمدىن ئازات بولغان يېڭى بىر دۇنيا قۇرۇش ھەسرىتىدىن تۇغۇلىدۇ. بۇ گۈزەل خىيال بىلەن ھەرىكەت قىلغۇچى كۆچنى ھەق تائالانىڭمۇ ئالدىغا قويۇۋالغىنىدەك، ئاللاھنىڭ رەھمەتكە ئوخشاش سۈپەتلىرىنىمۇ قىممەتسىز دەپ قارايتتى. ئىنسان قاتارلىق ئالەملەر مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ «مۇقەددەسلىك تەجەللىسى» دېگەن ئىلاھىي ئىسىم، سۈپەت ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ تەجەللىسىدۇر. ھەق ئالەم بىلەن مۇناسىۋىتىنى بۇ تەجەللىسى بىلەن روياپقا چىقىش ئارقىلىق مەرىپەتنىڭ تېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىلاھىي سۈپەتلەر ئىنساندا ئورتاق تەجەللى قىلغىنىغا ئوخشاش، بەزى سۈپەتلەرنىڭ تەجەللى نىسبىتى ئايال ۋە ئەرگە نىسبەتەن ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئېغىرلىق فۇنكسىيەلىرىگە كۆرە ئىلاھىي سۈپەتلەردىن قۇدرەت ئەردە، رەھمەت ئايالدا بەكرەك گەۋدىلىنىدۇ. دەرۋەقە، ئەر بېقىش، ئايال ئاۋۇش فۇنكسىيەسىنى ئۆتەيدۇ.

ئىنساننىڭ تاكامۇللىشىش جەريانى نۇقتىسىدىنمۇ بىر ئىش تەقسىماتى كۆرۈلىدۇ. ئىسلام بىلەن ئىمان، دىن بىلەن شەرىئەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا شۇنى دېيەلەيمىزكى، ئىنسان ئۈچۈن ئىنسانغا نىسبەتەن فىترى ئىنسانىيلىق ۋە ئىسلامنىڭ تاكامۇللۇقى بەكرەك ئانا، ئىماننىڭ تاكامۇللۇقى بولسا بەكرەك دادا تۆرتكىسىدە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەر تۇغۇلغان بوۋاق ئىسلام تەبىئىتى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، كېيىنچە ئاتا - ئانىسى ئۇنى خىرىستىيان، يەھۇدىي ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ.» ئانىنىڭ ۋەزىپىسى بۇ ئىسلام تەبىئىتىنى تەۋھىدىي ئەقىدە دېيىلگەن مىللەتنى قوغداش، ئاتىنىڭ ۋەزىپىسى بولسا ئۇنىڭ خىرىستىيان، يەھۇدىي ياكى مەجۇسىي بولۇشىغا ئەمەس، مۆمىن بولۇشىغا يول ئېچىپ بېرىشتۇر. دىن ئىلىم، ئىلىمنىڭ ۋاسىتىسى بولسا تىلدۇر. «ئانا تىل» دېگەن ئىبارىدە بولغىنىدەك، ئىنسان تىلنى ۋە ئىلىمنى ئانىدىن ئالىدۇ. ئۇممىلىك بىز ئۆيلىگىنىدەك، ساۋاتسىز دېگەنلىك بولماستىن، «ئۇمم» (ئانا) ۋە «ئۇممەت»كە تەۋە، فىترى ئىلىم بولغان تەۋھىد دىنى ئىسلامنى ۋە بۇنى ئۆگىنىشكە ياردىغان تىلنى، نۇتۇقنى ئانىسىدىن ئالغان دېگەنلىكتۇر. مۇستەھكەم ئىمان ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن «چوڭ خوتۇن ئىمانى» دېگەن ئىبارىمۇ بۇنىڭ ئىپادىسىدۇر.

مودېرنىزمنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىنى ئىپادە قىلىدىغان سېكۇلارىزمنىڭ كونكرېت نامى ھۇمانىزم، تېخىمۇ كونكرېت نامى ئاياللىق (فېمىنىزم)، ئۇنىڭ يەنە ئېچكىرىلىگەن كونكرېت نامى ماسكۇلىزم (ئەرچىلىكتۇر). بۇنىڭغا گويا زۇلۇمدىن ئازات بىر دۇنيا بەرپا قىلىش بەدىلىگە كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك بولۇش ئىشتىياقى سەۋەب بولىدۇ. فىرانسىس بېكوننىڭ «بىلىم كۈچتۇر - ھاكىمىيەتتۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزىدە ئىپادىلەنگەندەك، مودېرنلىق ئەمەلىيەتتە ئۈچ ئىلاھلىق ئەقىدىسى دەپمۇ قارىلىدىغان بىلىم، تېخنىكا ۋە ئىقتىساد جەھەتتىن كۈچ ئىزدەشنى كۆرسىتىدۇ. مودېرنلىقنىڭ سىياسىي ۋە پەلسەپە پېشۋالىرى توماس ھوببېس (1599 - 1679) ۋە رېنې دېسكارتېس (1596-1650)دا ماسكۇلىستىك (ئەرچىلىك) قۇدرەتكە تەلپۈنۈش روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئانىسى 1588 - يىلى

ئەنگلىيەگە ئەسكەر ئەۋەتىش ئۈچۈن شىمالىي دېڭىزنى كېسىپ ئۆتكەن بىر قوشۇنغا ھەمراھ بولغان ئىسپانىيە ئارمادسى ناملىق كېمىنىڭ يېقىنلىشىشىدىن قورقۇپ مودېرنلىقنىڭ پېشۋاسى ھوببېسنى مۇددەتتىن بۇرۇن تۇغۇۋەتكەنىدى.

بۇنىڭغا قارىتا ھوببېس «بۇ ئەسنادا ئانام شۇنچىلىك قورقۇپ كەتكەنمىشكى، مېنى قورقۇپ كېتىپ قوش كېزەك تۇغۇۋەتتى» دەيدۇ (روببىن 2004:31). بۇ قورقۇش سەۋەبىدىن، ئۇ ئىنسانلارنى تۈرك يازغۇچى كەمال تاھىرنىڭ دۆلەت ئانا دەپ تەرىپلىگەن دۆلەت ئاتا ئورنىغا لەۋىئاتخان دەيدىغان بىر ماشىنىغا، جانىۋارغا ئىتائەت قىلىشقا چاقىرغانىدى. سۇسان بوردو (1987)غا ئوخشاش فېمىنىست پەيلاسوپلار ئەرلەردە تېخىمۇ كۈچلۈك مېڭىنىڭ سول ياپراقچىسىدىكى بىلىش قابىلىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان كارتېزيېن راتسىيونالىزمنىڭ ئەسلىدە يوشۇرۇن ئەركەك ئىدېئولوگىيەسى بولۇش بىلەن تەنقىدلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، (غەربلىك)ئىنسانلىق ھوببېس ۋە دېسكارتېس سايىسىدە ئانا شەپقىتىنى تونجۇقتۇرغان راتسىيونالىزملىق دۇنيا قارىشىغا مەنسۇپ قىلىنغان. دەۋرىمىزدە كارتېزيېن راتسىيونالىزملىق بىلىم چۈشەنچىسىگە تايانغان زامانىۋى پسىخولوگىيە ئىلمىي ئاساس قىلىدىغان بىلىش ئەقلىدىن سىرت، ئاياللاردا كۈچلۈك ھېسسىي ئەقلىنىڭ بايقىلىشى، بىلىش ۋە ھېسسىي ئەقلىي ئايرىمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنىشىمۇ راتسىيونالىزملىق - ئايال ھەقچىلىق ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

## ئانا قۇچىقىدىن مەدەن كېينغا

يۇقىرىدا زامانىۋى ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئامانسىزلىقىغا «ئىنساننىڭ جەننەتتىن ئىككىنچى چۈشۈشى»ھېسابلىنىدىغان «ئانا قۇچىقىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىنىش»نىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى بايان قىلدۇق. دەسلەپ، بۇنىڭ جەمئىيەتشۇناس نۇقتىسىدىن ئانالىزىغا، زامانىۋى ئىنساننىڭ كاپىتالىزم ئارقىلىق ئانا قۇچىقىدىن قانداق سۇغۇرۇپ ئېلىنغانلىقىغا قاراپ چىقىمىز.

راتسىيونالىزملىق مودېرنىزمنىڭ مەھسۇلى بولغان مودېرنلىق ياكى كاپىتالىست زامانىۋى تۇرمۇش شەكلى، ئىنساننى ئانا قۇچىقىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، مەۋجۇتلۇق ئامانسىزلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرماقتا. پېتېر بېرگېر (1974:77،124) زامانىۋى ئىنساننىڭ كرىزىسىنى «ئۆي - ماكانسىزلىق» دەپ تەرىپلەيدۇ. ئۇنىڭچە كاپىتالىزمنىڭ مەھسۇلى بولغان مودېرنلىشىش بارغانچە گەۋدىلىك ھالەتكە كەلگەن «ئۆي - ماكانسىزلىق» دەپ چۈشىنىلگەندە سوتسىيالىزمنى يېڭى بىر ماكان، ئۆي ۋە ماكان ۋەدىسى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەرىپەت ئويغىنىش ھەرىكىتى بىلەن باشلىغان كاپىتالىزمنىڭ سىجىل زورىيىۋاتقان بازار ئىزدىنىشى، ئىنسان پاناھلىنىدىغان ئانا قۇچىقى بىلەن دادا پاناھگاھىنى يوق قىلدى. گرېكچە )ئۆي( كەلىمىسىدىن تۈرلەنگەن ekonomi (ئىقتىساد) ئىلگىرى بازارنى ئەمەس ئۆينى ئاساس قىلاتتى. بۇ يەردىكى مەقسەت ئۆي خەلقىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا ئىكتاي دېيىلىدىغان فېئودال ئىمپېرىيەلەردە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى

بولغان دېھقانچىلىق ياكى كارخانىمۇ بازاردىن بەكرەك ئوتارشىك (ئۆز ـ ئۆزىگە يېتىدىغان) ئۇسۇل ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆيىنى يوق قىلغانىدى. بىراق، مەرىپەت ئويغىنىش دەۋرىدە سودا كاپىتالىزمىنىڭ رولىيقا چىقىرىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا مىكرو ئۆيلەر يوق بولغان ۋە ماكرو ئۆيلەر ھېسابلىنىدىغان شەھەرلەر بازارغا ئايلانغانىدى. ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، «بازارنىڭ زورىيىشى»دەپمۇ تەرىپلىنىدىغان يەر شارلىشىش مۇساپىسىنىڭ سانائەت كاپىتالىزمى باسقۇچىدا بازار، شەھەرلەردىن زامانىۋى دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيەلىك دۆلىتىگە، ئۈچۈر دەۋرىدە بولسا پۈتكۈل دۇنياغا كېڭەيدى. ئىقتىسادنىڭ ئاساسلىق پارچىسى ھېسابلىنىدىغان ئۆينىڭ زىتىغا تەرەققىي قىلىۋاتقان يەر شارلىشىش مۇساپىسىنى مۇنداق خۇلاسىلاشقا بولىدۇ: ئۆي ـ قورۇق ـ شەھەر ـ دۆلەت ـ دۇنيا.

سانائەت كاپىتالىزمى ئۆي بىلەن بىرلىكتە ئائىلە ۋە ئىنسانىنى يوق قىلدى. «پار دەۋرى» ھېسابلىنىدىغان 19 ـ ئەسىردە 1829 ـ يىلى مارك سېكۆين ئىسىملىك بىر فىرانسۇز تەرىپىدىن پار ماشىنىسىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن سانائەت كاپىتالىزمى باش كۆتۈردى. مەدەن كۆمۈرى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان پار ماشىنىلىرى 1847 ـ يىلى ئەڭ ئاز بىر يېرىم مىليون ئىشچىنىڭ ئەمگىكىگە توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپ چىقىرىشى ئىككى ھەسسىگە چىقتى، قەغەزچىلىك ساھەسىدە ئاپتوماتلىشىش سۈرئىتى تېزلەشتى. فىرانسىيەدە 1827 ـ يىلى ماشىنا بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تۆت قەغەز كارخانىسى بار بولغان بولسا، 1848 ـ يىلى 100 گە يەتتى. ئوخشاشلا، 1844 ـ يىلى ماشىنا بىلەن نان پىشۇرىدىغان ئۇسۇلمۇ بارلىققا كەلگەنىدى. سانائەت كاپىتالىزمى ئىنسانىيەت تارىخىدا تەڭدىشى يوق بىر ئىقتىسادىي ئىنقىلاب بارلىققا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۆز ئىچىدە ئېغىر زىددىيەت ۋە كىرزىسنىمۇ ساقلاپ ياتقانىدى. بۇ تۈزۈم مېخانىكىلىشىش بىلەن بىرلىكتە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتا ئەمگەك كۈچىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئازايتقان بولسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان كۆمۈرگە ئوخشاش يېڭى ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياجنى ئاشۇرغان، بۇ زىددىيەتلىك ئەھۋاللار ئائىلە بىلەن ئايالنىڭ زىيىنىغا بولغانىدى. سانائەت كاپىتالىزمى بىلەن بىرلىكتە زاۋۇت بىلەن شەھەر ۋە دۆلەتكە ئوخشاش ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۆزگىرىش ساھەسىنىڭ تامامەن ئۆينىڭ سىرتىغا چىقىشى ئائىلىنى يوق قىلدى.

سانائەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە كۆمۈر كانلىرىدا ئىشقا سېلىنىش ئۈچۈن ئاياللار بىلەن بالىلار ئىشقا ئېلىندى. 1845-1840 ـ يىللاردىكى ئىستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، 63 ساھەدە 10دىن ئارتۇق ئىشچىسى بولغان سانائەت ئورۇنلىرىدا 131000، 254971 ئايال، 672446 ئەر ئىشلەيتتى. ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ئېنېرگىيە ۋە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلىدىغان مەدەن ۋە زاۋۇتلاردىكى ئەمگىكى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىناتتى. دەسلەپكى چاغلاردا كانلاردا ئىشلەيدىغان ئاياللار ئۆشنىسىدە كۆمۈر خالتىلىرىنى توشۇشتەك ئەرلەر قىلىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرلىدىغان زاۋۇتلاردا سەۋىيە ۋە تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ساھەلەردە كۆپرەك ئەرلەر، توقۇمىچىلىق ۋە ئېگىرىشكە ئوخشاش سەۋىيە ۋە تېخنىكا تەلەپ قىلمايدىغان ئاددىي ئىشلاردا ئاياللار ئىشلەيتتى. 19 - ئەسىردە ئاياللارنىڭ ئۆي ساھەسىدىن كېيىن ئەڭ جىق ئىشلىتىلىدىغان ساھە توقۇمىچىلىق ساھەسى ئىدى. يېڭى توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىدا كۆپىنچە ئاياللار بىلەن بالىلار ئىشلەيتتى.

قىسقىسى، كاپىتالىزم ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئايال ۋە بالىنىمۇ قۇل قىلىۋەتتى. ئىنسانىيلىقنى يوق قىلدى. ئىنسانىيلىقنى يوق قىلدى، دېدۇق، چۈنكى ئەنئەنىۋى دۇنيادا قۇللارغا قانۇنىي جەھەتتىن قۇل، ئەمەلىيەتتە ئىنسان سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىناتتى. تەقدىرنىڭ چاقچىقى شۇكى، 19 - ئەسىردە ياۋروپادا قۇللۇق قانۇنىي جەھەتتىن بىكار قىلىنغان، ئاياللارغا ئاۋاز بېرىش هوقۇقى بېرىلگەن ئەسنادا، ئىنسانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇل قىلىندى. ھاجى بايرام ۋەلىنىڭ سۇلتان ئىككىنچى مۇرادقا ھەقىقىي مۇرىت سانىنى بىر يېرىم دەپ خەۋەر قىلىشىدىن چۈشىنىۋالغىلى بولغىنىدەك، ئەنئەنىۋى دۇنيادا ئاياللار تولۇق پۇقرا ھېسابلانمايتتى. بىراق ئەرەبچىدە «رەببەتۇل بەيت»، پارسچە «كەد-بانۇ» (كەزبان) تەبىرىدىن بىلىۋالغىلى بولغىنىدەك، ئايال «ئۆينىڭ ساھىبى»، «ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى» ئىدى. سانائەت كاپىتالىزمى بىلەن ئاياللار سىياسىي ۋە قانۇن جەھەتتىن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇل قىلىندى، تاۋارلاشتۇرۇلدى.

سانائەت ئىنقىلابى، مېخانىكىلىشىش، ئېلېكتىرلىشىش ۋە ئاپتوماتلىشىشتىن كېيىن سىبەرلىشىش (intelligentization) دەپ ئاتىلىدىغان تۆتىنچى باسقۇچقا قەدەم قويدى. «ئاز چىقىم بىلەن كۆپ كىرىم قىلىش»تىن ئىبارەت بۇ خاھىش ئىنساننىڭ بولۇپمۇ ئاياللىنىڭ زىيىنىغا خىزمەت قىلغان، ئايال كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاسىيەنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان. سەي-ياھلارنىڭ كۆزىتىشىچە، ئەنگلىيەدە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ بېشىدا كۆمۈر كانلىرىدا ئىنسانلىق ۋە ئاياللىقتىن مەھرۇم قىلىنىپ سەتلەشتۈرۈلگەن ئاياللار كېيىنچە ئىشلەپچىقىرىلغانلارنىڭ ئىستېمالى ئۈچۈن ئېكسپلاتاتسىيە ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، گۈزەللەشتۈرۈلۈش ۋەدىسى بىلەن تاۋارلاشتۇرۇلدى. ناۋومى ۋولف (2002)نىڭ دېگىنىدەك، ئۆتمۈشتە ئاياللارنى ھاياسىزلارچە سەتلەشتۈرگەن كاپىتالىزم، گىرىم بۇيۇملىرى سانائىتى بىلەن گويا بۇ بوشلۇقنى تولۇقلاپ ئايالنى گۈزەللەشتۈرەتتى.

قۇلغا قۇللۇقى بىلىنمەيدىغان ۋە قەھھار بىر تەڭرىگە قۇللۇقنى تۆۋەن كۆرىدىغان مودېرنلىق ئوتتۇرىغا چىققان كاپىتالىزمنىڭ ئىنساننى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى ئاياللاردا ئالاھىدە گەۋدىلىك. فوكولتىنىڭ دېگىنىدەك، كاپىتالىزم ئېكسپلاتاتسىيە بىلەن زۇلۇمنى ئىنچىكىلىققا ئايلاندۇردى. بۇ سەۋەبتىن ئاياللار، ئۆزلىرىگە قىلىنغان زۇلۇمنى ھېس قىلماستىن قوبۇل قىلدى، ھەتتا قوللىماقتا. بۇ ئىغۋانىڭ ئىپادىلىرىنى تېخنىكىلىق تەپسىلاتقا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان كەلىمىلەرنى ئىشلىتىش تەرىقىسىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، تۇنجى ئىنسان ئوخشاشلا تۇنجى ئەر بولغانىدەك دۇنيانىڭ پۈتكۈل تىللىرىدا «ئادەم=man» كەلىمىسى ھەم ئىنسان، ھەم ئەر مەنىسىگە كېلىدۇ. ئىنسان بىلەن ئەر بىر

بۇتونلىشىپ كەتكەندۇر. چۈنكى تۈنجى ئەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەم تۇپراقتىن، تۈنجى ئايال ھەۋۋا ئەرنىڭ بەدىنىدىن يارىتىلغان. «ئىنسان» كەلىمىسى تۈنجى ئىنسان ۋە ئەر ئادەمدىن كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، «ئىش، بىلىم ئادىمى» ئىبارىلىرىدىكى «ئادەم» ئەر بولماستىن، «ئىنسان» مەنىسىدىدۇر. كۈنىمىزدە بۇنى ئەر دەپ چۈشىنىۋالغۇچىلار تەرىپىدىن كۆككە كۆتۈرۈلگەن «ئىش، بىلىم ئايالى» ئىبارىلىرى ئاياللارنىڭ «ئەرلەردىن ئايرىلىشى» ئەمەلىيەتتە. «ئىنسانلىقتىن چىقىرىلىش» ئۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئاياللار بولسا بۇنى بىلمەستىن تۇزاقىقا چۈشمەكتە.

## ئانا قۇچىقىدىن بالىلار يەسلىسىگىچە

زامانىۋى ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئامانسىز-لىقىنىڭ تېگىدە «ئىنساننىڭ جەننەتتىن ئىككىنچى چۈشۈشى» ھېسابلىنىدىغان «ئانا قۇچىقىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىنىش» ياتىدۇ. زامانىۋى ئىنساننىڭ كاپىتالىزم سايىسىدا ئانا قۇچىقىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىنىشى سەۋەبىدىن بېشىغا كەلگەن مەۋجۇتلۇق خەۋپىنىڭ پىسخىكىلىق تەرەپلىرىگە ئۆتىمىز.

ئايالنىڭ كاپىتالىزم تەرىپىدىن تاۋارلاشتۇرۇلۇپ ئائىلىقتىن چىقىرىلىشى ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن زىيىنى تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئانا قۇچىقىدىن مەھرۇم بولۇش سەۋەب بولغان ئېغىر مەۋجۇتلۇق خەۋپىدۇر. پىسخىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى ئۈچ ئايدا بوۋاق ئۆزىنى ئانىسىدىن ئايرىم بىرى دەپ قارىيالمايدىكەن. شۇڭا بۇ دەۋردىكى بالىنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىغا كۆرە ئانا باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ كەتكەندە يوق، قايتىپ كىرگەندە بار بولىدىكەن. ئالتە ئايلىق بولغاندا بوۋاق ئانىسىنىڭ ئۆزىدىن ئايرىم بىرى ئىكەنلىكىنى، قىسقا ۋاقىت ئايرىلغاندا يوق بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدىكەن. بىراق ۋاقىت ئۇقۇمى تەرەققىي قىلمىغان ۋە قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ ئايرىلىش بوۋاقتا ئەندىشە پەيدا قىلىدىكەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، كىچىك بالىلاردا كۆرۈلىدىغان ئانىدىن ئايرىلىش ئەندىشىسى، 30-18 ئايلىق ئارىسىدا ئازىيىشقا باشلاپ تۆت ياشقا كىرگەندە تۈگەيدىكەن.

كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزمنىڭ يەسلىگە ئوخ-شاش مۇلازىمەت ساھەلىرىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلىغان ئانىلارنىڭ بۇ مۇھىم ياش دەۋرلىرىدە قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ بالىلاردىن ئايرىلىشى، ئۇلاردا ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدىغان ئەندىشىنىڭ، يەنى مەۋجۇتلۇق خەۋپىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىيدۇ. كاپىتالىزمنىڭ ئاياللارنى مۇپتىلا قىلغان زۇلۇمنىڭ دائىرىسىنى ئويلاپ باقايلى. تۆۋەن مائاشقا تاما قىلىپ سىرتقا خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان بىر ئايال ياللىغان بالا باققۇچىسىغا بەلكىم مائاشىنىڭ ئۈچتە بىرىنى بېرىپ، بالىسىنى دۇنيادا ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە تولدۇرالمايدىغان ئانا سۆيگۈسىدىن مەھرۇم قالدۇرماقتا، يەنە بىر تەرەپتىن بالا باققۇچىسى ئايالمۇ ئالىدىغان ئازغىنە مائاش بەدىلىگە ئۆز بالىسىنى ئوخشاش سۆيگۈسىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئانىسىغا ئامانەت قويماقتا. بۇ قوش زۇلۇمغا ، سۆيگۈسىنى بېغىشلايدىغان ۋاقىتتا نەۋرىسىنى بېقىشقا

مەجبۇر بولغان چوڭ ئانىغا قىلىنغان ئۈچىنچى زۇلۇم قوشۇلماقتا. بۇ فىترى رولالارنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇشى دېگەنلىكتۇر. بىر چوڭ ئانا نەۋرىسىگە ھايات تەجرىبىلىرىنى يەتكۈزۈش، چۆچەكلەر ۋە ماقال - تەمسىللەر سۆزلەپ بېرىش ئورنىغا چوڭ يېشىدا ئانىسىغا ئوخشاش رىيازەت چېكىشكە مەجبۇر قالدۇرۇلماقتا. يەنى، بىر يەردە ئادالەتسىزلىك باش كۆتۈرۈپ، زۇلۇم باشلاندىمۇ، ئەتراپىغا تەسىر كۆرسەتكەن سۇ دولقۇنىغا ئوخشاش ھەممە ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## رەھمەت ھورمۇنى

مەۋجۇتلۇق بىخەتەرلىك ھېسسىي نۇقتىسىدىن ئانا قۇچىقىدىن مەھرۇم قېلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى، ئوكسىتوسىن ھورمۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ. دەۋرىمىزدە كارتېزىيەن راتسىيونالىزملىق چۈشەنچىگە تايانغان ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمى ئاساس قىلغان بىلىش ئىدراكىدىن باشقا، ئايالالاردا كۈچلۈك ھېسسىي ئىدراكنىڭ بايقالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتۇق. ھېسسىي ئىدراكنىڭ ئاساسلىق ئۇقۇمى «pathos»دۇر. «بىرلىك، ھېسداشلىق، غەزەپ»كە ئوخشاش كەلىمىلەرنىڭ ئاخىرىدىكى گىرېكچە «pathos»كەلىمىسى، ئاددىي قىلىپ ئېيتساق «ھېسسىي تەسىر قابىلىيىتى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھېسسىي تەسىر قابىلىيىتىنىڭ ئىنساندا يوق بولۇپ كېتىشىگە بولسا «سوۋۇش» دېيىلىدۇ. بەلكىم، ھېسسىي ئەقلىنىڭ مەنبەسى، ئۇنىڭ مەنبەسى «ئىنسان» كەلىمىسى تۈرلەنگەن «كۆنۈپ قېلىش، يېقىنلىق»نىڭ دىنكامى «سۆيگۈ ۋە يېقىندىلىق ھورمۇنى» دېيىلىدىغان ئوكسىتوسىندۇر. تېخىمۇ ئاسان بولۇش ئۈچۈن بۇنى «رەھمەت ھورمۇنى» دېسەكمۇ بولىدۇ. كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان يەنە بىر نۇقتا، ئەرەبچىدە ئايالالاردا بوۋاقنىڭ ئىچىدە پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلىدىغان تۆرەلمە ئورنى مەنىسىدىكى «رەھىم» (بالىياتقۇ) كەلىمىسى «رەھىيم» بىلەن ئوخشاش يىلتىزدىن كېلىدۇ.

«ئاللاھتىن يالغۇز بىلگۈچى بەندىلىرىلا قورقىدۇ» دېگەن ئايەتتىمۇ تەكىتلەنگىنىدەك، نوقۇل بىرلا ھورمۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىقىش، رەھمان ۋە رەھىم بولغان رەببىمىزنىڭ چەكسىز مەرھەمىتىنى چۈشىنىشكە يېتەرلىكتۇر. ئوكسىتوسىن ھورمونى ئانا بىلەن بوۋاق تۇغۇتقا تەييار بولغان ۋاقىتتا مېڭىدىن چۈشۈشكە باشلايدۇ ۋە بالىياتقۇدىكى سىقىلىشلارنى قوزغىتىدۇ. «قىيىنچىلىقتا رەھمەت باردۇر» دېگەن سۆزدە تەكىتلەنگىنىدەك، نورمال تۇغۇت ئەسناسىدا ئېقىشقا باشلايدىغان ئوكسىتوسىن، ئانا بىلەن بوۋاق ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم رىشتە ئورنىتىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. نورمال تۇغۇت ئەسناسىدا يۇقىرى پەللىگە چىقىدىغان ئوكسىتوسىن ھورمونى گويا بىر رەھمەت نىقابى، ھامىيلىق، كۆرۈنمەيدىغان قالقانغا ئوخشاش بالىغا ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىغىچە پىسخىكىلىق كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

كۈنىمىزدە غەرب، بولۇپمۇ كاتولىك ياۋروپانىڭ قەلبى ھېسابلىنىدىغان فرانسىيەدە دوختۇرلار، ساغلام تۇغۇش ئۈچۈن نورمال تۇغۇت بىلەن ئانا سۈتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەيدۇ. بوۋاقلارنىڭ دەسلەپكى ئالتە ئاي يالغۇز ئانا سۈتى بىلەن ئوزۇقلىنىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. دەرۋەقە، بۇ

ئىككىسى تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇشتىن سۈت ئىشلەپچىقىرىشقا، ئىجتىمائىي ئالاقىدىن بېسىمنى ئازايتىشقىچە بولغان نۇرغۇن جەھەتتە پايدىسى بولغان، ئىنساننىڭ ساق - سالامەت دۇنياغا كېلىشى ۋە ياشىشىدا ئوينايدىغان رولى جەھەتتىن «هايات هورمونى» سۈپىتىدە كۆرۈلىدىغان ئوكسىتوسىننىڭ ئىككى ئاساسلىق قانىلىدۇر. دېمىسىمۇ، نورمال يولدىن بۇ سۆيگۈ هورمونى بىلەن قورالانغان هالدا تۇغۇلىدىغان بوۋاقتا ئوكسىتوسىن ئانا سۈتى بىلەن تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئوكسىتوسىن تۇغۇتتىن كېيىن ئانا بىلەن بوۋاقنى بىر - بىرىگە باغلىغىنىغا ئوخشاش، ئانا سۈتىنىڭ ئەمچەكتىن كېلىشىدە ۋە بوۋاققا ئۆتۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بوۋاقنى ئېمىتىش ئارقىلىقلا ئوزۇقلاندۇرغان ئانىلاردا ئوكسىتوسىن سەۋىيەسى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. تۇغۇتتىن كېيىن هەم ئانا هەمدە دادا بوۋاققا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلسە، ئوكسىتوسىن شۇنچىلىك ئاشىدۇ. ئانا، دادا ۋە بوۋاق سىجىل ئوكسىتوسىن ئىشلەپچىقارسا، كېسەللىكلەردىن بولۇپمۇ يۈرەك كېسەللىكىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقى ئېنىقلاندى.

دېمەككى، ئىنساندا ئىلاهىي سۈپەتلەر «pathos» كۈچى ئىناق ئەر - خوتۇنلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ يېنىدا بىر شەھەرنىڭ ۋالىيسى بار ئىدى، بۇ ۋاقىتتا هەزرىتى ئۆمەر ئاتىسى ئۇرۇشتا شەهىد بولغان بىرىنىڭ بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپ قويىدۇ. بۇنى كۆرگەن ۋالىي هەيران قېلىپ، «سىز باشقىلارنىڭ بالىسىنى سۆيۈپ قويۇۋاتىسىز، مېنىڭ ئۈچ بالام بار، هازىرغىچە هېچقايسىسىنى قۇچىقىمغا ئېلىپ سۆيۈپ باقمىدىم» دېگەندە، هەزرىتى ئۆمەر: «ئۆز بالىسىغا مېھىر - شەپقەت قىلمىغان بىرى خەلقىگىمۇ شەپقەتلىك بولالمايدۇ، بۇ سەۋەبتىن سېنى ۋالىيلىقتىن ئېلىپ تاشلىدىم» دېيىش ئارقىلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغانىدى.

## «پەرۋاسىزلىق» دەۋرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا

سوۋۇشنى «ھېسسىيات ۋە سەزگۈرلۈكنىڭ يوقاپ كېتىشى، بىر ئىشقا ئىنكاس قايتۇرۇشتىن ئاجىز قېلىش» دەپ تەرىپلىسەك بولىدۇ. بولۇپمۇ، سىبەر (ئىنتېرنېت ۋە ئۇچۇر دەۋرى) تېخنولوگىيە سەۋەبىدىن «ئەقلىلىك» ئۇسكۇنىلەرنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئەقلىنى يوق قىلىپ، «ھېسسىياتسىز» هالەتكە ئېلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، بىر قاتناش ۋەقەسىدە يارىلانغان بىر دادا ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئورنىغا ئۇنى كامېرىغا ئالغان بىر بالىنىڭ ئەھۋالى «پەرۋاسىزلىق» دەۋرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن بېشارەت بەرمەمدۇ؟ پەرۋاسىزلىق مەۋجۇتلۇق خەۋپى يۇقىرى پەللىگە يېتىشى دېگەنلىك بولىدۇ. ئەرەبچە ئېيسەنلىك، خەۋپسىزلىك بىلەن ئامانەت دېگەن كەلىمىلەرنىڭ يىلتىزىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. قاتناش ۋەقەسىدە بولغىنىدەك، پەرۋاسىز بالىسىغا جېنىنى ئامانەت قىلالمىغان بىر دادا كېلەچەككە خاتىرجەم يۈزلىنەلەمدۇ؟ ھېسسىي ئىدراكنىڭ مەنبىئى pathos، ئۇنىڭ مەنبىئى بولسا ئوكسىتوسىن هورمونىدۇر. بۇ ئانا بولغان ئائىلىدا كۈچلۈكتۇر، بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، بىزنى پەرۋاسىزلىق قايىنىمىغا سۆرەپ كىرگەن دەل «ئانا

www.uyghurkitap.com

قۇچىقىدىن مەھرۇم قىلىش» ھادىسىسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئانا قۇچىقىدىن مەھرۇم قىلىشنىڭ پەرۋاسىزلىق تەرىپىگە ئىچكىرىلەپ قاراپ چىقىمىز.

فىرانسىيە دوختۇرلىرىنىڭ ساق - سالامەت ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشىنىڭ نورمال تۇغۇت بىلەن ئانا سۈتىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق شەرتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇنداق بولغاندا پەرۋاسىزلىق خەتەرلەردىن بىرى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغۇشنىڭ ئومۇملىشىشىدۇر. بەزى تۇزاقچى نەزەرىيەلەرگە قارىغاندا، يەھۇدىي پىلانى روھىي بويىچە ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغۇش نورمال تۇغۇتنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن، نورمال تۇغۇت بىنورمال ھالەتكە كېلىپ قالدى. نورمال تۇغۇت ئەسناسىدا يۇقىرى پەللىگە چىققان ئوكسىتوسىن ۋە بەتا - ئېندورفىن ھورمونلىرى، بوۋاقنى تاشقى دۇنيانىڭ بېسىملىرىغا تەييارلايدۇ. ئوپېراتسىيە بىلەن تۇغۇتتا بوۋاق تاشقى دۇنيانىڭ بېسىملىرى ئالدىدا تەييارلىقسىز تۇغۇلىدۇ. ئوپېراتسىيە بىلەن تۇغۇلغان بوۋاقلار فىترى ھورمونلۇق قالقاندىن مەھرۇم ھالدا دۇنياغا كەلگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا بېسىم چېكى تېخىمۇ تۆۋەن ۋە ھاياتنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ئالدىدا ئاجىز ۋە پەرۋاسىز، ھەتتا رەھىمسىز بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ.

ئىلمىي نەتىجىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئوكسىتوسىن ھورمونى سۆيگۈ بولغان ھەر قانداق يەردە يېيىلىدىكەن. مەسىلەن، بەزى تەكشۈرۈشلەردە يېتىم - يېسىرلار مەركەزلىرىدە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ قېنىدا ئوكسىتوسىن سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەن چىققانلىقى، بىر بالا بېقىۋېلىنىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاتا - ئانا شۇنچىلىك پەرۋىش قىلسىمۇ بۇ بالىدىكى ئوكسىتوسىننىڭ نورمال سەۋىيەگە يەتمىگەنلىكى كۆرۈلگەن. بۇ ئەھۋال بىر بالىنىڭ ئۆنى باقماقچى بولغان كىشىلەرگە باغلىنىدىغان ھالقىلىق مەزگىللەردە ئەسلىدىكى ھورموننىڭ پائالىيىتىنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بالىلار ئۇزۇن مەزگىل سۆيگۈدىن مەھرۇم ھالەتتە ياشىغاندا، ئوكسىتوسىن سەۋىيەلىرىمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا تۆۋەن بولىدۇ. كۈنىمىزدە سۈرىيەدە بولغىنىدەك، ئۇرۇشلارنىڭ قۇربانلىرى يەنىلا ئانىلار ۋە بالىلاردۇر. دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سىيونىست كۈچلەر قورال ئىشلەپ چىقىرىشنى ئاشۇرغانسېرى يېتىم - يېسىرلار قوشۇنىمۇ بارغانچە زورىيىپ بارماقتا. سۆيگۈدىن مەھرۇم چوڭ بولغان كىشىلەردىن بەرپا بولىدىغان بىر دۇنيا، بىزگە زۇلۇم ۋە پالاكەتتىن باشقا يەنە نېمىلەر سوۋغا قىلماقچى؟ رەھىمسىز قاتىللارنىڭ ئانا سۆيگۈسىگە تويغۇچە قانالماي چوڭ بولغان بالىلاردىن چىقىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇملۇققۇ؟ بۇ مەۋجۇتلۇق ئامانسىزلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىمۇ، ئەمەسمۇ؟

كۈنىمىزدە ئانىلارنىڭ بىنورمال ۋە ناچار شارائىتلاردا ياشاشلىرى سەۋەبىدىن نە نورمال تۇغۇت قالمىدى نە ئانا سۈتى بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان ئەھۋال تۈگىدى. قىسقىسى، ئانا مېھرىدىن مەھرۇم، فىزئولوگىيەلىك ۋە پسىخىكىلىق جەھەتتىن بىنورمال چوڭ بولغان ئەۋلادلار يېتىشمەكتە. كۈنىمىزدە ئۆيلىرىمىزدىكى ساپ يۇڭدىن ئەمەس نىلون ئارىلاش گىلەملەر ئۈستىدە ماڭساق، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ

بەدىنىدە تېخىمۇ كۆپ توك جۇغلىنىدۇ، بىنا ئۆي تۇرمۇشىدا توپا بىلەن ئۇچرىشىشتىن مەھرۇم قالغاچقا، بۇلار تەبىئىي هالدا بەدەندىن چىقالماي ئىنساننى تېخىمۇ سەپرا قىلىۋېتىدۇ. ئوپېراتسىيە بىلەن تۇغۇش، نىلون گىلەملەر ۋە كىيىم - كېچەكلەرنىڭ بەدەندە جۇغلىغان توك ئېقىملىرى ۋە توپا بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ تۇگىشى، ھەممىدىن يامىنى ياش ئەۋلادلارنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغان ئەقىللىك ئۇسكۇنىلەر(يانفون، كومپيۇتېر )دىن تارقالغان رادىئاتسىيەلەر ئىنساندىكى سەپرالىقنى، ئەندىشىنى ۋە ئىچى سىقىلىشنى يۇقىرى پەللىگە چىقىرىۋېتىدۇ.

ئانا قۇچىقىدىن مەھرۇم قېلىش ھېسابلىنىدىغان مەۋجۇتلۇق ئامانسىزلىقىنىڭ ئاسان بايقىغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئىپادىلىرى بار. مەلۇمكى، ئانا تىلىنى راۋان سۆزلەش ياكى تولۇق بىلىش ئىنسانغا ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئانا تىلنى ئانىدىن ئۆگىنىمىز. كۈنىمىزدىكى بالىلار يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مەھرۇملۇقلاردىن باشقا، ئانا تىلىدىن بارغانچە مەھرۇم قالماقتا. دىققەت قىلساق، كېيىنكى يىللاردا بالىلار چوڭلارغا قارىغاندا، ھەم كېيىنرەك ھەمدە چولتا گەپ قىلىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ راۋۇرۇس گەپ قىلالمايدۇ. مەقسىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈلمەيدۇ. بۇنى بايقاپ چىققان ئىلىم ئەھلىلىرى ئاخىرى مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىشتى. Leicester ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى روسمارى ساگ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەتقىقات نەتىجىسىدە، بالىلارنىڭ سۆزلەش قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىگە تېلېۋىزورنىڭ زور توسالغۇ بولىدىغان-لىقىنى بايقاپ چىققان. بۇنىڭ ئىزاھاتى تولىمۇ ئاددىيدۇر. بالا سۆزلەرنى ئانىسىنىڭ ئېغىز ھەرىكەتلىرى بىلەن تاۋۇشلارنى بىرلەشتۈرۈپ مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ. تېلېۋىزوردا بولسا ئاۋاز ياكى تاۋۇش بىلەن كۆرۈنۈش ئوتتۇرىسىدىكى يەتكۈزۈش مۇساپىسى سەۋەبىدىن ئىككىسىنى جايىدا ماسلاشتۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن سۆزلىشى راۋان ۋە چۈشىنىشلىك بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن مۇتەخەسسىسلەر ئائىلىلەرگە بالىلىرى چوڭ بولغۇچە ئۆيلىرىگە تېلېۋىزور ئالماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بىراق، تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ تەۋسىيەگە قۇلاق سالمىغان كۆپ سانلىق كىشى مەزمۇنى ساغلام بولمىغان فىلىم ۋە چاتما تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كۆرۈش بەدىلىگە ئۆز پەرزەنتلىرىنىلا ئەمەس، بارلىق ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كېلەچىكىنى خەتەرگە ئىتتىرگەنلىكلىرىدىن خەۋەرسىز يۈرمەكتە.

بالىلاردا سۆزلەش قابىلىيىتىنىڭ سۇسلىششى بىلەن مەۋجۇتلۇق ئامانسىزلىقى ئوتتۇرىسىدا تەخمىن قىلغاندىنمۇ چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە مۇناسىۋىتى بار. ئانىلىرى ئىشقا كەتكەندە ياكى ئۆيدە بولسىمۇ بالىلىرىغا ياخشى كۆڭۈل بۆلەلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن تېلېۋىزورغا مەھكۇم قىلىنغان بالىلار ئانا تىلىنى پىششىق ئۆگىنەلمىگەنلىكىگە ئوخشاش، كىچىك ئائىلە قۇرۇلمىسىنىڭ ئومۇملىششى سەۋەبىدىن چوڭلاردىن ھاياتنى ئۆگىنىش ئەنئەنىسىدىن مەھرۇم قالماقتا. كىتاب ئوقۇش ئادىتى بىزدە تېخىمۇ ئومۇملاشقىنى يوق. بۇ ئەھۋالدا سۆزلەش بىلەن بىرلىكتە چۈشىنىش، ھېس قىلىش ۋە ئىنسانلىشىش مۇساپىلىرى زىيانغا ئۇچرىماقتا. چۈشىنىش ۋە ھېس قىلىش دېيىشىمىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەۋەبى بار. ئارىستوتېلنىڭ دېگىنىدەك، قەدىم ھېكمەت تەرىپىدىن تەبىئەتتى جەھەتتىن ئىنسان تەرىپلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا بۇنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئارىستوتېل ئىنساننى ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن «ھاياۋانى ناتىق» دەپ تەرجىمە قىلىنغان «zoon logon ekhon» دەپ تەرىپلىگەن. بۇ يەردە ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەت بولغان نۇتۇق، ئەرەبچىدە نۇتۇقى تاشقى - نۇتۇقى ئىچكى دېگەن كاتېگورىيەگە ئاساسلانغاندا چۈشىنىش ۋە سۆزلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان تاشقى ۋە ئىچكى نۇتۇق دېگەنلىكتۇر. يەنى چۈشىنىش ئەمەلىيەتتە تاشقى نۇتۇق، ئىچكى سۆزلىشىش دېگەنلىكتۇر. شۇڭلاشقا، بىر تىلنى بىلگۈچى مەسىلەن «ئىنگلىزچە بىلگۈچى»گە ئەمەلىيەتتە «ئىنگلىزچە سۆزلىگۈچى»دېيىلىدۇ. ئوخشاشلا، تۈركچىدە ياكى ئىنگلىزچىدە ئىشلىتىلگەن بىمەنىلىك- nonnsense، ھەم سۆزلىشىش ھەمدە چۈشىنىش كەمتۈكلۈكى دېگەنلىكتۇر. بۇنداق بولغاندا، باللاردىكى ئانا تىل كەمتۈكلۈكى سەۋەب بولغان سۆزلىشىش كەمتۈكلۈكى ئەمەلىيەتتە چۈشىنىش كەمتۈكلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. راۋان ۋە ساغلام سۆزلىشەلمەيدىغان كىشى ساغلام چۈشىنەلمەيدۇ، ساغلام چۈشىنەلمەيدىغان كىشى بولسا ساغلام ھېس قىلالمايدۇ. ساغلام ھېس قىلالمايدىغان كىشى بولسا مەنە، ھېكمەت ۋە ئىشنىڭ يۆنىلىشىنى تاپالمايدۇ. مەۋجۇتلۇق سەپىرى بولغان ھاياتتىكى بۇ مەنە، ھېكمەت ۋە يۆنىلىش كىرىزىسى ، دەل مەۋجۇتلۇق ئامانسىزلىقىنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئانا تىلنىڭ مىكروكائىناتلىق ئەھمىيىتى بايقالغاندا ئەھۋالنى ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئىنسان ئۆمرى ئىككى ئەزان ئاۋازى ئارىسىدا بولغىنىدەك، ھامان بىر كۈنى ئانا تىل ئارىسىدا بولىدۇ. 15 تىل بىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان مەشھۇر ھىندىستانلىق ئالىم مۇھەممەد ھەمدۇللاھنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىلىدىغان تىللىرى ئىچىدە پەقەت ئانا تىلىلا قالغانىكەن. دېمەككى، بىر كىشى ئانا تىلى بىلەن ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يوقاپ كەتسە ئىنسانمۇ يوقاپ كېتىدۇ. ■

پايدىلانمىلار:

BERGER, peter-berger brigitte-kellner, hansfried (1974) the homeless mind: modernization and consious-ness. Harmondsworth: penguin.

Beyaz t, Ay e (2008) ahmed bican'in m nteha isimli f sus terc mesi nda tasavvuf d ncesi (y ksek li-sans tezi, Marmara niversitesi)

Bordo, susan (1987) The flight to objectivity, essays on cartesian culture, new york state university of new york press.

Brooks, patricia j-kempe, vera (2014) the encyclopedia fo language development. Los Angeles: sage.

Bursevi, smail hakk (2001) ruhul-beyan. Beyrut: daru ihyat-turasil-a-rabi.

zt rk, Mustafa (2004) adem, cenneet ve d , milel ve nilah

Robin, corey (2004) fear: the history of a polical idea. New york: Oxford up.

Wolf, anomi (2002) Beauty myth: how images fo beauty are used agaist women. New york: harper perenial.

(RTHODES COLLEGE) Michael.R.Drompp

# تۈركلەر تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن جۇڭگو «خاقانلىرى»

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تاشقى مۇناسى- ۋىتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار خەنزۇچە 以夷制 夷 دېگەن گەپنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدۇ. يەنى بۇ دېگەنلىك ئادەتتە «ياتلارنى ياتلار بىلەن ئىدارە قىلىش» دېگەنلىكتۇر. بۇ ئاتالغۇ يالغۇز بىرلاخىل سىياسىي ئېنىقلىمىغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل كاتېگورىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىي تاكتىكىدۇر: 1) بويسۇندۇرۇلغان يات قەۋملەرنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ ئۇلارنى جۇڭگونىڭ يات قەۋملەردىن مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىش؛ 2) يات بىر قەۋمنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىن بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ياكى ئوتتۇرىغا چىققان بۆلۈنمىچىلىكىدىن پايدىلىنىش؛ 3) ئىككى يات قەۋم ئارىسىدىكى بىرىنىڭ ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن بىرىنى يەنە بىرىگە دۈشمەن قىلىش. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچىسى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 154 - يىلىدا خەن سۇلالىسىدە ياشاپ ئۆتكەن چاۋسۇ تەرىپىدىن رەسمىي تاك- تىكا سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈك رەقىبى بولغان شىمالدىكى قوشنىسى ھۇنلارنىڭ[1] تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بۇ تاكتىكىنى ئويلاپ تاپقان. كېيىن بۇ ئاتالغۇ باشقا ئىككى خىل ئۇسۇلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كېڭەيگەن.[2] ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى خىل ئۇسۇلدا، ئەڭ ئومۇملاشقان پارچىلاش تاكتىكىسى بولسا جۇڭگو پادىشاھىنىڭ يات ئىككى ئەلنىڭ رەھبىرىنىڭ خالىغان بىرىگە يېقىنلىشىش ۋە قوللاش تاكتىكىسىدۇر. بۇ خىل يېقىنچىلىق، سىياسىي ئىتتىپاق تۈزۈش، سودىدا

(1) يۇ يىڭ شى (Y ying-shi)، خەن سۇلالىسىدە كېڭەيمىچىلىك ۋە سودا: جۇڭگو ۋە ياۋايىلارنىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلمىسى ھەققىدە تەتقىقات. (لوندون، لوس ئانجېلىس، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1967-يىل) 15-14-بەت، باشقا، Nicola Di Cosmo, قەدىمكى جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى: شەرقىي ئاسىيا تارىخىدا بوزقىر مىللەتلىرىنىڭ باش كۆتۈرىشى (كامبرىج، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002-يىل) 204-202-بەت. چاۋ سۈونىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئۈچۈن، Michael Loewe نىڭ چىن، ئالدىنقى خەن ۋە شىن دەۋرىنىڭ( بىئوگرافىيلىك) تەرجىمىھال لوغىتى، مىلادىدىن بۇرۇن 221-مىلادى 24. (Leiden, Brill, 2000) 29-27- بەتلەر. مېنىڭ سىزىقچىنى خەنزۇچە بولمىغان لېكىن سۆزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدا قىسقارتىلما ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكىمگە دىققەت قىلىڭ. مەقسەت، بۇلارنى خەنزۇچە ئىسىم ۋە ئاتالغۇلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن.

(2) . يۇ، جوڭگودا سودا ۋە كېڭەيمىچىلىك، 16-15- بەت. يۇ بۇيەردە ئىككىنچى تاكتىكا بولغان «بۆلۈش ۋە پارچىلاش» نى تىلغا ئالىدۇ. لېكىن، نۇرغۇن مىساللاردا بۇ خىل ئۇسۇلنى نۇرغۇن جايدا ۋەكىللىك خاراكتېردە ئىشلەتكەن. جۇڭگونىڭ ئەڭ تىپىك بولغان ئىستراتېگىيىسى بولسا يېڭى بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانغا كۆرە شەكىللىنىپ بولغان بۆلۈنمە ھالەتتىن پايدىلىنىش.

www.uyghurkitap.com

ئېتىبار بېرىش ۋە ئۇنىۋان بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل تاكتىكا ھەردائىم ئۈنۈملۈك بولۇپ كەلگەن. لېكىن، بۇ خىل تاكتىكىنى ئىشلەتكەندەك ئۈنۈم بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگونىڭ ئەڭ موھىم تاشقى سىياسەت تاكتى-كىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ياتلارنى ياتلار بىلەن ئىدارە قىلىش» دېگەن ئاتالغۇنىڭ كۆپلەپ قارشىمىزغا چىقىشى ۋە ئۇنىڭ يۈرگۈزۈلىشىنى تەتقىق قىلىش ئىستى-خىلىك ھالدا جۇڭگونىڭ تاكتىكىسىغا بولغان دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ ھەم بۇ داۋاملىق ئىشنىڭ يەنە بىر يۈزىنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويىدۇ، يەنى جۇڭگونىڭ قوشنىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئوخشاش تاكتىكىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە جۇڭگوغىمۇ ئىشلەتكەن. بۇ ماقالىدە جۇڭگونىڭ بەزى قوشنىلىرىنىڭ بۇخىل ئەنئەنىۋى جۇڭگو تاكتىكىسىنى جۇڭگونىڭ ئۆزىگە ئىشلەتكەنلىكى يەنى «خەنزۇلارنى خەنزۇلار بىلەن ئىدارە قىلىش» تاكتىكىسى موھاكىمە قىلىنىدۇ.[1] گەرچە جۇڭگونىڭ قوشنىلىرى بۇ تاكتىكىنى قوللىنىشتا جۇڭگودەك نامى چىقمىغان بولسىمۇ، بەزى ھۆكۈمدارلار، بولۇپمۇ شىمالدىكى يايلاق ئىمپېرىيەنىڭ خاقانلىرى جۇڭگونى ئاجىزلىتىش، چەكلەش ۋە ياكى مۇرەسسە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇخىل تاكتىكىنى قوللانغان.

بۇنىڭ ئەڭ تىپىك ئۆرنىكىنى 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاشقى موڭغۇلىيەدە قۇرۇلغان كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ تاشقى دىپلوماتىيە سى-ياسىتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تۈركلەر 552 - يىلى تۈنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن ۋاقىتتا، جۇڭگو بىر - بىرىگە رەقىپ ھالەتتىكى بىرقانچە پادىشاھلىقلارغا پارچىلانغان ھالەتتە ئىدى. شىمالدا توغباتلار ياكى توبالار 拓拔 (قەدىمكى تۈركچىدە تابغاچ) دەپ ئاتالغان شەرقىي ۋە غەربىي ۋېي سۇلالىسى (كېيىنكى شىمالى چى ۋە شىمالى جوۋ) نىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ زېمىنى، تۆت تەرەپكە قاراپ ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقان تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتى بىلەن چېگرىداش ئىدى. ئىككىلا توبا ھاكىمىيىتى تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشنى ئويلايتتى، ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ يەنە بىر تەرەپكە قارشى تۇراتتى.[2] بۇ خىل ۋەزىيەت شۇ ۋاقىتتىكى تۈركلەرنىڭ قاغانى تاپسار قاغانغا (572-580)[3] تولىمۇ پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ «مېنىڭ جەنۇبتىكى ئىككى ئوغلۇم رايىش ۋە ئىتائەتچانلا بولىدىكەن، مەن يەنە نېمىدىن ئەنسىرىگىدەكمەن؟» دېگەن ئىدى.[4] تۈركلەر

(1) لىن ئىن شيەن (林恩鲜) بۇ ئاتالغۇنى تۈركلەرنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان سىياسىي رىقابەتتە قوللانغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. تۈرك تەتقىقاتى 突厥研究، تەيۈەن سودا ئىشلىرى مەتبەخانىسى، 272-270 - بەت.

(2) 534 - يىلىدىكى شىمالىي جوڭگونىڭ ئىككى خىل بىر - بىرى بىلەن قارىمۇ قارشى ھاكىمىيەتكە بۆلۈنۈپ كېرىش ھادىسىسى تۈركلەرنىڭ جوجانلارنى (柔然) يوقىتىپ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھادىسە دەپ قارىلىدۇ. ئاپتۇرنىڭ ئىچكى ئاسىيادا ئىمپېرىيال ھاكىمىيەتنىڭ شەكىللىنىشى: ئىلگىرىكى تۈرك ئىمپېرىيىسى (6-9 ئەسىر) 103 - 104 - بەت.

(3) بۇ ئىسمىنىڭ قەدىمكى تۈركچىدە قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكى نامەلۇم. بىزدە پەقەت خىلمۇخىل خەنزۇچە ماتېرىياللار ۋە 6 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى بۇگۇت (Bugut) يازمىلىرىنىڭ سوغدىيانچە نۇسخىسىدا تىلغا ئېلىنغان تابو (Ta-bo) دېگەن ئىسىملا مەۋجۇت. ئەپسۇسلىنارلىقى، كېيىن ئۇنى ئوقۇغان كىشىلەر تاپسار ياكى تاتپار شەكلىدە ئوقۇغان. S.Klaja tornyj ۋە V.A Liv ic نىڭ سوغدىيان يازمىلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى 1972 - يىل بازىرىنىڭ 74-73 ۋە 86 - بەتلىرىگە قاراڭ.

(4) جۇنامە 50.911، (ZS). بېيجىڭ جۇڭخۇا سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ بارلىق پايدىلانمىلىرى. تاپسار ياكى تاتپارقاغان «ئوغۇللىرىم“ دېگەن ئاتالغۇنى ئۆزىنى، ھىمايىسىگە ئېرىششكە تىرىشىۋاتقان ئىككى توغبات (توبا) ھۆكۈمدارلىرىدىن ئۈستۈن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن شۇلارغا ئىشلەتكەن. بۇ بايان ۋۇ يۈ گۈي (吴玉贵) نىڭ 1998 - يىلى جۇڭگو جەمئىيەتشۇناسلىق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۈرك خانلىقى ۋە سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەتقىقات (突厥汗国与隋唐关系研究). دىكى بايانلارغا قارىشىدۇر.

ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان ۋاقىتتىن باشلاپلا بۇ ئىككى ھاكىمىيەتنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان ئىشلەتكەن ئىدى.

ۋەزىيەت ناھايىتى تېزلا ئۆزگەردى. 589 - يىلى سۈي سۇلالىسىنىڭ (581ـ618) جەنۇبىي چېن پادىشاھلىقىنى يوقىتىشى بىلەن جۇڭگو قايتىدىن بىرلىككە كەلدى. جۇڭگو ئۈچ يۈز يىللىق بۆلۈنمە ھالەتتىن تۇنجى قېتىم بىرلىككە كەلگەن ۋاقىتتا، تۈركلەر بىر - بىرىگە رەقىپ ھالدىكى ئىككى ھاكىمىيەتكە، يەنى شەرقىي ۋە غەربىي كۆك تۈرك خاقانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بىرلىككە كەلگەن جۇڭگو ئەمدى ئەنئەنىۋى «ياتلارنى ياتلار بىلەن ئىدارە قىلىش» تاكتىكىسىنى بۇ ئىككى تۈرك دۆلىتىگە ئىشلىتىشكە باشلىدى. سۈي سۇلالىسى ئىككى تۈرك خانلىقىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان دۈشمەنلىكىدىن پايدىلىنىپلا قالماي يەنە ئىككى تۈرك دۆلىتىنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكى ھۆكۈمدارلار ئارىسىغا زىددىيەت سېلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئىزدىدى.[1] بۇ ئۇسۇل تۈركلەرنىڭ تەھدىتىنى يوق قىلىپلا قالماي يەنە سۈي سۇلالىسى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولغان يېقىنلىشىش پۇرسىتى ھازىرلىدى. سۈي سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك مەزگىلىنى 599 -يىلى شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى چىمىن خاقانىنىڭ (启民 599ـ608) سۈي سۇلالىسىنىڭ ۋاسساللىقىنى قوبۇل قىلغان ۋە مەلىكە يى چېڭ (奕成) نى ئەمرىگە ئالغان مەزگىلى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.[2] لېكىن سۈي سۇلالىسى ئۇزۇن ھاكىمىيەت يۈرگۈزەلمىدى. سۈي سۇلالىسى كۆرىيەگە قارشى كۆپلەپ ھەربىي يۈرۈش قىلىشنىڭ نەتىجىسىدە پارچىلاندى. بۇ ۋاقىتتا، شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ كۈچى قايتىدىن ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ھەقىقەتەن، خەنزۇچە مەنبەلەردىن مەلۇمكى، شىبى قاغان (619ـ 始毕606) تەختكە چىققان ۋاقىتتا شەرقىي تۈرك قاغانلىقى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكى ھەرقانداق ھاكىمىيەتتىن كۈچلۈك ئىدى.[3] شىبى قاغانىنىڭ دەۋرىدە بىز «خەنزۇلارنى خەنزۇلار بىلەن ئىدارە قىلىش» تاكتىكىسىنى يەنە كۆرەلەيمىز.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، «ياتلارنى ياتلار بىلەن ئىدارە قىلىش» نىڭ ئىككىنچى خىل مەنىسى، بىر مۇستەقىل ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىنى پارچىلاش ئارقىلىق ئاجىزلىتىش ئۇسۇلى بولسا - ئوتتۇغات نام بېرىش ئىدى. جۇڭگونىڭ تاشقى دىپلوماتىيىسىدىكى بۇ خىل سىياسەتنى يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا بولغان مۇئامىلىسىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا «ياتلارنى ياتلار بىلەن ئىدارە قىلىش» نى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى بۇ خىل ئوتتۇغات نام يات مىللەت ھۆكۈمدارى بىلەن بولغان دوستلۇقنى كۈچەيتىش ئۈچۈنمۇ بېرىلىدۇ. ئەمما بەزى ۋاقىتتا بۇ خىل تاكتىكا دەل «ياتلارنى ياتلار بىلەن ئىدارە قىلىش» شەكلىدە قوللىنىلغان. چۈنكى ئوتتۇغات نام بېرىش، جۇڭگونىڭ مەلۇم بىر يات مىللەتنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئۆزىنىڭ مايىللىقىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى ئىچكى رەقىبلىرى ئىچىدە كۈچلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەتتە

(1) تەپسىلاتى ئۈچۈن، پەن يى خۇڭنىڭ تەگرىنىڭ ئوغلى ۋە تەگرىقۇت: جۇڭگو سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى ۋە قوشنىلىرى. ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى ، 1997ـيىل. 132ـ100 - بەت.

(2) سۈينامە. 84.187211873 (SS)

(3) كونا تاڭنامە. 5153.194A (JTS)

سۈي سۇلالىسى بۇ تاكتىكىنى تۈركلەرنى پارچىلاش مەقسىتىدە قوللانغان ئىدى.

يات ھۆكۈمدارلارغا ئوتۇغات نام بېرىش ئەسلىدە جۇڭگو پادىشاھىنىڭ ئۆزىدىن تۆۋەن بولغانلارنى ئۆستۈرۈش شەكلىدىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن جۇڭگودىن بۇ نامنى قوبۇل قىلغان يات مىللەت ھۆكۈمدارلىرىغا ھۆكۈم چىقىرىش باشتىكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ.[1] قانداقسىگە؟ مەسىلەن، جۇڭگو پادىشاھى تەرىپىدىن ئوتۇغات نام بېرىلگەن بوزقىر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ[2] جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دائىم ئونداق ئېنىقلا جۇڭگونىڭ ئۈستۈنلۈكىنى قوبۇل قىلغانلىق ئەمەس. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كۈچلۈك بولغان ۋاقىتلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق. بوزقىر ھۆكۈمدارلىرى، بۇنداق ئوتۇغات نام بېرىلگەن ۋاقىتلاردا، كۆپىنچە جۇڭگو پادىشاھىنىڭ ھېچقانداق بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيەتلىك ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن. پەقەت ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولغاندىلا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كونكرېت ھەرىكەت قىلغان. بۇ جۇڭگو پادىشاھىنىڭ نام بېرىش ئارقىلىق «ئىككىنچى ئورۇندىكى» بوزقىر خاقانلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرىمەن دەپ ئويلىغىنىغا ئوخشىمايتتى. ئەكسىچە بۇ خىل ئوتۇغات نام بېرىش قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولاتتى، يەنى ئۇتۇغات نام قوبۇل قىلغۇچى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرەتتى ۋە بۇ خىل مۇناسىۋەت شۇ رايوندا ئىككى دۆلەت ئۈچۈن تىنچلىق ئېلىپ كېلەتتى. بۇنام بوزقىر ھۆكۈمدارىنىڭ سىياسىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمرانلىق سالاھىيىتىنى كۈچەيتەتتى. ئوخشاشلا يەنە بوزقىر ھۆكۈمدارىنىڭ جۇڭگو پادىشاھىنىڭ ئوتۇغات نام بەرگۈچىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. نام بېرىش ۋە قوبۇل قىلىش دۆلەتنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئۇ جۇڭگونىڭ بوزقىر مىللەتلىرىگە بولغان مونارخىيىلىك ئىقتىدارغا ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىچكى ئاسىيا[3] ۋە بوزقىر ھۆكۈمدارلىرى دائىم جۇڭگو پادىشاھىنىڭ نام بېرىپ ئېتىراپ قىلىشىنى ئويلايتتى. تۈركلەر ۋە نۇرغۇنلىغان ئىچكى ئاسىيا مىللەتلىرى ئۈچۈن بۇ خىل نام ئېلىش ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيەتلىك ھوقۇقى بىلەن زىت كەلمەيتتى.

جۇڭگونىڭ بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئىزاھلىشى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئېھتىياجى تەرىپىدىن رەڭ بېرىلگەن ئەھۋالدۇر، ئەلۋەتتە. ياتلارغا «نام بېرىش» دېگەن بۇ ئۇقۇم جۇڭگو پادىشاھلىرىنىڭ «تەڭرىنىڭ ئوغلى» ياكى «كۆكنىڭ ئاستىدىكى ھەممىنىڭ ھۆكۈمدارى» لىق نەزەرىيەسىنى ئىزاھلىشىغا پايدىلىق ۋە جۇڭگونىڭ قوشنىلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ياكى ھۆكۈمران بولالايدىغانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولالايدۇ. باشتا دەپ ئۆتكەندەك بۇ خىل تاكتىكا جۇڭگونىڭ قوشنىلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئېتىراپ قىلغۇزۇش ئۈچۈن قوللانغان تاكتىكىلىرىنىڭ بىر خىلى، خالاس.

(1) ئۆرنەك ئۈچۈن، ۋاڭ جې پىڭ مۇلاھىزىسى ، ئەبەدىيلىك ئارالدىن كەلگەن ئەلچىلەر: خەن-تاڭ دەۋرىدىكى جوڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتى. ھاۋاي ئونىۋېرسىتېتى ۋە ئاسىيا تەتقىقات ئورگىنى نەشرىياتى، 2005-يىل، 32-20- بەت.

(2) ماقالىدە، يايلاق مىللىتى، كۆچمەن چارۋىچى مىللەت دېگەندەك ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا بىردەك بوزقىر ئاتالغۇسى قوللىنىلدى - تەرجىماندىن.

(3) ئىچكى ئاسىيا بۇ ماقالىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تاشقى مۇڭغۇلىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. - تەرجىماندىن.

ئەمما تەتقىقاتلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگودا ئومۇملاشقان «جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرى ھەممىدىن ئۈستۈنلۈك» كۆزقارىشىنى چىقىش قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان بولغاچقا «جۇڭگو ئىمپېرىيالىزملىق تەشۋىقاتى» ئومۇملىشىپ قالغان. جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي ئورنى ۋە ئىمپېرىيەتكە قاراپ پەرقلىق بولاتتى. مەسىلەن، بوزقىر مىللەتلىرى كۆچەيگەن مەزگىللەردە جۇڭگو ئوردىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئوخشىمىغان تاكتىكا قوللىناتتى. ئالاقە ئىشلىرىدا پادىشاھ نام بېرىش ئارقىلىق يات ئەل ھۆكۈمدارلىرى ۋە ئۆزىنىڭ پۇقرالىرىغا نىسبەتەن ئەۋزەللىك ئورنىنى ساقلىيالايتتى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ كونترۇللۇقىدا بولمىغان يات ئەل ھۆكۈمدارلىرى بىلەنمۇ دوستانىلىك مۇناسىۋىتىنى ساقلىيالايتتى[1]. شۇڭا ئوتتۇرا نام بېرىش دۆلەتنىڭ ئىچىگە ياكى سىرتىغا بولسۇن سىياسىي خاھىش ۋە مۇددىئا ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سىپەتلەش ۋە زىننەتلەش قورالى ئىدى. بۇ خىل زىننەتلەش جۇڭگونىڭ مەنپەئىتىگە ماس كەلگەن ۋاقىتتا بۇ خىل تاكتىكىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى تېخىمۇ غۇۋالاشتۇرۇۋەتتى.

جۇڭگو پادىشاھى بارلىق ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى ئالاقىسىدە، ئۆزىنىڭ پەقەت پادىشاھ (皇帝) دەپ خىتاپ قىلىنىشىنىلا خالايتتى ۋە رۇخسەت بېرەتتى. يات ئەل ھۆكۈمدارلىرى بولسا بۇ نام بىلەن ئاتالمايتتى. تۈركلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتاش شەكلى بولسا ئازراق مۇرەككەپ. ئەڭ ئومۇملاشقىنى بولسا قەدىمي تۈركچە ئاتالغۇ بولغان قاغان ئىدى. بۇ نامنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تۈركلەر قوللانغان بولسىمۇ بۇرۇنقى بەزى ئىچكى ئاسىيا ھۆكۈمدارلىرىمۇ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل، كۈچلۈك بىر ھاكىمىيەتنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللانغان. تۈركلەر بۇ ئاتالغۇنى يەنە باشقا مىللەت ھۆكۈمدارلىرى ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكەن، مەسىلەن، 8 ـ ئەسىردە يېزىلغان ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تېكىستلىرىدىمۇ جۇڭگو پادىشاھلىرىنى قاغان دەپ ئاتىغان، شۇنداقلا يەنە تۈركەش، قىرغىز ۋە تىبەتنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئۈچۈنمۇ بۇ نامنى قوللانغان.[2] بۇ يۇقىرىقى ھۆكۈمرانلارنىڭ باراۋەر سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ يەنە خەنزۇچە «تەڭرىنىڭ ئوغلى» دېگەن بىلەن تۈركچە «تەڭرىدە بولمىش ياكى كۆكتىن يارالغان» قاغان ئاتالغۇلىرىنىڭمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاش مەنە ۋە سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تۈركلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدا تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. يەنى ئوخشاش ۋاقىتتا بىردىن ئارتۇق كىشى قاغان ئۇنۋانىغا ساھىپ بولۇپ قالىدۇ. بۇ نام ئادەتتە كۆچى ۋە ئورنى رەسمى قاغان بىلەن ئاساسەن تەڭ بولغان موھىم كىشىلەرگە بېرىلگەن. تۈركلەرنىڭ ناملىرىنىڭ تەھلىلىگە قارىتا، 801 ـ يىلى تۈزۈلگەن خەنزۇچە «تۇڭ دىيەن» ئېنسىكلوپېدىيىسىدە «بۆرە قاغان»، «ئۆي قاغان» قاتارلىق ئىككىنچى ئورۇندىكى قاغان ئاتالغۇلىرى ئۇچرايدۇ. باشقا مەنبەرلەر بۇلارنىڭ پەقەت تۈرك ھاكىمىيىتىدىكى نۇرغۇنلىغان «ئىككىنچى دەرىجىدىكى» قاغان ئۇنۋانلىرىنىڭ

(1) تەپسىلاتى ئۈچۈن جرومپىنىڭ جۇڭگو تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ يوقىلىشى 200، 5 ـ يىل، 159ـ 95 بەت.

(2) تالات تېكىن، ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ گىرامماتىكىسى، ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى، 1968 ـ يىل، 233ـ 232 ،237،50،234 ـ 237 ، 250ـ251، 234،235،237 ـ بەتلەر.

بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەمەكتە. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ «قاغانلار» يۈكسەك دەرىجىدە سىياسىي ۋە ئەسكىرى ئاپتونومىيەگە ئىگە كىشىلەردىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ ئۇزۇن يىللىق مەشھۇر بولغان يات ئەل ھۆكۈمرانلىرىغا ئۇتۇغات نام بېرىش تارىخى بار، ئەكسىچە بولغان ئەھۋاللار يەنى تۈركلەرنىڭ جۇڭگولۇق پادىشاھلارغا ئۇنۋان بېرىدىغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى ناھايىتى ئاز دەپ قارىلىدۇ. لېكىن تۈركلەر تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بىز بوزقىر قاغانلىرىنىڭ جۇڭگولۇقلارغا ئۇتۇغات نام بېرىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى مونوپول قىلىشنى ئويلىغانلىقىدەك تارىخىي مىساللارنى ئۇچرىتالايمىز. بىز دىققىتىمىزنى ئەمدى مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە يەنى كۈچلۈك تۈرك ھۆكۈمدارلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئۈچۈن ئۇتۇغات نام بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىغا بۇراپ باقايلى. مەسىلەن، 577 ـ يىلى شىمالى چى ھاكىمىيىتى شىمالى جوۋ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان ۋاقىتتا، تاپسار قاغان چى پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى گاۋشىياۋىينى چى پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى دەپ ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق ۋەزىيەتنىڭ يېڭىدىن تۇراقسىزلىققا يۈزلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەلۋەتتە، جۇڭگونىڭ رەسمىي يىلنامىسى بولغان «جوۋ نامە» دە تۈرك قاغانىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى «يۆلەپ تۇرغۇزۇش، قۇرۇش» دەپ قارىغان.[1] نەچچە ئون يىلدىن كېيىن، سۇي سۇلالىسى يىقىلدى. 620 ـ يىلى چولۇ قاغان (619ـ620) سۇي سۇلالىسىنىڭ تۇرغۇنلىغان ئاقسۆڭەكلىرىگە پاناھلىق بەردى ۋە سۇي ياڭدىنىڭ نەۋرىسى ياڭ جىڭداۋنى سۇي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دەپ ئېتىراپ قىلدى.[2]

يۇقىرىقى مىسال تۈرك قاغانىنىڭ خەنزۇچە «پادىشاھ» ياكى «ئىمپېراتور» قاتارلىق ناملار- نى بېرىش ئارقىلىق جۇڭگولۇق مەلۇم بىر ھۆكۈمدارنىڭ تەختكە چىقىشىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە قوللىشىنى كۆرسىتىدۇ. نام بېرىشنىڭ تۈركچە ئۇسۇلى ۋە بۇ ماقالىنىڭ مەركىزى نوقتىئىنەزىرى بولسا جۇڭگو پادىشاھلىرىغا بېرىلگەن ئۇتۇغات نام تۈركچە ئېلمىنتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرغىچە (بىلىنگىنى) پەقەت ئىككىلا تارىخىي دەۋردە بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن. بىرى: سۇي ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالمىشىش دەۋرى، يەنە بىرى بولسا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇزتيەن دەۋرى (690ـ735). گەرچە تۈركلەرنىڭ جۇڭگونىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئەھۋالى ئۇنچە كۆپ بولمىسىمۇ، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ تەتقىق قىلىنىشى تۈركلەرنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيەت كۆزقارىشى ۋە تۈرك جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى بىلىۋېلىشىمىزغا ئىجابىي رولى بولىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشۈم كېرەككى، ماقالىدە ئاللىبۇرۇن قورۇلۇپ بولغان ياكى كۈچلۈك بولغان جۇڭگو پادىشاھلىرىنىڭ قاغان دەپ ئاتىلىشى تەتقىق قىلىنمايدۇ.[3]

جۇڭگولۇق پادىشاھلارنىڭ تۇنجى قېتىم

(1) ZS. 50.912. يەنە شىمالى چى تارىخى، 13. 157ـ157. بەتلەر.

(2) JTS، A195، 5151 ۋە سىماگۇاڭ، Zizhi tongjian، گۇجى نەشرىياتى، 1956ـيىل، 188.5878(ZZTJ)، چۇلۇ قاغان باشتىكى غەربىي كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى چۇلۇ قاغان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلمىسۇن.

(3) ئەڭ بىلىنگەن «تەڭرى قاغان» ئۇنۋانى 630 ـ يىلى تاڭ تەيزۇڭ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تەپسىلاتى ئۈچۈن ، پەن يى خۇڭ، تەڭرىنىڭ ئوغلى ۋە تەڭرى قاغان، 183ـ179ـ بەتلەر. تازا چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدىغان بىرى بولسا «مويەن قاغان» ئۇنۋانى تۈرك ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن سۇي ۋىندىگە قوللىنىلغان. SS، 84. 1873ـ1874 بەتلەرگە قاراڭ.

«قاغان» دەپ نام ئېلىشى سۈي سۇلالىسىنىڭ يېقىلىش مەزگىلىدە يۈزبەرگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى لى يۈەن قاتارلىق بىرقانچە ھاكىمىيەت تالاشقۇچىلار جۇڭگونىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن تۈركلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى شىبى قاغان دەۋردە، جۇڭگونىڭ شىمالىدا نۇرغۇنلىغان سۈي سۇلالىسىگە قارشى تۇرغۇچىلار تۈركلەرنىڭ كۈچىنى ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى كۈچەيتەلەيدۇ دەپ قارىغان. بۇنىڭ بىلەن قاغان جۇڭگودىكى قالايمىقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىشنى ئويلىغان. تۈركلەر ئۇلارنى قوغداش ياكى قوللىنىش ۋەياكى شىمالى جۇڭگونىڭ قايتىدىن موقىم بولۇشى ئۈچۈن بىر قاتار ئىشلارنى قىلغان بۇ سۈي سۇلالىسى جەمەتىگە پاناھلىق بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[1]. بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى مانا مۇشۇ يەردە يەنى شىبى قاغانىنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە نام بېرىشى. لى يۈەن نام بېرىلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئەمەس. بۇ مەسىلە شىبى قاغانىنىڭ ھازىرغىچە تارىخچىلار ئارىسىدا تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان بىر ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىگە باغلىق. بولۇپمۇ تۈركلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك سۇلالىسى بولغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى كىچىكلەشتۈرىدىغان تارىخچىلارغا باغلىق. شۇنداقتىمۇ قېنى بىز تۈركلەر تەرىپىدىن «قاغان» دەپ نام بېرىلگەن - ئاخىرىدا جۇڭگونىڭ پادىشاھى بولالمىغان بولسىمۇ - جۇڭگو ھۆكۈمدارلىرىغا قاراپ باقايلى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچىسى بولسا سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى لىيۇ ۋۇ جوۋ (刘武周) دۇر. 617 - يىلى ئەتىيازدا ئۇ ئۆزىنىڭ باشلىقى يەنى شىمالدىكى موھىم بازارنىڭ بىرى بولغان مايى (马邑) نىڭ ۋالىيسىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن. ئۇ ئۆزىنى مايى رايونىنىڭ ۋالىيسى دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قوللىشىنى ۋە قوغدىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا يېقىنلاشقان[2]. ئۇ شىبى قاغانغا بويسۇنغاندىن كېيىن مۇنداق ئىككى خىل نەرسىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋە ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈرك قاغانلىقىغا بولغان يېقىنچىلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنىڭ بىرى ئوتۇغات نام؛ يەنى لىيۇغا دىڭياڭ (定杨)قاغان دەپ نام بېرىلگەن. بۇ لىيۇنىڭ خاراكتېرىگە ماس بولمىغان ئەبجەش ئۇنۋان ئىدى. سەۋەبى، بۇ نامغا قارايدىغان بولساق بىرىنچى 定 نىڭ مەنىسى «موقىملاشتۇرۇش، تىنچلىق ئېلىپ كېلىش» دېگەن مەنىگە ئىگە. ئىككىنچى خەت 杨 بولسا سۈي سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى، يەنى تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمدار ئۇرۇقى ئاشىنا ( 阿使那) ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. «قاغان» دېگىنى بولسا ساپ تۈركلەرگە خاس بولغان نام. شۇڭا بۇ ئوتۇغات نامنىڭ مەنىسى «ياڭ ئائىلىسى تەرىپىدىن موقىملاشتۇرۇلغان قاغان» دېمەكتۇر ۋە بۇ تولىمۇ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ لىيۇ، سۈي سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ

(1) ZZTJ ، 188. 5878 ۋە 5896.

(2) لىيۇ ۋۇ جوۋنىڭ تەرجىمىھالى JTS ، 55. 2255 - 2252 ۋە يېڭى تاڭنامە 86. 3711 - 3713 لەردىمۇ ئۇچرايدۇ. ماقالىدىكى بايانلار بولسا ZZTJ. 183. 5718 - 5719 ، 5723 - 5724 لەرگە ۋە 188. 5883 - 5882 لەرگە ئاساسەن ئېلىنىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئالەمنى تىنچىتىدۇ دېگەن مەنىنى بېرەتتى[1]. بۇ نام لىيۇنىڭ شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ يۈكسەك ئاپتونومىيەدىكى ھۆكۈمدارى مەنىسىنى بېرەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭغا يەنە بىر غەلىتە نام بېرىلگەن. يەنى شىبى قاغان ئۇنىڭغا يەنە تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەربىي ناملىرىدىن بىرى «بۆرە بېشى» لىق ئۇنۋانىنىمۇ بەرگەن. «بۆرە بېشى» سىمۋوللۇق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنۋان بولۇپ، بۇ يەردىكى بۆرە رىۋايەتلەردىكى تۈركلەرنى يوقىلىشتىن ساقلاپ قالغان بۆرىنى كۆرسىتەتتى ۋە بۇ بۆرە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمدار ئۇرۇقىنىڭ ئەجدادى دەپ قارىلاتتى.[2]

لىيۇ ۋۇ جوۋ، شىبى قاغاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزىگە يۈرەكلىك بىلەن پادىشاھ (皇帝) نامىنى بەردى، ئايالىغا بولسا خانىشلىق ئۇنۋانىنى بەردى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئايرىم يىلنامىسى - تيەن شىڭ (天型) نى ئېلان قىلدى[3]. بۇلارنىڭ ھەممىسى لىيۇنىڭ جۇڭگو سەلتەنەتىگە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ بەلگىسى ئىدى. تارىخىي مەنبەلەر شىبى قاغاننىڭ لىيۇ ۋۇ جوۋنى «ئىمپېراتور دىڭ ياڭ» (定杨皇帝)

(1) ZZTJ 1183 . 5723 تىكى ئىزاھلارغا ئاساسەن، «ياڭ» «ياڭ جوۋ» نى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ياڭ جوۋنىڭ موھىملىقى ھېچقانداق بىر يەردە ئىزاھلانمىغان ۋە بۇ ئىزاھاتتا مەسىلە بار. چۈنكى مەن ياڭ جوۋ توغرۇلۇق ھېچقانداق ئىسپات تاپالمىدىم. ۋېن دا يا (温大雅) تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تاڭ ھەققىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ لىيۇ ۋۇ جوۋ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىپ دۆلىتىنى دىڭ ياڭ دەپ ئاتىغان. ۋېن دايا بۇ نامنى تۈركلەرگە باغلىمىغان. 大唐创业起居注 ، ۋاڭ ۋۇ مەتبەخانىسى ، 1937 - يىل، 1.4 گە قاراڭ. گەرچە پۈتۈنلەي ئېنىق بولمىسىمۇ «ياڭ» بۇ يەردە سۈي سۇلالىسى خان جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قاراش يېتەرلىك قايىل قىلارلىق. ۋۇ يۇ گۈينىڭ تۈرك خانلىقى ۋە سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ھەققىدە ، 164 - بەتكە قاراڭ.

(2) بۇ رىۋايەت ھەققىدە ، Denis Senior نىڭ تۈركلەرنىڭ ئەپسانىۋى كېلىش مەنبەسىگە قاراڭ. بۆرە باشلىق سانجاق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ قۇدرەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇرلار 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا موڭغۇلىيەدە تۈرك ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان. XTS ، 217A، 6115.

(3) JTS ، 55.2253 ۋە XTS، 86. 3712 گە قاراڭ.

دەپ ئاتايدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن[4]. بۇ بەلكىم «دىڭ ياڭ قاغان» سۆزىنىڭ كېيىن تەرجىمە قىلىنغان شەكلى بولۇشىمۇ مۇمكىن. لىيۇ تۈرك قاغانلىقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى ھەتتا تۈرك قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەڭ قىلدى. لېكىن ئاخىرىدا تاڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەرنىڭ قوغدىشى ئۈچۈن شىمال تەرەپكە قېچىپ كەتتى. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ بازىسى بولغان مايىغا قايتىشنى مەخپىي پىلانلىغان بولسىمۇ بۇ پىلان تۈركلەر تەرىپىدىن بايقىلىپ قالدى ۋە 622 - يىلى تۈركلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.[5]

ئىككىنچىسى بولسا شىمالدىكى شۇفاڭ (朔方) شەھەرىنىڭ ۋالىيسى لىياڭ شى دوۋ (梁师都) ئىدى[6]. ئۇمۇ 617 - يىلى ئوخشاشلا ئۆزىنى لىياڭ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى دەپ جاكارلاپ سۈي سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. شۇنداقلا يىلنامىسىنى يۇڭ لوڭ (永隆)غا ئۆزگەرتتى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى ۋە ئۇنىڭغا شىبى قاغان تەرىپىدىن «تاردۇ بىلگە قاغان» ئۇنۋانى بېرىلدى[7]. بۇ ئۇنۋان ھېچقانداق خەنزۇچە ئېلېمېنتنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئىدى. «تاردۇ» تۈركچە ياكى تۈركچىگە ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، ئېنىق مەنىسى تېخى يوق. ئۇ مەشھۇر بىر تۈرك ھۆكۈمدارىنىڭ ئىسمى بولۇپلا قالماستىن،

(4) ZZTJ، 183.5724

(5) JTS,55.2254-2255 ۋە ZZTJ ,188. 5882-5883 لەرگە قاراڭ. بۇرۇنقى مەنبەلەرگە قارىغاندا، لىيۇنىڭ ئىسيانى 622 - يىلى ئۇنىڭ ئۆلۈمىگىچە ئالتە يىل داۋاملاشقان دېيىلگەن. لېكىن كېيىنكى مەنبەلەردە 620 گىچە دېيىلگەن.

(6) لىياڭ شى دوۋنىڭ تەرجىمىھالى JTS,56.2280-2281, XTS, 87.3730-3731 لەردە ئۇچرايدۇ.

(7) JTS, 56.2280

يەنە باشقا تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇنۋانىدۇر[1]. قەدىمكى تۈركچىدە «بىلگە» نىڭ «پارسەت، ئاقىل» دېگەن مەنىسى بولۇپ، بۇمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇن تۈرك ھۆكۈمدارلارنىڭ نامى ئىدى.

لىيۇ ۋۇ جوۋغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭغىمۇ شىبى قاغان تەرىپىدىن «بۆرە باشى» لىق ئۇنۋان بېرىلدى.[2] تارىخىي مەنبەلەردە شىبى قاغاننىڭ ئۇنىمۇ «ئىمپېراتور جىيې شى» (解事皇帝) دەپ ئاتايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان[3]. بۇ يەردىكى خەنزۇچە 解事 نىڭ مەنىسى «ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، ئەقىللىق، دانا» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تۈركچىدىكى «بىلگە» بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە ئىدى. 皇帝 بولسا «قاغان» دېگەن مەنە بىلەن ئوخشاش ئىدى. «تاردۇ» بەلكىم تۈركچە سۆز بولماسلىقى مۇمكىن ۋە ئۇنىڭ مەنىسىمۇ ئېنىق ئەمەس. لياڭ شى دۇۋغا بېرىلگەن نامنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە ھېچقانداق ئىزاھ بېرىلمىگەنلىكى ياكى ئىزاھاتى قىسقارتىلغان بولۇشى مەنتىقىلىق بولۇشى مۇمكىن.

يېڭى قۇرۇلغان تاڭ سۇلالىسى شىمالنى تىنچلاندۇرۇشتا ۋە ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىنى يوق قىلىشتا نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. لياڭ شى دوۋنىڭ نۇرغۇن قوماندانلىرى ئۇنى تاشلاپ كەتتى. ئۆزىنىڭ تەسىرىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن يېڭى تەختكە چىققان چولۇ قاغانغا ئەلچى ئەۋەتتى ۋە تۈرك قاغانىنىڭ جۇڭگوغا ھوجۇم قىلىشىغا يولباشچىلىق قىلغۇسى بارلىقىنى ئىپادىلىدى. چولۇ قاغان بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى ۋە ھەر قايسى قەبىلىلەردىن بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ ھۇجۇمغا تەييارلىق قىلدى. لېكىن بۇ ھەرىكەت چولۇ قاغاننىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى بىلەن توختاپ قالدى[4]. تاڭ سۇلالىسىنىڭ توختىماي تەھدىت سېلىشى بىلەن لياڭ شى دوۋ يېڭى قاغان ئىلىك قاغان (颉利 620-630) دىن پاناھلىق تىلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ توختىماستىن تۈركلەرنى جۇڭگوغا ھوجۇم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى ۋە ئىلىگ قاغانمۇ ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا بولغان خىرسىغا ھېسداشلىق قىلدى. لېكىن ئىلىگ قاغاننىڭ ئورنىمۇ ئۇنچە مۇقىم ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يېقىنلىشقا قاراپ مېڭىۋاتاتتى. تاڭ سۇلالىسىنى يوقىتىشقا بولغان غەيرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇردى، لياڭ شى دوۋ ئاخىرى 628 - يىلى تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغان بىر توغقىنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.[5]

لىيۇ ۋۇ جوۋ ۋە لياڭ شى دوۋ ۋەقەسى سۈي - تاڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى شەرقىي تۈرك قاغانلىرىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمدارلىرىغا ئوتۇغات نام بېرىش ھادىسىسىنىڭ بىزگە بىلىنگەن ئىككى ئۆرنىكىدۇر. يەنە بىرى جۇڭگولۇق ئىسيانكار لىيۇ جى جېن (刘季真) تۈركلەرگە بېقىنغان ۋە ئۆزىنى تۇلى (突利) قاغان دەپ ئاتىغان. كېيىن ئۇ لىيۇ ۋۇ جوۋ بىلەن بىرلەشكەن ئىدى[6]. لىيۇ جى جېن ئۇنچە بەك موھىم ئىسيانچى ھۆكۈمدار ئەمەس ئىدى. ئۇ تۇلى قاغان دېگەن ئۇنۋاننى

(1) Edouard Chavannes, documents sur Tou-kiue Occidentaux: Recueiis et comments, suivi de notes additionells, 100 ۋە 362- بەتلىرىگە قاراڭ. بۇ ئىسىم خەنزۇچە بىرنەچچە خىل شەكىلدە بېرىلگەن. ئەڭ تىپىك بولغىنى 达般 بولسا داتوۋ. تاردۇ بولسا گىرېك مەنبەلەردىن كەلگەن دەپ قارالماقتا. گىرېكچە T pdov شەكىلدە ئۇچرايدۇ. Gyula Morvacsik نىڭ Byzantinoturcica ناملىق كىتابىنىڭ 1983- يىل، ئۇچىنچى نەشرىنىڭ 2-باپ، 299- بېتىگە قاراڭ.

(2) JTS, 56. 2280 .

(3) ZZTJ, 183. 5724 ; XTS,87.3730

(4) JTS, 56.2280

(5) JTS, 56.2281 ; ZZTJ, 192.6050

(6) لىيۇ جى جېننىڭ تەرجىمھالى JTS, 56.2281 -2282; XTS,87.3732 لەردە ئۇچرايدۇ.

ئۆزىگە ئۆزى قويىۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن تۇلى قاغان بولسا بىرقانچە موھىم تۈرك ھۆكۈمدارلارنىڭ نامى ئىدى، يەنى تۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان ئىككى نەپەر «ئىككىنچى قاغان» نىڭ ئۇنۋانى ئىدى(1). يەنە بىر ئىسيانچى گوزىخى (كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ فامىلىسى بولغان لى فامىلىسى بېرىلگەن) بولۇپ، ئۇ شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوغلىنى تۈركلەرگە تورغاقلىققا ئەۋەتكەن(2). ئۇ تۈركلەر ئۇنىڭغا ھاۋالە بىلەن بەرگەن «ئىمپېراتور پىڭياڭ (平阳皇帝) دېگەن نامنى رەت قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا قايتىدىن «كۆل شاد» ئۇنۋانى بېرىلگەن(3). «پىڭياڭ» نىڭ ئەسلى مەنىسى لىيۇ ۋۇ جوۋغا بېرىلگەن «دىڭياڭ» بىلەن ئوخشاش بولۇپ، خەنزۇچە 平 نىڭ ئوخشاشلا «تىنچىتىش، موقىملاشتۇرۇش» دېگەن مەنىسى بار. لىيۇ ۋۇ جوۋغا ئوخشاشلا، تۈرك قاغان، گوزىخىنىڭ ۋەزىپىسىنىمۇ ياڭ ئائىلىسىنى مەغلۇپ قىلىش دەپ قاراپ ئۇنىڭغا بۇ ئۇتۇغات نامنى بەرگەن ئىدى. گوزىخىنىڭ ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلغان ئۇتۇغات نامى بولسا ساپ تۈركچە نام بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تۈرك ئاقسۆڭەكلەرگە بېرىلگەن ياكى بېرىلىدىغان نام ئىدى. «كۆل» تۈركلەرنىڭ ناھايىتى داڭلىق بولغان كونا

(1) جىرومىپ، ھەددىن كۆپ ھۆكۈمدارلار ، 102-99 بەت. خەنزۇچە تۇلى قەدىمكى تۈركچىدە مەۋجۇت ئەمەس.

(2) گو زى خېنىڭ تەرجىمىھالى ئۈچۈن ,XTS; JTS,56.2282-2283 92.3804 لەرگە قاراڭ. بۇلارنىڭ ئالدىنقىسىدا گو زى خىنىڭ ئوغلىنى تورغاقلىققا ئەۋەتىپ بەرگىنىنى بايان قىلىدۇ. لېكىن ھەر ئىككى ماتېرىيالدا چولۇ قاغانىنىڭ گۈزى خىنىڭ ھەرىكىتىگە نارازى بولغانلىق تۈپەيلىدىن ئونىڭ ئېنىسىنى قاماققا ئالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

(3) ZZTJ, 183.5724

ئىسمى ۋە نامى ئىدى.(4) «شاد» بولسا بىر خىل يۇقىرى سالاھىيەتلىك مەنىدىن ئىبارەت بولۇپ، يەنى قاغان دېگەن مەرتىۋىگە يېقىن تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ پەقەت قاغانىنىڭ ئەڭ يېقىن بولغان ئاز ساندىكى ئوغۇل تۇغقانلىرىغا بېرىلەتتى. ئۇ بىر خىل قۇدرەتكە، ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچىلىققا ۋە نائىبلىققا يېقىن بولغان مەسئۇلىيەتكە ۋەكىللىك قىلاتتى(5). گوزىخى ئاخىرى ھاكىمىيەتكە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش بىلەن تۈركلەرنىڭ ياردىمىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇتۇغات نامىنى قوبۇل قىلدى. شۆجۈ (薛举)، دوۋ جىيەن دې (窦建德)، ۋاڭ شى چۇڭ (王世充)، لى گۈي (李轨) ۋە گو كەي داۋلارمۇ ئوخشاشلا تۈركلەرنىڭ ئۇتۇغات نامىنى قوبۇل قىلىشتى. پايدىلانغىلى بولىدىغان خەنزۇچە مەنبەلەر ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئۇتۇغات ناملارنى بەك تىلغا ئېلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا بىز ئۇلار ھەتتا قاغان دەپ نام بېرىلگەن بولسىمۇ بىلەلمەيمىز. سۈينامە بىزگە يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ تۈرك قاغانلىقىنىڭ ۋاسساللىرى بولغانلىقلىرىنى ۋە ئۇتۇغات نام قوبۇل قىلغانلىق ئۈچۈرىنى بېرىدۇ.(6)تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى لى يۈەنمۇ ئۆزىنى تۈركلەرنىڭ ۋاسسالى دەپ قارىمىغان بولسىمۇ شىبى قاغانغا يازغان خېتىدە (ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا

(4) Gerard Clauson, An ethnological dictionary of Pre Thriteenth Century Turkish, oxfords Clarendon Press,1972. 715-بەت.

(5) يۇقىرىقى ماتېرىيال ، 866-بەت.

(6) S, 84.1876. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە «قاغان» ئۇنۋانىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى بايان قىلماقتا. Jonathan Karam Skaff نىڭ تارىخ ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىللىق 15- ساندا ئېلان قىلىنغان چېگرا رايوندا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش: سۈي - تاڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى سىياسىي ساداقمەتلىك ۋە ئېتنىك كىملىككە قارىتا سىلىشتۇرما مۇلاھىزە (630-617) ناملىق ماقالىگە قاراڭ. 125-بەت. تىلنىڭ مەنبەسى ئېنىق ئەمەس: 受其可汗之号 نىڭ مەنىسى ئۆزلىرىنىڭ قاغانىدىن ئۇتۇغات نام قوبۇل قىلىش دېمەكتۇر. ھېچقانداق مەنبەلەردە بۇ كىشىلەرنىڭ قاغان دېگەن نامنىڭ بولغانلىقىنى يازمىغان. شۇڭا بۇ مەسىلىگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىمدۇر.

بويسۇنغانلىق مەنىسى چىقىدىغان ئىبارىلەرنى قوللانغان ئىدى.[1]

بىز شىبى قاغاننىڭ جۇڭگولۇق ھۆكۈمدارلارغا ئۇتۇغان نام بېرىشىدەك كەم ئۇچرايدىغان ھادىسىنى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟ تۈركچە «قاغان» ئۇنۋانى ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا بېرىلىدىغان ئالىي ئۇنۋان. ئەمما بۇ نام جۇڭگولۇقلارنىڭ پادىشاھ ياكى ئىمپېراتور دېگەن ئاتالغۇسىدەك مونوپوللۇققا ئىگە ئەمەس. جۇڭگوچە «پادىشاھ» يالغۇز بىرلا كىشىگە بېرىلىدىغان نام بولۇپ، بۇ كىشى «تەڭرىنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى» دەپ قارىلىدۇ. ھەتتا رەقىپ سۇلالە ياكى پادىشاھ بولسۇن ئەھۋال يەنىلا شۇنداق قارىلىدۇ. جۇڭگونىڭ ھەرقانداق ھاكىمىيىتىگە قارايدىغان بولساق بۇ يەردە پەقەت بىرلا «پادىشاھ» مەۋجۇت. ئەمما تۈركلەردە «ئىككىنچى قاغان» مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي قاغان بىلەن ماسلاشقان ھالدا ھاكىمىيەتنى باشقۇرىدۇ، شۇنداقلا بۇ خىل باشقۇرۇش تۈزۈمى تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئەنئەنىسىگە يات ئەمەس.

شىبى قاغان، جۇڭگولۇق ھۆكۈمدارلاردىن ئىككىسىگە قاغانلىق نامىنى بەرگەن. ئەگەر بىز گوزىخنىڭ رەت قىلىۋەتكەن قاغانلىق ئۇنۋانىنىمۇ ھېساب دەپ قارىساق بۇلار ئۈچ كىشى بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككىسى بۇ نامنى قوبۇل قىلغان. تۈركلەرنىڭ قوللىنىشچان سىياسىي قۇرۇلمىسى ھەقىقىي قاغان بىلەن ئىككىنچى قاغاننىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شىبى قاغاننىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئۇلارنى ئىككىنچى قاغان قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ۋە يەنىلا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمما لىيۇ ۋۇ جوۋ ۋە لياڭ شى دوۋ ئىككىسى ئۆزلىرىنى تۈركلەرنىڭ ھاۋالە قىلىنغۇچىلىرى دەپ قارىغاچقا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى روشەن ھالدا جۇڭگوچە سۇلالە قۇرۇپ تۈركلەرنىڭ مانداتلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل ھالدا ھاكىمىيەت تىكلەشنى مەقسەد قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى. يەنى ئۇلار جۇڭگودا ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن تۈركلەرنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان. ئەلۋەتتە، ئەركىن قوللىنىشچانلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا قاغان دېگەن بۇ نام ئىدىئاللىققا ئىگە بولۇپ، شىبى قاغان ئۈچۈن بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، لېكىن ئاپتونومىيەلىكنى ساقلايتتى، يەنى جۇڭگودىكى پادىشاھقا قارىغاندا نورغۇن چەكلىمىلەرگە ئۇچرايتتى، مانا بۇ شىبى قاغان ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا «قاغان» ئاتالغۇسى ئىچكى ئاسىيادىكى خەلقلەر ۋە جۇڭگودىكى يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان ۋە چۈشىنەلەيدىغان ئاتالغۇ ئىدى. شۇڭا بۇخىل «باھا تالىشىش» ئارقىلىق تۈرك قاغانى بولسۇن ياكى جۇڭگولۇق ئىسيانكارلار بولسۇن ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بىر - بىرىدىن پايدىلانغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قارىماققا شىبى قاغان جۇڭگونىڭ شىمالى-نىڭ بىرلىككە كېلەلمەسلىكىنى ياكى كۈچلەن-مەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدىغاندەك ۋە ئامال قىلىپ

(1) . 1.7温，大唐创业起居注 ۋە پەننىڭ تەڭرىنىڭ ئوغلى ۋە تەڭرىقاغان 171-169 بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

تۈركلەرنىڭ پىلانلىرى ۋە ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان كۈچلۈك بىر ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى چەكلەيدىغاندەك قىلاتتى. تاپسار قاغان تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋاقتىدا جۇڭگونىڭ شىمالىدا كېلىپ چىققان سىياسىي بۆلۈنمىچىلىك ۋەزىيىتىدىن ئۇبدانلا پايدا كۆرگەن ئىدى. شىبى قاغان بولسا بۇرۇنقىدەك شىمالى جۇڭگودىكى ئىتائەتچان ۋە رايىش «ئوغلى» نىڭ قايتىدىن تۈركلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشىدەك ئەھۋالنىڭ قايتىدىن كېلىشىنى ئۇمىد قىلاتتى. ئۇ يەنە ھەر ئېھتىماللىققا قارشى كەلگۈسىدە جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ دەپ قارىغان ھەرقانداق بىرىنى يۆلىگەن بولۇشىمۇ مومكىن. ئۆتمۈش شىمالىي جۇڭگودىكى ھۆكۈمدارلار بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋەتنىڭ تۈركلەرگە نەقەدەر موھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى. يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئاخىرى جۇڭگودىكى مەركىزى ھۆكۈمدارلارنىڭ شىبى قاغاندىن ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتى باشلىشىغا سەۋەب بولدى. 614 - يىلى سۈي سۇلالىسى پادىشاھى شىبى قاغان ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى چىجى شادنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چىجى (叱吉) شادقا بىر پارچە مەكتۇپ يازدى ۋە مەكتۇپتا چىجى قاغان بىلەن قۇدىلاشماقچى ۋە ئۇنىڭغا جەنۇبنىڭ خاقانى دېگەن ئوتۇغات نامنى بەرمەكچى بولدى. چىجى قاغان بۇ «ئىلتىپات» نى رەت قىلغان[1]. بۇ سۈي ھاكىمىيىتىنىڭ 599 - يىلى دۇۋلەن (都蓝) قاغان (تۇران قاغان بولۇشى مۇمكىن - تەرجىماندىن) بىلەن چىمىن قاغاننى بىر - بىرىنى دۈشمەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ۋە موۋەپپەقىيەت قازانغان تاكتىكىسىنى يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىشقا ئۇرۇنىشى ئىدى[2]. شىبى قاغان سۈي سۇلالىسىنىڭ ئۆزىگە «ياتلارنى ياتلار بىلەن ئىدارە قىلىش» تاكتىكىسىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىگە ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن بولۇپ، مۇشۇ سەۋەبتىن سۈي سۇلالىسىنى يوقاتماقچى بولغان ئۇ ئىككىسىگە ياردەم قىلغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

جەنۇبنىڭ قاغانى دېگەن بۇ نام نەچچە يىلدىن كېيىن يەنە قايتا ئىشلىتىلدى. 621 - يىلى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى، لى جوڭ ۋىننىڭ (李仲文) توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغانلىق خەۋىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئىگەللەنگەن مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا لى جوڭ ۋىن شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ خاقانى ئىلىگ قاغاننىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن ۋە لىگە «جەنۇبنىڭ خاقانى» لىق ئۇنۋانىنى بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. لېكىن بۇ پىلان توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان ۋە لى جوڭ ۋىننىڭ كاللىسى ئېلىنغان[3]. گەرچە نام بېرىش ئىشلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ ئىلىگ قاغان شىبى قاغاننىڭ جۇڭگولۇق ئىسيانچىلارغا ياردەم بېرىش سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلغان. يەتتە يىل بۇرۇن سۈي سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركلەرنى پارچىلاش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇلىنىڭ ئىلىگ قاغان تەرىپىدىن سۈي سۇلالىسىگە قوللىنىلىشى ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتماي قويمايدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ بۇنداق قاراتمىلىق بىلەن قايتا ئىشلىتىلىشى ئىلىگ قاغاننى ھەرىكەتلەندۈرگەن ئامىلنىڭ ئۆچ

(1) SS, 67.1582

(2) SS84. 1872-1873 ; ZZTJ, 178. 5558,5563-5564, 5568-5569 .
بەتلەر.

(3) ZZTJ, 188. 5904

ئېلىش بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى قاغاننىڭ ھەرىكىتى ئۈچ ئېلىشتىن بەكرەك شىمالىي جۇڭگودا پەيدا بولىۋاتقان كۈچلەرگە بولغان قىزىقىشىدىن كېلىپ چىققان.

ئەڭ ئاخىرىدا تۈركلەر جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە يېڭى سۇلالىنىڭ قۇرۇلۇشىنى توسۇپ قالالمىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن تۈركلەرنىڭ لىيۇ ۋۇ جوۋ ۋە لياڭ شى دۇلارنى قوللاش سىياسىتى كۆپ دىققەتنى تارتالمىغان ياكى ئېتىبارسىز قارالغان. ھەم بۇ خىل سىياسەتنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى قىسقا بولغاچقا تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ھەرىكىتىگە ئىنكاس بىلدۈرۈش سىياسىتى دەپلا قارالغان[1]. بۇ خىل چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاشنى توغرا دەپ قارايدىغان بولساق ئۇنداقتا بىز نۇرغۇنلىغان تاشقى سىياسەتلەرگە قايتىدىن دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. يەنى تاشقى سىياسەت تۈزۈشمۇ ئەمەلىيەتتە تەبىئىتىدىن ئىنكاس بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەرگىزمۇ كۆك تۈرك سىياسىتىنىڭ پۈتۈنلەي يېڭىلىق يارىتىش كۈچىنىڭ يوقلۇقىنىڭ بەلگىسى ئەمەس. ئىنىقكى گەرچە غەلىبە قىلالمىغان بولسىمۇ بۇ روشەن ھالدا شەرقىي تۈركلەرنىڭ شىمالىي جۇڭگودا ئۆزىگە پايدىلىق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان سىياسىي ھەرىكىتىدۇر. بۇ خىل ھەرىكەت ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق، ھېچ بولمىغاندا زىيانلىق ئەمەس. دۈشمىنىگە مەرتىۋە بېرىش ۋە بۆلۈپ پارچىلاش ئەلۋەتتە ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان سىياسەت. ئۇمۇ ئوخشاشلا «ياتلارنى ياتلار بىلەن ئىدارە قىلىش» نىڭ بىر پارچىسى، شۇنداقلا ئەگەر بۇ تاكتىكا غەلىبە قىلغان بولسا يەنە «يېڭىلىق روھى بولمىغان سىياسەت» بولمايتتى. بۇ تاكتىكىنى تاڭ تەيزۇڭمۇ ئىشلەتكەن ۋە 630 - يىلى شەرقىي تۈركلەر ئىلىگ قاغاننىڭ تۇتۇلۇشى سەۋەبىدىن تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئايىغىغىچە بارغان. ئەگەر بۇنى ئاددىيلا قىلىپ تاڭ تەيزۇڭنىڭ تۈركلەرنىڭ ئىچكى سىياسىتىنى ئۇستىلىق بىلەن مونوپۇل قىلىۋېلىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان ۋە يىقىتقان دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ بۇ خىل تاكتىكىسىمۇ «يېڭىلىقى يوق، ئەتراپلىق تۈزۈلمىگەن» دەپ شەرھلەنسە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەقسىتى پەرقلىق. يەنى جۇڭگولۇقلار شىمالدىن كېلىدىغان تەھدىتنى تۈگىتىشنى ئويلىغان، تۈركلەر بولسا جۇڭگودىكى مۇقىمسىزلىق ۋەزىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۇلار يەنە شىمالىي جۇڭگونىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچسىز بولۇشىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئويلايتتى، ئەلۋەتتە.

تۈركلەرنىڭ بۇرۇنقى تارىخىغا قارايدىغان بولساق شىمالىي جۇڭگونىڭ بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرۇشى ئۇلارغا پايدىلىق بولغان، بىرلىككە كېلىشى بولسا ئەكسىچە ئۇلارغا نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى تۇغدۇرۇپ بەرگەن. تۈركلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىشىنى ئارزۇ قىلىشى تامامەن ئەقىلگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئەينى

(1) Andrew Eisenburg ، ئوتتۇرا ئەسىر شىمالىي ئاسىيا ھاكىمىيەتلىرىدە ئۇرۇش ۋە سىياسىي مۇقىملىق. 320 ـ 318 (1997) 83 ،T'oung Pao بەتلەر

ۋاقىتتا ئۇلار ئىككى ۋېي دۆلىتىنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىشىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ناھايىتى قولايلىق بىلەن ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان يەنى تۈركلەر ئۈچۈن جۇڭگو بىرلىككە كەلمەسلىكى ۋە ئېزىلىشى كېرەك. سۈي، تاڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىدىكى تۈرك سىياسىتى غەلىبە قىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا ناھايىتى قوپاللىق بىلەن ئىنكار قىلىنغۇتىلگەن. شىبى قاغان ئۆزى دۈچ كەلگەن ۋەزىيەتكە نىسبەتەن نام بېرىش، قورالللىق ئارىلىشىش ئارقىلىق «خەنزۇلارنى خەنزۇلار بىلەن ئىدارە قىلىش» تاكتىكىسىنى قوللانغان ۋە جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىنى توسقان، ھېچ بولمىغاندا يېڭى تەختكە چىقىدىغان پادىشاھقا دوستانە بولغان. ئەگەردە بۇ تاكتىكا غەلىبە قىلغان بولسا ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن جۇڭگو بىرلىككە كېلەلمىگەن بولسا شىبى قاغاننىڭ بۇ تاكتىكىسى باشقىچە ئىزاھلانغان بولاتتى. لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسە بولۇپ قالغان.

يەنە باشقا كۆزىمىزگە چېلىقىدىغان تۈركلەرنىڭ جۇڭگولۇقلارغا قاغان ئۇنۋانىنىڭ بېرىلىش ھادىسىسى تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلغان ۋاقتىدا يەنى تاڭ سۇلالىسىدە جوۋ بىلەن ۋۇزېتيەننىڭ تەخت ئالمىشىدىغان دەۋردە يۈزبەرگەن. تۈرك قاغانلىقى 630 - يىلى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاندى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا تاڭ تەيزۇڭ تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئەمما 682 - يىلى قايتىدىن سىياسىي بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە تۈرك قاغانلىقىنى ئىچكى ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرگە ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلدۇردى. تۈرك ئىمپېرىيەسى قۇتلۇق ئىلتەرىش قاغان[1] (682-691) ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى قاپاغان قاغاننىڭ[2] قوماندانلىقىدا ئىچكى ئاسىياغا قارىتا نۇرغۇنلىغان ھەربىي يۈرۈشلەر ئېلىپ باردى ۋە جۇڭگوغىمۇ غايەت زور تەھدىد شەكىللەندۈردى. بۇ ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى يەنىلا كۈچلۈك ۋە مۇقىم بولغان دۆلەت ئىدى. لېكىن تاڭ گاۋزۇڭنىڭ ئايالى ۋۇزېتيەننىڭ ۋاقتىدا جىددى ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ۋۇزېتيەن جوڭ زوڭ (684) ۋە رۇي زوڭ (690 - 684) لارنىڭمۇ ئانىسى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى تەختتىن ئېلىپ تاشلىدى ۋە ئۆزى پادىشاھ بولۇپ، سۇلالىنىڭ نامىنى جوۋغا ئۆزگەرتتى. بۇ ھەرگىزمۇ ۋۇزېتيەننىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋردە سۇلالىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنى كۆرسەتمەيتتى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلغان ۋاقتىمىزدا ۋۇزېتيەننىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن ئايال كىشىنىڭ پادىشاھ بولۇشى جۇڭگو تارىخىدا ھېچ كۆرۈلۈپ باققان ئەھۋال ئەمەس ئىدى. بۇ ئېنىقسىز بىر دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ۋە يېڭى ھۆكۈمدارنىڭ قانۇنلۇق ياكى ئەمەسلىكىگە دائىر بەزى مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغانلىقىنىڭ سىگنالى ئىدى.

695 - يىلى قاپاغان قاغاننىڭ قوماندانلىقىدا تۈركلەر جۇڭگونىڭ شىمالىنى تالان - تاراج قىلدى.

(1) قۇتلۇق ئىلتەرىش قاغان خەنزۇچە مەنبەلەردە شەكىلدە قارشىمىزغا چىقىدۇ.

(2) قاپاغان قاغان خەنزۇچە مەنبەلەردە شەكىلدە ئۇچرايدۇ. بۇ بەلكىم قەدىمكى تۈركچىدىكى or دىن كەلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. چور تۈركلەر ئارىسىدا يۇكسەك ھۆرمەت نامى ئىدى. Clausonنىڭ An Etmological Dictionary of Pre-Thriteenth Century Turkish نىڭ 428-427 بەتلىرىگە قاراڭ.

هايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش پەيتى ئاز قالغاندا تاپسار قاغان تۇيۇقسىز دوستلۇق تەكلىپى بەردى. ۋۇزتىيەن ئۇنىڭغا «سول چەبدەس بۈيۈك سانغۇن» ئۇنۋانى بىلەن ۋاسساللىق ئۇنۋانى بەردى[1]. ئايال پادىشاھ يەنە ئۆزىنىڭ خاس ئەمەلدارى يەن جى ۋېينى 闫知微[2] قاپاغان قاغانغا «چى شەن 迁善»[3] ئۇنۋانى بېرىلگەنلىك شەرىپى ئۈچۈن مۇڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى قاغاننىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتتى. «چى شەن» ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىنى ياخشىلىق تەرىپىگە ئۆزگەرتكەن كىشى مەنىسىنى بېرەتتى. بۇ سىمۋوللۇق بىر نام بېرىش بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىستراتېگىيىلىك ۋارىيانتى يوق ئىدى. قاپاغان قاغان جوۋ دۆلىتىنىڭ ھېچقانداق سانغۇنلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرمىدى، «ۋاسساللىق» دېگەننىڭ مەنىسىمۇ «جوۋ دۆلىتىگە ساداقەتمەن بولۇش» مەنىسىدە بولۇپ، قاپاغان قاغاننىڭ «ساداقەتمەن» لىكى ھەم ۋاقىتلىق ھەم دوستانە ھەم ئۆزىگە پايدىلىق ئىدى. قاپاغان قاغاننىڭ شەرىپىگە ئايال پادىشاھ 5000 توپ يىپەك ئەۋەتتى ۋە بۇنىڭ بىلەن قىسقا مەزگىللىك ئۆزئارا دۈشمەنلىشىشكە خاتىمە بېرىلدى.

بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. جوۋ دۆلىتى ناھايىتى تېزلا نۇرغۇنلىغان تەھدىتلەر بىلەن قارشىلاشتى. بىرىنچى بولۇپ، 696 ـ 695 ـ يىللىرىدا تىبەتلەر تاڭ سۇلالىسىغا ھوجۇم قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 696 ـ يىلى قىتانلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈردى. قاپاغان قاغان ئايال پادىشاھقا ياردەم قىلدى ھەمدە ئايال پادىشاھ تەرىپىدىن ئىككى قېتىم ئۇتۇغات نام ئالدى، بۇلارنىڭ بىرى، «بۈيۈك ئىلتەرىش تەڭرىقۇت»[4]، يەنە بىرى، «شەپقەتلىك قوغدىغۇچى قاغان» ئىدى. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى تاڭ ئوردىسىنىڭ قاپاغان قاغاننىڭ ئىچكى ئاسىيا ۋە باشقا بوزقىر قەۋملىرىگە بولغان ئالىي ھۆكۈمدارلىق ئورنىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نام ھەم تۈركچە ھەم ھۇنچە سۆزنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، قاپاغان قاغاننىڭ بارلىق بوزقىرلارنىڭ ھۆكۈمرانى بولغانلىقىنى تەستىقلىغانلىق ئىدى. ئىككىنچى ئۇنۋان بولسا سىمۋوللۇق مەنە ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇپ، جۇڭگولۇقلارغا خىتاپ قىلىنغان، بۇ «قاغان شەپقىتىنى كۆرسىتىپ دۆلەتكە خىزمەت كۆرسەتتى» دېگەن مەنە بېرەتتى. جۇڭگولۇقلاغا نىسبەتەن بۇ قاغاننىڭ ئايال پادىشاھ ئۈچۈن قىلغان خىزمىتى مەنەسىنى بېرەتتى. بۇرۇنقىغا ئوخشاش يەن جى ۋېي بۇ نامنى ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن ئەلچى تەيىنلىنىپ قاغانغا ئەۋەتىلدى.[5]

قاغان قىتانلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىغا بېسىم قىلىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچىدە ياشايدىغان بەزى تۈركلەرنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يەنە يىپەك ۋە زىرائەت ئۇرۇقلىرىدىن ئەۋەتىشنى ھەمدە

(1) JTS,194 A. 5168

(2) ياڭ جي ۋېينىڭ تەرجىمىھالى ئۈچۈن JTS ,77.2679_2680 ; XTS, 100. 3942 گە قاراڭ

(3) XTS, 215A. 6045 بۇ مەنبەگە ئاساسلانغاندا ۋەقەنىڭ ئاخىرى بىرئاز پەرقلىق، يەنى ئۈچ نامنىڭ ھەممىسى قاپاغان قاغاننىڭ ۋۇزتىيەنىنىڭ قىتانلار بىلەن بولغان كۈرىشىگە ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلگەن. يەنە ZZTJ, 205. 6510 غا قاراڭ.

(4) سىن جوڭمىيەننىڭ ( ) نىڭ تۈرك تارىخى 2 ـ قىسىم، جۇڭخۇا سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ، ـ1958 يىل، ـ1125 بېتىگە قاراڭ . ئىلتەرىش ئۇنۋانى ـ8 ئەسىردىكى ئورخۇن ئابىدىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ قايتا قۇرۇلغان تۈرك قاغانلىقىنىڭ بىرىنچى قاغانى قۇتلۇق قاغانىنى كۆرسىتىدۇ، قاپاغان قاغانىنى ئەمەس.

(5) XTS, 215A,. 6045

ئۆزىنىڭ قىزىنى تاڭ سۇلالىسى خان جەمەتىگە ياتلىق قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. ئايال پادىشاھ ئاخىرى بۇلارنى قوبۇل قىلدى. بىز بۇ يەردە يەنە بوزقىر قاغانىنىڭ جۇڭگونىڭ «ياتلارنى ياتلار بىلەن ئىدارە قىلىش» تاكتىكىسىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن شەكلىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىگە ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. قودا ـ باجىلىق بولسا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىگە بولغان قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىپادىسى ۋە جۇڭگونىڭ پادىشاھلىرىنىڭ تەختكە چىقىش ئىشىدا ئۇنى تېخىمۇ پايدىلىق بولغان ئورۇنغا ئىگە قىلاتتى. 698 ـ يىلى ئايال پادىشاھ تۈرك قاغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا ئەڭ ماھىر بولغان يەن زى ۋېينى، جىيەنى ۋۇ يەنشيۇ (武延秀) نىڭ قۇدىغۇچىسى قىلىپ قاپاغان قاغانىنىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتتى. تاڭ ئوردىسىدا نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن قاغانىنىڭ ئوردىسىغا بېرىشقا يەنە يەن زى ۋېي ئەۋەتىلدى. سەۋەبى بولسا، ئۇنىڭ بۇ خىل پىلاننى قوللىشى ۋە قاپاغان قاغان بىلەن ئورناتقان دوستانە مۇناسىۋىتى ئىدى. لېكىن قاغانىنىڭ تەلەپ قىلغىنى بولسا ئۆزىنىڭ قىزىنى تاڭ سۇلالىسى خان جەمەتى شاھزادىسىگە ياتلىق قىلىش ئىدى. ئۇ ئەۋەتىلگەن مەلىكىنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى ۋۇزېتيەنىنىڭ جىيەن سىڭلىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنلۇق پادىشاھ جەمەتى بولغان لى ئۇرۇقىدىن ئەمەس ئىدى. ئۇ يەن زى ۋېيگە «جەنۇبنىڭ قاغانى» ئۇنۋانىنى بەردى ھەمدە يەنىنىڭ «تاڭ سۇلالىسى خەلقىنىڭ ھۆكۈمدارى» بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ نامنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۇنىڭ جۇڭگولۇقلار ئارىسىدا تەسىرىنىڭ بولغانلىقىنى، يەنى جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ نامنى بەكرەك چۈشىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت[1]. قاغان يەنىنىمۇ قوشۇنغا قېتىپ خېبېيغا بېسىپ كىردى. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئايال پادىشاھ ئۆزى بىر سىمۋوللۇق ھەرىكەت ئېلىپ باردى. خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنغان ئەسلى تۈركچە بولغان ۋە تۈرك قاغانلىرى ئۈچۈن قوللىنىدىغان (默啜) موچو دېگەن ئىسىم جەن چو (斩啜) غا يەنى «كاللىسى ئېلىنغان» غا ئۆزگەرتىلدى. غايەت زور ئەسكىرى چىقىم بەدىلىگە قاغانىنىڭ قوشۇنى ئايال پادىشاھنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. يەن بولسا جۇڭگوغا قايتۇرۇپ كېلىندى ۋە ۋۇزېتيەن ئۇنى دەھشەتلىك ئۇسۇلدا قىيناپ ئۆلتۈردى. بىر ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا ئۇنى ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن بولۇپ، بەدىنىگە سانجىلغان يا ئوقىنىڭ كۆپلۈكىدىن كىرپىگە ئوخشاپ قالغان، گۆشى بەدىنىدىن پۈتۈنلەي شىلىپ ئېلىۋېلىنغان بولۇپ، سۆڭكى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئايال پادىشاھ ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن[2]. ئۇنىڭغا بۇنچە قەبىھ جازانىڭ بېرىلىشى ۋۇزېتيەنىنىڭ ئۇنى تۈركلەرنىڭ قولچۇمىقى كۆرۈپلا قالماي يەنە ئۇنىڭ مەيلى خالاپ ياكى مەجبۇر بولسۇن ئۇنىڭ قاپاغان قاغانىنىڭ بەرگەن ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىش

(1) بۇ، يەن نىڭ تەرجىمىھالىدا ئېنىق سۆزلەنگەن. XTS, 100.3942

(2) بۇ ۋەقە ئۈچۈن ZZTJ, 206.6530_6531 , 6533, 6537 شۇنداقلا JTS,194A.5168_5169 لارغا قاراڭ. ئوۋياڭشيۇ، يەنىنىڭ تۈكلەر تەرىپىدىن تاڭ سۇلالىسىغا قايتۇرۇلۇپ بېرىلىشىدىن ئەنسىرەپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. XTS, 100.3942 گە قاراڭ. بۇ ۋەقەنىڭ ئىنگلىزچە مۇلاھىزىسى ئۈچۈن R.W.L. Guisso نىڭ Wu Tse_tian and politics of Ligitnation in Tang China, Western Washington University,1978 نىڭ 136 ـ 146 بەتلىرىگە، شۇنداقلا Pan نىڭ Son of Heaven and Heavenly Qaghan نىڭ 265 ـ 269 بەتلىرىگە قاراڭ. Guisso ئەسىرىدە يەنىنى تىلغا ئالمايدۇ.

هەربىكىتىنى پەسكەش، ساتقىنلىق، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىگە تەھدىت دەپ كۆرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇيەردە قاپاغان قاغان يەن زى ۋېينىڭ ھەقىقەتەن «تاڭ سۇلالىسى خەلقىنىڭ پادىشاھى» بولالايدىغانلىقىغا راستىنلا ئىشەنگەنلىكىدەك ئەھۋال يوق، لېكىن تۈرك ھۆكۈمدارنىڭ ھەربىكىتى ھەرگىزمۇ بىكاردىن - بىكار ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنى ۋۇزېتيەننى گاڭگىرىتىپ قويۇش ۋە ئەسكىرى كۈچ بىلەنلا ئەمەس، بولۇپمۇ كۆزگە ئىلماسلىق بىلەن ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى قانۇنسىز دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى پارچىلاشتىن ئىبارەت. قاپاغان قاغان مەكتۇپ يېزىپ: «مەن بولسام قاغان ۋە مەن قىزىمنى ھەقىقي پادىشاھ ئائىلىسىگە ياتلىق قىلماقچىمەن، ۋۇ ئائىلىسىگە بەك ئېتىبار قىلىپ كەتمەيمەن» دېگەن ئىدى[1]. بۇنىڭدىن باشقا، شۇ نەرسە ئېنىقكى، قاپاغان قاغاننىڭ يەن زى ۋېينى قاغان قىلىپ تەيىنلىشى بىلەن شىبى قاغاننىڭ لىيۇ ۋۇ جوۋ ۋە لىياڭ شى دوۋلارنى قاغان قىلىپ تەيىنلىشى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ ئىككىسىدە بولسا جۇڭگوغا ياكى ھېچ بولمىغاندا شىمالىي جۇڭگوغا پادىشاھ بولغىدەك يوشۇرۇن قابىلىيەت ۋە كۈچ بار ئىدى. لېكىن يەن زى ۋېينىڭ ئۇنۋانىدىكى «جەنۇب» سۆزى، گەرچە قاغان ئۇنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولالايدۇ دەپ قارىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ تۈركلەرنىڭ «ئىككىنچى دەرىجىلىك قاغانى» سالاھىيىتى بىلەن ھەربىكەت قىلالايدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ كەلگۈسىدە پادىشاھ بولالمايدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىز بۇ يەردە تۈرك قاغانىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئۈستىلىق بىلەن سىمۋوللۇق ئوتۇغات نامىدىن پايدىلانغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بىرىنچى، بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتكەنىدەك، «جەنۇبنىڭ قاغانى» دېگەن نام بۇرۇن ئىشلىتىلگەن. يەنى 614 - يىلى سۇي سۇلالىسى تۈرك ھۆكۈمدارلارنىڭ ئارىسىغا بۆلۈنمىچىلىك سېلىش ئۈچۈن قاغانىنىڭ ئىنىسىغا بۇ نامنى بەرگەن، لېكىن مۇۋەپپىقىيەت قازىنالمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى پارچىلاش ئۈچۈن 621 - يىلى تۈرك قاغانى ئىللىگ قاغانمۇ شۇنداق قىلغان. شۇڭا بۇ نامنىڭ مەلۇم تارىخى بار بولۇپ، تۈركلەرمۇ جۇڭگولۇقلارمۇ بىر - بىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە پارچىلاش ئۈچۈن پايدىلانغان. بىز بۇ خىل تاكتىكىنى قاپاغان قاغان جۇڭگولۇقلاردىن بۇرۇن بىلەتتى، دېيەلمەيمىز، لېكىن ئۇنىڭ بۇ تاكتىكىنى قوللانغىنى ھەقىقەتتۇر. ئىككىنچى، قاپاغان قاغان يەنە ۋۇزېتيەننىڭ ئەنئەننى بۇزۇپ پادىشاھ بولۇۋېلىشى ۋە دۆلەت نامىنى جوۋغا ئۆزگەرتىشىنى نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ قانۇنسىز دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ مۇشۇلاردىن پايدىلاندى. ئۇنىڭ يەن جى ۋي بىلەن بىرلىكتە جۇڭگوغا باستۇرۇپ كىرىشى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ رەقىبىنى ئاجىزلاشتۇرۇش تاكتىكىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ۋۇزېتيەنگە قارشى چىققانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، چۈنكى ئۇ ۋۇزېتيەننى ئېتىراپ قىلمايتتى. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قاپاغان قاغانىنىڭ ھەربىكىتى ۋۇزېتيەننىڭ رەسمىي ھالدا ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن لى ئائىلىسىنىڭ قايتىدىن

(1) ZZTJ, 206. 6531

www.uyghurkitap.com

تەختت ۋارىسلىرى بولىدىغانلىقىنى جاكارلىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ بۇ رەسمىي باياننامىسىدىن كېيىن ۋۇزتىيەن ئاندىن ئارمىيىسىنى كۈچەيتىپ تۈركلەرنىڭ تەھدىتىنى يوق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى[1]. قاغان بولسا تەختنىڭ قانۇنلۇق ياكى ئەمەسلىكىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. بەزى خەنزۇچە ماتېرىياللار ئۇنىڭ قاغان بولۇشىنى زورلۇق بىلەن تەختنى تارتىۋالغان دەپ خاتىرىلىگەن[2] بولسىمۇ ئورخۇن ئابىدىلىرى ئۇنىڭ خاقانلىققا يۈكسىلىشىنى ئەنئەنىۋى تۈرك قانۇنى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى خاتىرىلىمەكتە.[3]

تۈرك قاغانلىرىنىڭ جۇڭگو ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ھۆكۈمدارلىرىغا تۈركچە ياكى خەنزۇچە - تۈركچە نام بېرىشىدەك بۇخىل ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسە بىزگە بۇ رايونلارنىڭ سىياسىتى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بولغان كۆزىتىش رامكىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. جۇڭگو پادىشاھلىرىغا ئوخشاش تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىمۇ ئوتۇغات نامنى ۋە شۇ نامنى قوبۇل قىلغان كىشىنى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە قابىلىيىتىمۇ بۇ جەھەتتىن ناھايىتى ئىلغار. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈزلۈكسىز مۇرەككەپلىشىشكە قاراپ مېڭىۋاتقان شىمالىي جۇڭگو يەنى ئىچكى ئاسىيانىڭ چېگرا رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ 300 يىلدىن بېرى بۇ رايونلاردا «ئارىلاش مەدەنىيەت» بارلىققا كېلىپ، «يايلاق مىللەتلىرى مەدەنىيىتى يوقىلىشقا» قاراپ يۈزلىنىۋاتاتتى[4]. تۈرك ھاكىمىيىتى دۆلەت تۈزۈلمىسى ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبى جۇڭگوغا ئوخشاشلا خىلمۇخىل مەدەنىيەتكە ساھىپ بولغان مۇرەككەپ ئېتنىك گورۇپتىكى خەلقلەردىن تۈزۈلگەن ئىدى. چېگرا رايوندىكى ئۇزۇن داۋاملاشقان ئالاقە، خىلمۇخىل قوشۇلۇش ۋە ئالماشتۇرۇشلار بۇ خىل ۋەزىيەتنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتتى. چېگرا رايوندىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتنىڭ بۇ خىل تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلغار مەدەنىيەتلىك تەبىقە تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشى بولسا بۇ رايون تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا[5] ئىدى. بىز بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ قەدىمكى تۈرك - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشىنەلمەيمىز.

يېقىنقى بىر ماقالىدە، Jonathan Skaff بىز بۇ ماقالىدە تىلغا ئالغان نۇقتىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولۇپ، سۇي - تاڭ ئۆتكۈنچى دەۋرنى شۇ دەۋردىكى چېگرا رايوندىكى سالاھىيەت ۋە ساداقەتنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ دەۋرى دەپ مىسال ئالغان. ئۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، جۇڭگولۇق نۇرغۇنلىغان تەخت تاماسى قىلغۇچىلار يات مىللەت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشنى

---

(1) Guisso، 145-146 بەتلىرىگە قاراڭ. Guisso، ۋۇزتىيەننىڭ ئۆزىنىڭمۇ تەختنى قايتۇرۇپ بېرىش پىلانى بار ئىدى. شۇڭا قاپاغان قاغاننىڭ ئۇنىڭغا جوڭزۇڭنى رەسمى ۋەلىئەھدى قىلىپ ئېلان قىلىشىغا قىستىشى ئۇنىڭ نىيىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى، دەيدۇ.

(2) مىساللىرى ئۈچۈن، JTS, 194A, 5168 ۋە XTS 215A. 6045 كە قاراڭ

(3) تېكىننىڭ ئورخۇن ئابىدىلىرى گىراماتىكىسىنىڭ 234 ۋە 266-بەتلىرىگە قاراڭ.

(4) Arthur F. Wright نىڭ سۇي سۇلالىسى؛ Denis Twitchett قاتارلىقلارنىڭ The Cambridge History of China نىڭ 3 - توم Sui and Tang China, 589-906 (1979-يىل كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى) Part 1، 54-بېتىگە قاراڭ.

(5) تەپسىلاتى ئۈچۈن، Charles Holcombe نىڭ Genesis of East Asia (شەرقىي ئاسىيانىڭ يارىتىلىشى) 221 B.C-AD 907، Association of Asian Studies and University of Hawaii نەشرىياتى، 2001-يىل 116-144 بەتلىرىگە قاراڭ. ئۇنىڭ كۆزقارىشى بولسا ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت ئارىلىشىشلا ئەمەس ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت توقۇنۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دەپ قارىغان[1]. بىزنىڭ بۇ ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنىمىزمۇ دەل موشۇ نۇقتىدۇر. جۇڭگو - ئىچكى ئاسىيا تارىخىنىڭ بۇ نۇقتىسى ھازىرقى تەتقىقات ئۇچۇن بارغانسېرى موھىملىقىنى جارى قىلدۇرىۋاتىدۇ. بۇ تەتقىقاتنىڭ ئاساسى نوقتىئىينەزىرى: بۇ چېگرا رايون ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ياشاش ماكانى ۋە سىياسىي ساداقىتىگە ئاساسەن يۆتكىلىپ تۇرىدىغان، سىغدۇرۇشچانلىقا ئىگە ئىكىلوگىيىلىك ئۆزگىرىشچان بەلۋاغ دېگەندىن ئىبارەتتۇر[2]. رايوننىڭ سىغدۇرۇشچانلىق تەبىئىتى، پەقەت مەدەنىيەت چېگراسىنى ھالقىغان ساداقەتمەنلەرنىڭ يۆتكىلىشىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە تۈركچە ۋە خەنزۇچە - تۈركچە ئوتۇغات نامىلارنىڭ جۇڭگو تەختىگە ئىنتىلگۈچىلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىشىدىنمۇ داۋاملىق يېڭىلىنىپ كۆچىيىپ تۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى لىيۇ ۋۇ جوۋ ۋە لىياڭ شى دوۋلاردۇر. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارىلاش ئونۋانىنى قوبۇل قىلىشى بىلەنلا ئەمەس، تۈركلەرنىڭ مىتال بۆرە باشلىق سانجىقىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تۈرك ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلغان. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ بايراق ناھايىتىمۇ مۇھىم، يەنى ھۆكۈمدار ئۇرۇق ئاشىنا قەبىلىسىنىڭ قۇدرىتى ۋە قانۇنىيلىقىنىڭ سىمۋولىدۇر. بۇ سانجاق ئادەتتە قاغاننىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىغا سانجىپ قويۇلىدىغان بولۇپ، پۈتكۈل تۈرك تارىخىدا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، بىرىنچى تۈرك خانلىقىدىن باشلاپلا ناھايىتى كەڭرى ئىشلىتىلگەن[3]. بۆرە باشلىق سانجاقنى لىيۇ ۋە لياڭلارنىڭ چېدىرلىرىنىڭ ئالدىدا كۆرگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ تۈرك قاغانى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ قاغاننىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى تېزلا ھېس قىلىپ يېتەلەيتتى.

ئوتۇغات نامىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىغان ۋاقتىمىزدا، «قاغان» ئونۋانىنى ئالغان لىياڭ ۋە لىيۇلار ھەرگىزمۇ تۈرك قاغان بىلەن تەڭ ئورۇندا بولالمايدۇ. مەن سۆزلەپ ئۆتكەندەك، «قاغان» ئۇنۋانى ھەم مۇستەقىل ھەم ھەقىقىي بۈيۈك قاغانغا بويسۇنىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگىدۇر. پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ھەم ئوتۇغات نامنى ھەم بۆرە باشلىق سانجاقنى قوبۇل قىلغان. شۇڭا ئۇلار گەرچە ھەقىقىي پادىشاھ بولغۇدەك قابىلىيەتكە ۋە قۇدرەتكە ئىگە بولسىمۇ ئۇلار بەرىبىر تۈرك قاغانىنىڭ ئالدىدا «ئىككىنچى قاغان» ئىدى. قاغان ئونۋانى كۈچلۈك باشقۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئاسانلىقچە بىرىگە بېرىلمەيتتى ھەم ئوخشاشلا ئەركىن قوللىنىشچانلىقا ئىگە ئىدى. سۈي - تاڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىدە، تۈركلەر بۇنداق ئالىي ئۇنۋاننى ئۆزلىرىگە بويسۇنغان ھېچقانداق سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا بەرمىگەن. مەسىلەن، جاڭ چاڭ شۈن (张长逊) مالىمانچىلىق يىللاردا تۈركلەر ھىمايىسىگە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن ئۇ ھېچبىر زامان جۇڭگونىڭ

(1) Skaff نىڭ Survival in the Frontier Zone (چېگرا رايوندىكى مەۋجۇتلۇق) 135-125 بەتلىرىگە قاراڭ. Skaff لىياڭ شى دوۋ ۋە يەنە ئىككى كىشىگە: گو كەيداۋ بىلەن يۈەن جۈنجاڭغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن.

(2) يۇقىرىقى ئەسەر، 133- بەت

(3) ZA, 50. 909 -10: SS, 84.1863

www.uyghurkitap.com

تەختىگە ئېرىشىشنى ئويلاپ باقمىغان. تۈركلەر ئۇنىڭغا گېلى تېكىن (割利) دېگەن نامنى بەرگەن.[1] «تېكىن» نامى تۈرك قاغان جەمەتىنىڭ ئوغۇللىرىغا، بولۇپمۇ كىچىك ئىنىسىگە ياكى بۈيۈك قاغانىنىڭ ئوغۇللىرىغا بېرىلىدىغان نام ئىدى. شۇڭا بۇ نام سىياسىي جەھەتتىن لىيۇ ۋۇ جوۋ ۋە لياڭ شى دۆلەتلىرىغا بېرىلگەن قاغان ئۇنۋانىدىن تۆۋەن تۇراتتى.

تۈرك قاغانلىرىنىڭ جۇڭگولۇقلارغا ئوتتۇغات نام بەرگەن بۇ خىل تارىخىي ھادىسە جۇڭگونىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ داۋالغۇپ قالغان، لېكىن تۈركلەرنىڭ ئىچكى ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى كۈچەيگەن بىر دەۋردە يۈزبەرگەن. بىرىنچى قېتىملىقى جۇڭگودا ئىچكى قالايمىقانچىلىق چىققان، سۇلالە ئالمىشىۋاتقان، ھەركىم پادىشاھ بولالايدىغان مەزگىلدە يۈزبەرگەن. تۈركلەر ئۆزىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تەخت تالىشىۋاتقانلاردىن بىرىنى جۇڭگونىڭ تەختىگە يۆلەپ چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلغان. ئۇلار ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە ياردىمى ۋە قوللىشىنى ئىشقا سالغان ياكى جۇڭگونىڭ قالايمىقان ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ يامانلاشتۇرۇش ئۈچۈن سىياسىي تەدبىر قوللانغان ۋەياكى ھەر ئىككىلىسىنى قوللانغان.[2] ئەلۋەتتە، بۇ ۋاقىتتا تۈركلەر ئۈچۈن جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىدىن بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرغىنى تېخىمۇ ياخشى ئىدى. 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىرىنچى تۈرك قاغانلىقى قۇرۇلغان ۋاقىتتا، بىرلىككە كەلگەن جۇڭگو ئۆزاقتىكى گەپ بولۇپ، سىياسىي پارچىلىنىش ئاساسىي ئېقىم ئىدى. گەرچە سۈي سۇلالىسى قىسقا مەزگىللىك بىرلىككە كېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىمۇ، سۈي سۇلالىسىنىڭ يىقىلىشىنىڭ يەنە بىر بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمايتتى. بۇ ئېنىقسىزلىق ئىچىدە نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۈركلەر ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ھەرىكەت قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلەنگەن ۋاقتىدا جۇڭگونىڭ پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتى ۋە سۈي سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن تۈركلەرنى پارچىلاش تاكتىكىسىنى قوللانغانلىقى يادىدا ئىدى. شۇڭا تۈركلەر كۈچلۈك ۋە بىرلىككە كەلگەن جۇڭگونىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خىلمۇخىل سىياسىي مەسىلىلەرنى توغدۇرۇپ بېرىشىگە كۈچلۈك قارشى ئىدى. دەل ئون نەچچە يىلدىن كېيىن تۈرك ھاكىمىيىتى قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسىنىڭ پىلانلىشى ۋە كۈچۈشى بىلەن پارچىلاندى.

يەن جي ۋېي ۋەقەسى جوۋ ھاكىمىيىتىنىڭ ئالاھىدە ئۆتكۈنچى دەۋردە يۈز بەردى. ئۇنىڭ سىياسەت، ئىجتىمائىي تەرتىپتىن ھالقىغان بۇخىل قىلمىشى تاڭ سۇلالىسىنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. تۈرك قاغانىنىڭ مەقسىتى تۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇدرىتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇزىتىيەنگە قوللانغان سىياسىتى بۇ نوقتىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ

(1) SS, 57.2031. خەنزۇچە Ge_li قەدىمكى تۈركچىدىكى ‹قېرى› qar دىن كەلگەن بولۇپ، بۇ يەردە ئەدەپ مەنىسىدىكى ياشقا چوڭ مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. Clauson، 644_بەتكە غا قاراڭ.

(2) Eisenberg نىڭ Warfare and political Stability in Medieval North Asian Regimes (ئوتتۇرا ئەسىر شىمالىي ئاسىيا ھاكىمىيەتلىرىدە ئۇرۇش ۋە سىياسىي مۇقىملىق) نىڭ 318 _320 - بەتلىرىگە قاراڭ. ئۇ تۈرك سىياسىتىنىڭ «بۆلۈش ۋە ئىدارە قىلىش» خاراكتېرىگە ئىگە ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىشى كېرەك دەيدۇ.

بەردى. ئەمەلىيەتتە يەنىنىڭ جۇڭگوغا پادىشاھ بولالىشىدىن ئۈمىد يوق بىر پىچكە ئىدى، خالاس. لېكىن ئۇنىڭ تۈرك قاغانى تەرىپىدىن «جەنۇبنىڭ قاغانى» قىلىپ تەيىنلىنىشى ۋە ھەقىقىي ئەسكىرى كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇنى سىياسىي سەھنىدىكى موھىم شەخسكە ئايلاندۇردى. شۇنداقلا ۋۇزېتيەنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى.

شەرقىي ئاسىيانىڭ «قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىر» دەۋردىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئەھۋال شىمالى جۇڭگو ۋە ئىچكى ئاسىيادا ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. بۇ يەردىكى داڭلىق ھۆكۈمدارنىڭ دائىم ئارىلاش قان سىستېمىسىغا ئىگە بولۇشى دەل خەن سۇلالىسىدىن كېيىن چېگرا پاسىلنىڭ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ۋە ئىچكى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ چوڭ دائىرىلىك كۆچۈشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. سۈي ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇنداق ئارىلاش قانلىق كىشىلەر ئىدى، مانا مۇشۇنداق خەلقلەرنىڭ چوڭ دائىرىلىك قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە سۈي ۋە تاڭ دەۋرى، بولۇپمۇ 8 ـ ئەسىردىكى ئەن لۇشەن توپىلىڭىغا قەدەر بولغان دەۋر يۈكسەك دەرىجىدىكى «خەلقئارالاشقان» دەۋر ئىدى[1]. بۇ خىل «خەلقئارالىشىش» تۈرك خانلىقىغىمۇ خاس ئىدى، ئەلۋەتتە.

جۇڭگو «قاغانلىرى» تەتقىقاتى شىمالى جۇڭگو ۋە ئىچكى ئاسىيا چېگرا رايونىنىڭ مەدەنىيەتلەر چوڭ قوشۇلغان بىر رايون ئىكەنلىكى، شۇنداقلا شەخسنىڭ ساداقىتى ۋە كىملىكىنىڭمۇ ئۇنداق ئېنىق ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت بىر ھادىسىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئۇ دەۋردە بۇ رايوندا خەنزۇ ۋە تۈرك دەيدىغان ئېتنىك تەركىبنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى يۇقىرىقىدەك شەخسلەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ سىياسىي مەنپەئەت تۈپەيلىدىن ئوخشاش بولمىغان ئېتنىك ـ تىل گۇرۇپپىلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىش ناھايىتى نورمال ئەھۋال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسىدىكى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن مەدەنىيەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى پەقەت جۇڭگودىلا يۈزبەرگەن ئەمەس، بەلكى تۈرك ئىمپېرىيىسىدىمۇ بۇ خىل ھالەت ناھايىتى گەۋدىلىك بولغان.

تۈركلەرمۇ ئوخشاشلا جۇڭگونىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشالايدىغان دۇنياۋىي سىياسىي كۆزقاراشقا ئىگە بولۇپ، ھەم جۇڭگوچە ھەم تۈركچە سىياسىي سىمۋوللۇق ناملارنى ۋە يۇمشاق ھەربىي كۈچىنى ئۇنۇملۈك ھالدا قوللانغان. «خەنزۇلارنى خەنزۇلار بىلەن ئىدارە قىلىش»، تۈركلەرنىڭ پەقەتلا، جۇڭگولۇقلارغا ئۆزىنىڭ تاكتىكىسى بىلەن تاقابىل تۇرغىنىلا ئەمەس، بەلكى تۈركلەرنىڭ جۇڭگولۇقلارغا ئارىلاش ياكى ساپ تۈركچە ئوتۇغات نام بېرىشى شىمالى جۇڭگو ۋە ئىچكى ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلىشىنىڭ سىمۋولىدۇر. ■

---

(1) . بۇ مۇھىم مەسىلە ھەققىدە Charles Holcombe. نىڭ Immigrants and Stangers: From Cosmopolitanism to ConfucianUniversalism in Tang China ( كۆچمەنلەر ۋە يات قەۋملەر: جۇڭگو تاڭ دەۋرىدە مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىشىدىن كوڭزىچە ئېقىمنىڭ ئۇنىۋېرساللىشىشىغىچە ) 2003 ـ 2002 يىل. تاڭ سۇلالىسى تەتقىقاتى 21 ـ 20 : 112 ـ 71 ـ بەتلەر. بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەنە بىر مۇھىم تەتقىقات بولسا Marc S. Abramson, Ethnic Identity in Tang China ( تاڭ سۇلالىسىدە ئېتنىك كىملىك ) ، University of Pennsylvania نەشرىياتى ، 2008 ـ يىل.



كومۇنار تالىپ

# مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدە

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ـ پۈتكۈل ھاياتىنى ئۆز خەلقىنىڭ بەختى، ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەشكە بېغىشلىغان، ئەمما زاماندىشىلىرىدىن كېيىنكى ئەۋلادلار تەرىپىدىن تامامەن ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان بۈيۈك ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۆز ۋاقتىدا چوڭ ـ كىچىكنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ئېھتىرام بىلەن «ھەزرىتىم»، «ئەپەندىم» دەپ ئاتىغان مەشھۇر زاتقا توتالىتارلىق تۈزۈم شارائىتىدا «مىللەتچى»، «پانتۈركىست»، «پانئىسلامىست»، «ئانتىكوممۇنىست»، «جاھانگىرلار گۇماشتىسى» دېگەنگە ئوخشاش كېلەڭسىز قالپاقلار كىيگۈزۈلۈپ، بۇ مۇتلەق سەلبىيلەشتۈرۈلگەن تەرىپلىمىلەرسىز ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېغىزغا ئېلىشمۇ مەنئىي قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئىجادىي ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا يا ئۆز ۋەتىنىدە، يا سابىق كىڭەش ئىتتىپاقىدا ئىلمىلىق سۆز بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا خالىس پىكىر ئېيتىشقىمۇ مۇمكىنچىلىك بولمىدى. لېكىن كىملەرنىڭدۇ خاھىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ تارىخىي شەخس ھەققىدە بىلىش ھەم ئۇنى ئەستە ساقلاش ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى ئۈچۈن پەرزدۇر. چۈنكى ئۇ ئۇيۇشتۇرغان ياكى ئىشتىراك قىلغان يىرىك ۋەقەلەر، ئۇنىڭ توختاۋسىز ئېلىپ بارغان ھەم ئەلەم ھەم قەلەم كۈرەشلىرى خەلقىمىزنىڭ زامانىۋىي تارىخىنىڭ مۇھىم سەھىپىلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا 1901 ـ يىلى خوتەننىڭ ئىلچى شەھىرىدىكى خەلپىلىك ھويلا مەھەللىسىدە ئوتتۇرا ھاللىق ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دادىسى پىراۋۇددىن ھاجىمدىن ئەتىگەن ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز قېرىنداشلىرى بىلەن ئانىسى سەكىنبانۇ خانىمنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسىدۇ. يېتىملىكنىڭ بارلىق ئىسسىق ـ سوغلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، خوتەندە باشلانغۇچ سىنىپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەمىن خوتەن، لوپ ۋە قاراقاش مەدرىسىلىرىدە دىنىي تەھسىل ئېلىش بىلەن بىر قاتاردا ئەرەب ۋە پارس تىل ـ ئەدەبىياتلىرىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ شۇ چاغلاردا ئايرىم مىللەتپەرۋەر بايلار يېڭىچە مەكتەپلەر ئاچتۇرۇش ئۈچۈن تۈركىيەدىن كەلتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمىدە زامانىۋىي پەننىي بىلىم ئېلىشقىمۇ ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىدۇ. 22 يېشىدىن

باشلاپ خوتەن، قاراقاش مەدرىسلىرىدە مۇدەررىس، باش مۇدەررىس بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

مۇھەممەد ئەمىننىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرى شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي ئىستىبداتلىق ھەممىلا — سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەنىۋىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن راسا ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەرگە توغرا كېلىدۇ. 1911 - 1912 - يىللىرى غەلىبە قازانغان شىنخەي ئىنقىلابى چىرىكلەشكەن چىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ، خىتاي جۇمھۇرىيىتىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خەنزۇلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھاياتىغا ھېچ قانداق ئىجابىي ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلمىدى. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتەرلىشىپ كەتتى: شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ ئارانلا 3 - 4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان خەنزۇلار سىياسىي، مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، مالىيە، ھەربىي ۋە باشقا ساھەلەر بويىچە ئېيتاۋۇر ھوقۇقتا ئىگە بولغانلا مەنسەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى ئىگىلىۋېلىپ، قالغان 90 پىرسەنتتىن ئوشۇق يەرلىك خەلقنى خالىغىنىچە خورلاشقا باشلىدى. باج - سېلىق، ئالۋان - ياساقلارنى ھەددى - ھېسابسىز كۆپەيتتى؛ «ئاھالە قانچە نادان بولسا، ئۇنى باشقۇرۇشمۇ شۇنچە ئوڭاي بولىدۇ» دېگەن قەبىھ قائىدىگە ئەمەل قىلىپ، خەلقنى مەقسەتلىك تۈردە مەنىۋىي قاششاقلاشتۇردى؛ مىللىي مائارىپ ۋە مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (مەكتەپ، مەتبۇئات، نەشرىيات ۋ. ب.) چەكلىدى. مۇھەممەد ئەمىننىڭ زېھنى ئۆتكۈر، ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، كىچىكىدىنلا مانا موشۇ ھەددىدىن تاشقىرى ئەشەددىيلىشىپ كەتكەن مىللىي زۇلۇمغا قارشى غەزەپ - نەپرىتى ئويغىنىدۇ. «ئوك ۋە سولنى پەرق ئەتكۈچىلىك ۋاقتىمدىن، - دەپ يازىدۇ ئۇ، - چىنلىق ئەمەلدارلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلىۋاتقان زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىقلىرىنى، خەلقىمنىڭ خورلانغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئېچىناتتىم. بۇنىڭ تەسىرىدىن تولا كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز، خىيال ۋەسۋەسىلەر بىلەن تاڭ ئاتقۇزاتتىم... ئون بەش يېشىمدىن بېرى چىن زۇلمىغا قارشى نەپرەت ھېسسى، مىللىتىم ۋە يۇرتۇمنىڭ ھالىغا قايغۇرۇش كۆڭلۈمدە ئورۇنلاشقىلى باشلىدى.» پەقەت قۇرۇق ھەسرەتلىنىش بىلەن غەزەپلىنىشتىن ھېچ پايدا كەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەنگەن مۇھەممەد ئەمىن خەلقنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئەمەلىي يوللىرىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. شۇ مۇناسىۋەتكە ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى، ھازىرقى ئەھۋالىنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئىزدىنىش جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئاساسەن ۋەتەندىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت، يەرلىك ئاھالىغا چەكسىز جەۋر - زۇلۇم سېلىۋاتقان ھۆكۈمرانلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى، خەلقنىڭ روھىي ھالىتىگە ئوخشاش ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قارىتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى يەنە بىر قېتىم پىششىقلاپ ئۆگىنىپ ۋە شۇ ئاساستا ئەمەلىي ھەرىكەتكە كۆچۈش نىيىتىدە ئۇ 1930 - يىلى مەخسۇس سەپەرگە چىقىدۇ ۋە يېرىم يىل داۋامىدا جاي - جايلاردىكى ئەينى ئەھۋال بىلەن تونۇشىدۇ. ھەممىلا يەردە خەلقنىڭ «يۈرەكلىرى دەرتكە تولغانلىقى»نى كۆرگەن مۇھەممەد ئەمىن غۇلجىدا خەلقىمىزنىڭ يەنە بىر بۈيۈك پەرزەنتى سابىت داموللا ئابدۇلباقى ئوغلى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۆز ئارا تەپسىلىي پىكىر ئېلىشقاندىن كېيىن، ئۇلار «مەۋجۇت ئەھۋالدا ۋەتەننى، خەلقنى قۇتۇلدۇرۇش

ئۈچۈن قۇراللىق ئىنقىلابقا ئاتلىنىشتىن باشقا چارە يوق» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. قوزغىلاڭنى ئۇلار كېڭەش ئىتتىپاقىدىن يىراقراق جايلاشقان خوتەنگە مەركەزلەشتۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ. چۈنكى بۇ قوشنا دۆلەتنىڭ مىللىي ئىنقىلابقا توسالغۇلۇق قىلىشىدىن ۋەھىمە قىلىدۇ.

سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەمەلىي ئىشقا كىرىشىدۇ. بولغۇسى ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىدىغان تەشكىلات قۇرىدۇ، قورال - ياراق ۋە مەبلەغ توپلايدۇ، جاي - جايلار بىلەن ئالاقىلىشىش يوللىرىنى رەتلەيدۇ. تەييارلىق جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ قورال - ياراق جەھەتتىن ئاجىزلىقىنى كۆرگەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا دۈشمەن كۈچىنى پارچىلىۋېتىش ئۈچۈن قوزغىلاڭنى تەشكىللىك تۈردە ئۆلكىنىڭ جاي - جايلىرىدا بىردەك ۋاقىتتا باشلاش كېرەك دېگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ ھەم بىر مەركەزگە بېقىنىدىغان ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار تورىنى قۇرۇش مەقسىتىدە تەرەپ - تەرەپلەرگە (قەشقەر، يەركەن ۋ. ب.) ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، ئۆزىمۇ يولغا چىقماقچى بولىدۇ. لېكىن 1931 - يىلى قۇمۇلدا ئۇشتۇمتۇت پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى كېڭىيىپ، ئۇنىڭ يالقۇنى پۈتكۈل ئۆلكىنى قاپلىغانلىقتىن، خوتەن ئىنقىلابچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزەلمەي، كۆرەشكە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دەسلەپ 50 - 60 ئادەمنىڭ ئىشتىراك قىلىشىدا قاراقاشتا باشلانغان بۇ كۆرەش تېز ئارىدىلا مىڭلىغان پىدائىيلارنى ئۆز قوينىغا تارتىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەھەر - يېزىلىرىنى ئەزگۈچىلەردىن ئازات قىلىدۇ. ئىنقىلابنى تەشكىللىك داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ رەئىسلىكىگە داڭلىق دىنىي ئالىم مۇھەممەتنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم سايلىنىدۇ، كېيىنرەك قەشقەرگە يۆتكىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان سابىت داموللا ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى ھەم دىنىي، ئەدلىيە، مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئاساسىي تەشەببۇسكار، باش سەردار سۈپىتىدە ئىنقىلابقا ئومۇمىي رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە ۋەتىنىدە «ئەمىر ھەزرىتىم»، چەت ئەللەردە «خوتەن ئەمىرى»، «خوتەن ھۆكۈمدارى» دېگەنناملار بىلەن كەڭ تونۇلىدۇ.

1934 - يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئايلىرىغىچە داۋاملاشقان ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى جەريانلىرىدا خوتەن ھۆكۈمدارى نۇرغۇنلىغان مۇشكۇللۇك پەيتلەرنى، دەرت - ئەلەملەرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ: ئازاتلىق ئۈچۈن قۇربان بولغان مىڭلىغان يۇرتداشلىرىدىن، يۈزلىگەن شاگىرتلىرىدىن، دوست - يارەنلىرىدىن، سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىدىن جۇدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن باشقا ھەممىلا يەردە دېگۈدەك غالىبىيەت قولغا كەلگەن مەزگىلدە، جاي - جايلاردىكى قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرى بىرلىشىپ، ئومۇمىي مەقسەتكە ئىنتىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس نەپسانىيىتى، مەنمەنچىلىكى، جاھىللىقى تۈپەيلى رىقابەتكە چۈشۈپ، خەلقنى پارچىلىۋەتكەنلىكىگە ۋە ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق باشلىغانلىقىغا غەش بولۇپ، روھىي ئازاپلىنىدۇ.

ئۈچ يىلغا يېقىن توختاۋسىز ئۇرۇشتىن ھالسىرىغان ۋە ئاساسەن قىلىچ - نەيزە، سويلا - چوماقلار بىلەن قوراللانغان خوتەن ئىنقىلابچىلىرى ئاخىرى تۇڭگان مىلىتارىستى ماخۇسەننىڭ

مۇنتەزىم قوشۇنلىرىدىن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ ۋەزىيەتتە ئامالسىز قالغان مۇھەممەد ئەمىن ھەزرەت ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىڭ ئىنقىلابتىن ۋاز كەچكەنلىكى ئەمەس ئىدى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، قولىدىكى قىلىچ - نەيزىسىنى سۇندۇرغان بولسىمۇ، بىراق كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسىدىن قايتمىغان ئىدى.

ھىندىستانغا كەلگەندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەيلا، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا خوتەن ھۆكۈمىتى نامىدىن قۇرال سېتىۋېلىش مۇمكىنچىلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئافغانىستانغا ئەۋەتكەن ئادەملىرىدىن: «بىز ئافغان قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن سۆزلەشتۇق، ئۇلار بىزگە ئون مىڭ ئەسكەر بەرمەكچى بولدى» دېگەن مەزمۇندا خەت ئالىدۇ ۋە بۇ خەۋەردىن روھلانغان بۇغرا ھاجەتلىك كۆچ تويلاپ، ۋەتىنىگە ئاتلىنىش ئۈمىدىدە ئافغانىستانغا كېتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا بىر يىلغا يېقىن ئېلىپ بارغان پائال ھەرىكەتلىرى نەتىجە بەرمەيدۇ. ئافغانلار ۋەدە قىلغان ئەسكەرلەرنى (ياللانمىلارنى) قۇرال - ياراق، كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ھاكازالار بىلەن پۈتۈنلەي تەمىنلەش لازىم بولىدۇ. ھە، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆرگەن چارە - تەدبىرلىرىدىن ھېچ ئۈنۈم چىقمايدۇ. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەينى چاغلاردا ياردەم سوراپ تۈركىيە، ياپونىيە ئەلچىلىكلىرىگە مۇراجىئەت قىلغان. جۈملىدىن تۈركىيەنىڭ ئافغانىستاندىكى ئەلچىسىگە مۇراجىئەت قىلغاندا، ئەلچى تۈركىيەنىڭ ھازىر ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭغىچە ئافغانىستان ھۆكۈمىتىمۇ ئۇنىڭ سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا چەك قويىدۇ. ئەمەلىي ھەرىكەتلەردە ھەممىلا يۆنىلىشتە تويۇقىقا تىرەلگەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا «ئابدۇللا ياركەندىي» دېگەن يوشۇرۇن ئىسىم بىلەن كابۇلغا ئورۇنلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب ھارپىسىدا باشلىغان تارىخ بويىچە تەتقىقات ئىشلىرىغا قايتا كىرىشىدۇ. بىر نەچچە يىل جاپالىق ئەجىر قىلىش نەتىجىسىدە قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپ تا 30 - يىللارغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەجىملىك «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» كىتابىنى يېزىپ چىقىدۇ ۋە ئۇنى 1940 - يىلى كەشمىردە نەشر قىلدۇرىدۇ.

مەزكۇر ماقالىدا م. بۇغرانىڭ بۇ ئەمگىكىگە تەپسىلىي توختىلىپ، ئۇنىڭغا باھا بېرىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ھەم ھاجىتىمۇ بولمىسا كېرەك. ئەمما ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىدىغان نەرسە شۇلاردىن ئىبارەتكى، بۇ، بىرىنچىدىن، خەلقىمىزنىڭ ئۆز پەرزەنتى تەرىپىدىن شۇنچىلىك كەڭ دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ يېزىلغان تۇنجى ئەسەر، ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە ئاداققى ئەسەردۇر (راست، ئايرىم مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، موشۇنداق ۋە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ مەكەممەلرەك تارىخىي ئەسەر يېزىلغان. لېكىن 800 بەتلىك بۇ ئەسەرنىڭ قول يازمىسى بىلەن تونۇشقان ئادەملەر كەمدىن - كەم ھەم مەزكۇر ئەمگەكنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلانغان - ساقلانمىغانلىقىمۇ نامەلۇم). ئىككىنچىدىن، كىتابنىڭ زامانىۋى دەۋرگە بېغىشلانغان ئاخىرقى قىسمى ھېچ تېپىلماس بىباھا باش مەنبەدۇر. ئۈچىنچىدىن، بۇ يورۇقتا چىقىشتىن باشلاپ تا ھازىرغىچە مەلۇم دائىرىلەرگە ئارام بەرمەي كېلىۋاتقان قۇدرەتلىك ئىدېئولوگىيەلىك قۇرال بولغاچقا، خەلقىمىز ئارىسىدا تېخى كەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تونۇلمىغان ئەسەردۇر...

1934 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە كابۇلدا ياشىغان دەۋردە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»دىن باشقا «ۋەتەن ھەققىدە قەسىدىلەر» ناملىق ئەرەب، پارس ۋە ئانا تىللىرىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمىنىمۇ نەشىر قىلدۇ (1942 - يىلى). ئىجادىي پائالىيەت بىلەن بىر قاتاردا ئۇ ۋەتەنداشلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەپ، ئۇلارنى ئافغانىستان، تۈركىيە ۋە ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئوقۇش ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەنمۇ مەشغۇل بولىدۇ.

بۇ سەككىز يىل ئىچىدە خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى جىددىي بۇرۇلۇشلارغا ئەگىشىپ ۋە شۇنداقلا ئۆزى قەدىر تۇتقان بەزى ئادەملەرنىڭ مەسلىھەت - تەۋسىيەلىرى ئاستىدا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرامۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي ئەقىدىسىگە مەلۇم ئۆزگىرىشلەرنى كىرگۈزىدۇ. جۈملىدىن ئۇ تۈركىيەنىڭ ئافغانىستاندىكى ئەلچىسى مەمدۇھ شەۋكەت ئەسەندالنىڭ «ھازىرقى شارائىتتا ئازاتلىق ئۈچۈن چەتنىڭ قۇراللىق ياردىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈگىسى چۈڭچىڭغا بېرىپ تىنچلىق يول بىلەن كۈرەشكىنىڭ توغرا بولىدۇ»، دېگەن پىكرىنى ماقۇل كۆرىدۇ. شۇ ئارىلىقتا، يەنى 1940 - يىلى كابۇلدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسۇس تاپشۇرۇقى بىلەن (ياپونىيەگە قارشى خىتاينىڭ پايدىسىغا تەرغىبات - تەشۋىقات يۈرگۈزۈش ئۈچۈن) مۇسۇلمان ئەللىرىنى ئارىلاپ يۈرگەن ئىيسابەگ يۈسۈپ ئالپتېكىن كېلىدۇ. ئۇمۇ مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانى چۈڭچىڭغا چاقىرىپ، بىللە كۈرەش قىلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئاخىرى خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن بولغان كۈرەشنى سىياسىي ئۇسۇل بىلەن داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كېلىپ، خىتايغا ھىندىستان ئارقىلىق يولغا چىققان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا پېشاۋۇردا ئىنگلىزلار تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنىدۇ. «ئافغانىستاندا ياپونلار ۋە نېمىسلار بىلەن ئۇچراشتىڭ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشماق بولدۇڭ» دېگەن ئەيىپ بىلەن سەككىز ئاي تۈرمىدە ياتىدۇ. پەقەت خىتاينىڭ دېھلىدىكى باش كونسۇلىنىڭ ئارىلىشى بىلەن 1943 - يىلى باھاردا تۈرمىدىن چىقىپ، چۈڭچىڭغا كېلىدۇ ۋە ئۇ يەردە مەسئۇد سەبرى بايقوزى، ئىيسابەگ يۈسۈپ ئالپتېكىن، قادىر ئەپەندى، ئىسمايىل ئەپەندىگە ئوخشاش بىر توپ زىيالىلار تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان يۇرتداشلار جەمئىيىتى»گە قوشۇلىدۇ. كېلىش بىلەنلا جەمئىيەت نەشىر قىلىۋاتقان «ئالتاي» مەجمۇئەسىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ.

گومىنداڭ پايتەختىدە تۇرغان مەزگىللەردە ( (1943 - 1945مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئۆز سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئالىي دەرىجىلىك مۇختارىيەت ئۈچۈن كۈرەشىدۇ. مۇختارىيەت تەلىپى بىلەن پارتىيە، دۆلەت ئورۇنلىرىغا، رەھبىرىي ئەمەلدارلارغا كۆپلىگەن مۇراجىئەتلەر ئەۋەتىدۇ، پارلامېنت مەجلىسلىرىدە، قۇرۇلتايلاردا بەس - مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىدۇ، گېزىت ۋە ژۇرناللاردا ماقالىلەر ئېلان قىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتتە بولۇپمۇ ئۇنىڭ خىتاي تارىخچىسى، پروفېسسور لى دۇڭفاڭ بىلەن يېرىم يىل داۋامىدا دېگۈدەك (ئۆكتەبىر 1944 - فېۋرال 1945) مەركىزىي مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسى دىققەتكە سازاۋەردۇر. شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك خەلقلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ۋە بولۇپمۇ تۈركلەرگە (تۈركىي

مەناسىدا) ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق، ھەر خىل مىللەتلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغانلىقى دۆڭفاڭغا رەددىيە بېرىپ، مەزكۇر خەلقلەرنىڭ ھەممە كېلىپچىقىشى، تارىخى، تىلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنى ۋە باشقا جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈركىي مىللەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، شۇڭلاشقىمۇ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئۆلكىنىڭ نامىنى «تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتىشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى ھەم ئۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىلىك مۇختارىيەت بېرىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا 1945 - يىلى خىتاينىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭ نەتىجىسىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن مۇزاكىرە يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە ئۆز سەپداشلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ ۋە 1949 - يىلى سىنتەبىرغىچە شۇ يەردە تۇرىدۇ. ناھايىتى مۇرەككەپ سىياسىي قاينام ئىچىدە ئۆتكەن بۇ دەۋردە ئۇ «ئەرك» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئىلمىي ھەيئىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەمىنات نازىرى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خىزمەتلىرىدە بولىدۇ. كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلانغان شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا تارىخ بويىچە دەرس بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ھاياتىمۇ ناھايىتى كەسكىن سىياسىي ۋە ئىدىيەۋىي تالاش - تارتىشلار بىلەن ئۆتىدۇ. بۇنىڭ مىسالى رىتىدە بۇرھان شەھىدىنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن مونۇ بىر پارچىنى كەلتۈرۈپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزى كۇپايە: «... شىنجاڭ شۆيۈەنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۇجى ماڭا مۇھەممەت ئىمىن دېگەن بۇ «ئۇيغۇر تارىخشۇناس»نىڭ تارىخ دەرىسىنى قانداق سۆزلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، مۇھەممەد ئەمىن مۇنداق دەپتۇ: «شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭنى دېمەكچى) ئون مىڭ يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى، شۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار خوجايىن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە، باشقا مىللەتلەر چەتتىن كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان مىللەتلەر، ئۇلارنىڭ خوجايىن بولۇش ھوقۇقى يوق». بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن مەن تۇجى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پۈتۈن شۆيۈەندىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار يىغىنىدا مۇھەممەد ئەمىنگە رەددىيە بەردىم، مەن شۇنداق دېدىم: «شىنجاڭ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى... ئەگەر شىنجاڭدا پەقەت بىرلا ئۇيغۇر مىللىتى بار دېيىلسە، شىنجاڭ دائىرىسىدە چوڭ مىللەتچىلىك خاتالىقى سادىر بولغان بولىدۇ؛ مەملىكەت بويىچە ئالغاندا يەرلىك مىللەتچىلىك، يەنى تار مىللەتچىلىك خاتالىقى سادىر بولغان بولىدۇ...» مىللەت مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىككى سائەت سۆزلىدىم... مەن مۇھەممەد ئەمىن بىلەن شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى مەسىلىسىدە ئۆز ئالدىمىزغا بايراق تىكتۇق. زىيالىلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ناھايىتى كەسكىن تالاش - تارتىش بولدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەمىندىن: «بەزىلەر شىنجاڭ بىر مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ھەممە مىللەتنىڭ شىنجاڭى دەۋاتىدۇ، بىز نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟» دەپ سوراپتۇ. مۇھەممەد ئەمىن: «سىلەر ئۇنى مىللەتنىڭ خائىنى دەڭلار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.»

شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، بۇ دەۋردە مەسئۇد سەبرى، ئەيسابەگ ئالپتېكىن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا «پانتۈركىستلار»، «ئۇلۇسچىلار»،

«خىتايپەرەسلەر» دەپ ئاتىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپدارلىرىنىڭ قاتتىق تەنقىتىگە ئۇچرىغان ئىدى، لېكىن شۇنىڭغا قارىماي، تەنقىتچىلەر مۇھەممەد ئەمىن بۇغراغا نىسبەتەن باشقىچەرەك مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇنى تونۇلغان ئىنقىلابچى، ئالىي خىسلەتلەرگە ئىگە ئىنسان، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەرباپ سۈپىتىدە ئالاھىدە ھۆرمەتلىگەن. جۈملىدىن ئۇلۇسچىلارنى بەزى مەسىلىلەر بويىچە قاتتىق تەنقىتلىگەن ئەھمەدجان قاسىمىمۇ ئۆز ئەمگەكلىرىدە باشقىلارغا (م. سەبرى، ئە. ئالىپتېكىن، ق. قوداي، چىڭغىزخان ۋ. ب.) نىسبەتەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغراغا سەۋرچانلىق بىلەن قارىغان (يېنىدا يۈرگەن بەزى ئادەملەرنىڭ تەكىتلىشىچە، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرامۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەھمەدجان قاسىمىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنىڭغا چوڭ ئۈمىدلەر ئارتقان).

1949 ـ يىلى سىنتەبىردە خىتاي ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىلىش ھارپىسىدا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ بىر گۇرۇھ سەپداشلىرى بىلەن ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ، دەسلەپ ھىندىستانغا، ئاندىن 1952 ـ يىلى تۈركىيەگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بەزى شاھىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ۋەتىنىنى تاشلاشنى قىيالماي، تا ئاخىرىغىچە تارتىشقان، ئەھمەدجان قاسىمى بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىمۇ بولغان. ئەگەر كەتمىسە، تىرىك قېلىشى ناتايىن ئىكەنلىكىگە ئوبدان كۆزى يەتكەندىن كېيىنلا يولغا چىققان.

تۈركىيەدە ئۆتكەن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىمۇ مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئۆز خەلقىنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، ۋەتىنىنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇش يولىدا ھارماي ـ تالماي خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ 1953 ـ 1954 ـ يىللىرى ئىستانبۇلدا «تۈركىستان»، 1956 ـ 1957 ـ يىللىرى ئەنقەرەدە «تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرناللىرىنى چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ سەھىپىلىرىدە يۈزگە يېقىن ماقالىلارنى ئېلان قىلىدى. «ئازاتلىق»، «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىئو ئىستانسىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ كۆپلىگەن ماتېرىياللىرىنى دۇنياغا تاراتتى. «شەرقىي تۈركىستان تارىخى، جۇغراپىيەسى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» (1952)، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۆرىيەت دەۋاسى ۋە خىتاي سىياسىتى» (1954)، «شەرقىي تۈركىستان قىزىل مۇختارىيەتنى رەت قىلىدۇ» (1955)، «شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت ھەققىدە بىلىنمىگەن سىياسەت» (1959) دېگەنگە ئوخشاش ئوندىن ئوشۇق يىرىك ئەمگەكلىرىنى يېزىپ، نەشىر قىلىدۇ. 1952 ـ يىلدىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ «دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتى»دىكى ۋەكىلى سۈپىتىدە نۇرغۇنلىغان كونفېرانسىيەلەرگە قاتنىشىپ، دوكلادلار بىلەن سۆزگە چىقىدۇ.

ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئاڭلىق ھاياتىنى ئەلەم ۋە قەلەم كۈرىشىدە ئۆتكۈزگەن بۇ بۈيۈك شەخس 1965 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇن كۈنى تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرە شەھرىدە ۋاپات بولىدى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدى.

ئەلۋەتتە، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ۋەقەلەرگە باي مەزمۇنلۇق ھاياتىنى، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى، قالدۇرغان ئىجادىي مىراسىنى بىر ماقالىغا سىغدۇرۇپ بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ، ھەقىقەتەنمۇ، بىر ئەمەس، بىر نەچچە كىتابنى يېزىشنى تەلەپ قىلىدىغان ھەم شۇنىڭغا ئەرزىيدىغان ئۇلۇق شەخس. ئىلاھىم، كېلەچەكتە ھەممىمىزگە شۇنداق كىتابلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش نېسىپ بولغاي.



سەۋدايى

# قان ئىچىدىكى بوۋاق

(بارىن ئىنقىلابىنىڭ 20 يىللىقىغا)

ــ بىزگە سىڭدۈرۈلگەن مەپكۇرە تۈپەيلى شۇنداق بىر خىل كەسكىن ئىشەنچ ۋەيا قاراشقا كەلگەنمىزكى، ئەر- ئايال، ياش قېرى، بوۋاق ياكى ئۆي هايۋانلىرىنى ئايرىپ ئولتۇرماستىن قارا- قويۇق ئېتىۋېرىشتىن ئىبارەت ۋەھشىيلىك پەقەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا، جاهانگىرلارغا ۋە فاشىستلارغىلا خاس تەبىئەت بولۇپ، بۇنى «ئازادلىق ئارمىيە» نامى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتۇق...

**ــ (جاڭ جۈنتاۋ[1] نىڭ ئادۋۇكاتىغا دېگەنلىرىدىن)**

خىتايلاردا كەم بولىۋاتقىنى ۋىجدان ۋە ئادالەت تۇيغۇسى.

**ــ جاڭ جۈنتاۋنىڭ ئادۋۇكاتىنىڭ سۆزىدىن**

—— ھە،... كەلدىڭمۇ؟ ئاللاھ قوبۇل قىلسۇن، —— دېدى ئايال خۇپتەندىن قايتىپ كەلگەن ئېرى ئىشىكتىن كىرىشىگىلا، —— بۇ كېچە نېم بولىدىغاندەك، مەختەقارى، تىنچ ئۆتەمۇ، يا...؟

—— دەپ سورىدى ئارقىدىنلا.

تالادا ھېچقانداق ئۈن-تىنۇش يوق ئىدى. بۇ جىمجىتلىق نورمال زامانلاردىمۇ مانا شۇنداقمىدى؟ ياكى كىشىلەر بولغۇسى بۈيۈك بىر غەۋغانى كۈتۈۋاتقاندا مانا شۇنداق تۇيۇلامدۇ، بىلىپ بولمايتتى. ئىشقىلىپ بۇ جىملىق شۇنچىلىك يۈرەكنى سىقاتتىكى، ئۇندىن كۆرە ئالەمنى مالىم قىلىۋەتكۈدەك گۈلدۈرمىما گۈلدۈرلىگەن بولسا، دېگۈسى كېلەتتى. تېخى باھارنىڭ باشلىرى بولغاچقا كۆللەردە پاقىلارنىڭ كورۇلداشلىرىمۇ، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى، بۇ ھال بۇ جىمجىت كېچىنى تېخىمۇ مۈكەممەللەشتۈرۈپ، كىشىنى قورقۇتقۇدەك سۈرلۈك قىلىۋەتكەن ئىدى.

(1) جاڭ جۈنتاۋ —— بارىن ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان سابىق خىتاي ئەسكىرى بولۇپ، كېيىن ئامېرىكىغا سېغىنغان، —— ئا.

مورا بېشىدا ئىس چىقىرىپ يېنىپ تۇرغان جىن چىراق ئۆينى بەك غۇۋا يورۇتقاچقا، سىرتتىن كىرگەن ئادەمگە دەرمەھەل بىرنېمە كۆرۈنمەيتتى. مەختەقارى شۇڭلاشقا دەرھال جاۋاب بەرمىدىمۇ، ياكى دەيدىغانلىرىنى ئوبدانراق ئويلىنىۋالماقچى بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىشىكتىلا تۇرۇپ، بىر-ئىككى مىنۇتچە غۇۋا قاراڭغۇلۇقتىكى كىچىككىنە ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا قاراپ تۇردى، كېيىن ئاستا سۇيا تەرەپكە سىلجىپ:

— ئاللاھ بىلىدۇ، ئاللاھ، — دېدى مەختەقارى چوڭقۇر ھەسرەت يوشۇرۇنغان ئاۋازدا، — سادىسەن-دە، زىبىخان، سادىسەن،… زەيدىنقارىمنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇنتۇدۇڭما؟ شۇ خىتايلار يۇرتىمىزدا بولغان مۇددەتتە بىز خەققە تىنچلىق بومايدۇ، دېمەيمىدى؟ — جىن چىراقنىڭ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى تۇزۇكرەك كۆرۈشكە ئىمكان يوقىدى. پەقەت ئاۋازلىرىدىنلا ياش ئەر-خوتۇنلار ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئۆيمۇ چىراقنىڭ ئىسى ياكى ھەمىشەمكى سامان ئوتىنىڭ تۈتەشلىرىدىن قارىداپ كەتكەندەك، تورۇستىكى ۋاسا بورىلىرى قارىداپ كەتكەن، ئىستىن ھاسىل بولىدىغان قارا تور ھەر يەردە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۆي پاكار، شۇدىگەرلىكىنىڭ چالمىسىدىنلا قوپۇرۇلغان تامدىن ئىبارەت ئىدى. ھەر نەرسىدىن نامراتچىلىقنىڭ ئىزناسى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

ئاڭغىچە تەم-تەم ماڭغان ئوغلى سۇپىنى تۇتۇپ مېڭىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ پاچىقىغا ئېسىلدى.

مەختەقارى بالىنى قولىغا ئالدى، ئاندىن سۇپىغا ئاۋايلاپقىنا ئولتۇرۇپ، ئوغلىنى تىزلىرى ئۈستىگە دەسسىتىپ تۇرۇپ، باغرىغا چىڭ باستى. شۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆزدىن كېيىن ئارىغا چۆككەن جىملىقنى بالىنىڭ ئۆزىگە خاس چۈشىنىكسىز تىلىدا بىر نېمىلەرنى دېيىشىلا بۇزۇپ تۇراتتى. ئەمما مەختەقارى بۇلارنى ئاڭلىمايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاللىنېمە مۇجۇپ تۇراتتى. خىياللىرى قالايمىقان، تەرتىپسىز ئويلار كاللىسىنى چولغىۋالغان ئىدى. بالىنىڭ كۈچىنىپ تىپىرلىشى ۋە نارازىلىقىغا ھېساب قىلىشقا بولىدىغان ۋارقىرىشى بىلەنلا ئاندىن بالىنى باغرىغا باسقاندا بەك چىڭ سىقىۋەتكىنىنى بىلدى. بۇ مەھكەم قۇچاغلاشتا ئاتىلىق سۆيگۈسى ئۈستۈن كېلەتتىمۇ ياكى قورقۇش ھېسسىمۇ؟ بىلىپ بولمايتتى. ئاشۇ بۇدرۇق كىچىككىنە جاننىڭ نېمە بولۇشى ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق خىيال ئۈستۈنلۈكتەمىدى؟ ياكى ئاشۇ سۇنئىي ۋە ئەنسىز جىملىقنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ھادىسىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش تۇيغۇسى ئۈستۈنلۈكتىمىدى؟ بۇنىمۇ ئىلغا قىلىش تەس ئىدى.

ئۇ مەختەقارى دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قارى ئەمەس ئىدى. ئۇنى قارى قىلىش دادىسىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئوقۇش يىللىرىدا دىن بەكمۇ قاتتىق چەكلەنگەن زامانلار بولغاچقا، قارى بولماق تۇگۇل، ناماز ئوقۇغۇدەكمۇ ئىمكانى قالمىغان كىشىلەردىن كىم ئۇنىڭغا دەرس بېرىشكە پېتىنسۇن؟ ئۇ كىچىك چاغدىلا دادىسى ناھىيە بازىرىدا شېھىت بولدى. بۇ يۇرتتا ئەزەلدىن شېھىت ئائىلىلىرى قەدىرلىنەتتى. گەرچە كوممۇنىست خىتايلار،

ئۆتمۈشتىكى خىتايلاردىنمۇ ۋەھشىي، ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ھاياتلاردىن، ئۆلگەنلەرنىڭ باللىرىدىن ھېساب ئالىدىغان دەرىجىدە شۈمپەن بولسىمۇ، شېھىتلەرنى «خەلق دۈشمىنى، ۋەتەن ساتقۇچ، بۇزۇق ئۇنسۇر،...» دەپ قارىلاپ، خەلققە يامان كۆرسىتىشكە تىرىشسىمۇ، قېنى پاكىز بۇ يېزا خەلقى يەنىلا شېھىتلەرنى بېشىدا كۆتۈرەتتى. شۇڭا كىچىك يېتىم قالغان مەخەتقارى يۇرتىنىڭ بالىسى بولۇپ، كۆپىنىڭ كۆيۈنۈشى ئاستىدا ئۆستى.

مەكتەپتە چالا-پۇلا ئوقۇدى، خەت ساۋادى چىققاندەكمۇ بولدى، ئەمما ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئوقۇغىنى خىتايلار چىقىرىپ بەرگەن يېڭى ئېلىپبە بولغاچقا، كېيىن يەنە ساۋاتسىز بولۇپ قالغان ئىدى.

سىياسەت بىرئاز ياخشىلاندى دېيىلگەن يىللاردىن كېيىن ئۇ ئىشتىن كېيىن كەچلىرى قارىلارغا بېرىپ، بىرئاز قۇرئان ساۋادىنى چىقاردى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى زەيدىنقارىنىڭ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ۋەزلىرىگە ھېرىسمەن بولۇپ، ئەر-خوتۇن ئىككىلەيلەن سادىق مۇرىتلارغا ئايلاندى. دىنىنى خېلى تۈزۈك چۈشىنىپ قالدى. ئېتىقادى رۇسلاندى. ئاللاھنىڭ بۇنچىلىك ھىدايەتكە ئېرىشتۈرگىنى ئۈچۈن شۈكرانىلىرى ھېسابسىز ئىدى. ئىلگىرىكى غەپلەتلىك كۈنلىرىگە نىسبەتەن كۆڭلى يورۇغان، نېمىشقا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قىلىدىغان بولغان ئىدى. زەيدىنقارىنىڭ ساھابىلەر ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلىرىدىن يۈرەكلىرى لەرزىگە كەلگەن ياش ئەر - خوتۇنلار جىمىكى ئۈمىد ئارزۇلىرىنى مۇجەسسەملىگەن

ھالدا تۇنجى پەرزەنتى تۇغۇلىشى ھامان مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئۇنىڭغا خالىد دېگەن ئىسمىنى قويۇشنى مۇۋاپىق تاپقان ئىدى. بەلكىم ئۇلار ئوغلىنىڭ ئاشۇ يېڭىلمەس ئىسلام سەركەردىسى خالىد ئىبنى ۋەلىدكە ئوخشاش يۇرتىنىڭ بېشى، ئازاتلىق قوشۇنىمىزنىڭ سەردارى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشقاندۇر.

زەيدىنقارىمۇ ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىكىنى، جاپاغا چىدامىلىقلىقىنى ياقتۇرۇپ قالغاچقا خېلى موھىم ئىشلارغا ئۇنى بۇيرۇيتتى. زەيدىن يۈسۈپ سىياسىيۋىلىكى كۈچلۈك ۋەزلىرىنى باشلىغىلى بىر يىلدىن ئاشقان، ئەڭ يېقىنلىرى ئىچىدە جىددىي قوزغىلاڭ ھازىرلىقى ۋە پىلانى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە ئىدى. مەخەتقارى مانا شۇ ئىشلارنىڭ ئىچىدە بولغىنىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇنى قەشقەرگە بومبا ئۈچۈن چۆيۈندىن قاپاق شەكىللىك نەرسىلەرنى قۇيدۇرۇش، ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىغاندا، ئۇمۇ ئۇستازىنىڭ جامائەت فوندىنى ئاسراش روھىنى دوراپ، قەشقەرگە پىيادە بېرىپ، پىيادە كەلگەن، ھەتتا كۆتۈرەلمىگۈدەك يۈك بولمىسىلا، يېنىكرەك يۈكلەرنىمۇ كۆتۈرۈپ پىيادە يۈرگەن ئىدى.

كېيىن ئىشەنچلىك ئائىلىلەردە پوروخ ئۈچۈن «شورى[1]» ئايرىش ئىشى ئېلىپ بېرىلغاندا، مەخەتقارى ۋە ئايالى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشتى. ئىشتىن كېلىپ، كېچىلىرى چىرىمدان قاينىتىپ، شورى ئايرىدى. شورى پوروخنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ماددىسى ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى

(1) يەرلىكتە خەلقىمىز «شورى» دەپ ئاتىغان بۇ نەرسە خىمىيىلىك بىرىكمە، بىر خىل تۇز بولۇپ، ئىلمىي ئاتىلىشى كالىي نىترات (KNO3)، —— ئا.

www.uyghurkitap.com

بىلمەيتتى، پەقەت پىشقەدەم ئۇۋچىلار ئۆزىگە لازىملىق ئوقلىرىنى ئۆزلىرى ياسايدىغان بولغاچقا، قەدىمدىن كېلىۋاتقان بىر رېتسىپ باردى. رېتسىپقا كۆرە يۇلغۇن تۇۋىگە چۈشكەن چىرىمدان توپلىنىپ قازاندا قاينىتىلاتتى، ياكى قوينىڭ قىغىنى كەتمەندە يوغان- يوغان قومۇرغاندا ئاستى قەۋەتلىرىدە ئاق چېچەكلىگەن يەرلىرى بولاتتى، مانا شۇ ئاق نەرسىلەر توپلانسىمۇ بولاتتى. ئاندىن ئەخلەت چاۋىرى سۈزۈۋېتىلىپ، ئاستىدىكى لايمۇ ئايرىۋېتىلىپ، سۈيى داۋاملىق قاينىتىلسا ئاق كىرىستال ھاسىل بولاتتى. مۇشۇنى شورى ياكى شور دېيىلەتتى. ئاندىن بۇنى تارشا گۈگۈت ياسايدىغانلار ئىشلىتىدىغان گۈگۈت پوقى (گۈڭگۈرت) بىلەن ياغاچ كېپىكى (ھەرە كېپىكى — پوزەك)كە ئارىلاشتۇرسا پوروخ بولاتتى. ئۇلار بۇنىڭ ئىچكىي قانۇنىيىتىنى بىلمىسىمۇ، بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئادەت بويىچە ئىشلەيتتى. ھەر ئاخشىمى بىر قازان قاينىتىپ تۇراتتى. ئوتۇن قىس ئىدى، سامان، كۆتىچەك،... دېگەندەك تېۋى يوق يېقىلغۇلار بىلەن بىر قازان قاينىتىپ، كىرىستال تۇتتۇرماق ئاسان ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن!» دەپلا قىلاتتى.

ئۇلاردا زەيدىنقارىغا ئاجايىپ ئىخلاس باردى. بۇ پەزىلەتلىك ئادەمگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇلار ھەرگىز ساختا بىلىمدانلارچە «مۇشۇنچىلىك ئىشلار بىلەن خىتايدەك بۈيۈك كۈچ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولامدۇ؟» دەپ سوراپ ئولتۇرمايتتى. ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن دەپ يولغا ئاتلاندۇقمۇ، بولدى. ماڭغىنىمىزمۇ، ياتقىنىمىزمۇ ساۋاپ، جەڭدە ئۆلسەكمۇ، ئۆيقۇدا ئۆلسەكمۇ ئوخلاشلا ساۋاپ. چۈنكى ئاللاھ ئىشىمىزنىڭ مېۋىسىگە قاراپ ئەمەس، نىيىتىمىزگە كۆرە ئەجىر بېرىدۇ، دېگەنگە شەكسىز ئىشىنەتتى. بۇ ئىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بىر پىلان ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشەتتى. پۈتۈن مەملىكەتتە بىر ھەرىكەت ئورتاقلىقى، ئىدىيە ئورتاقلىقى ئۈچۈن خىزمەتلەر كېتىۋاتاتتى. بەزىدە تۇرپاندىن قەمەرىددىن دېگەن بىرى كېلەتتى. كۇچادىن كېلىشەتتى. پىچاندىن كېلەتتى، خوتەندىن كېلەتتى. مەملىكەت مىقياسىدا بىرلا ۋاقىتتا كۆتۈرۈلىدىغان بۇ ئىنقىلابنىڭ رەھبىرى بولسا ئاشۇ ئاددىي - سادده دېھقان زەيدىنقارى ئىدى. ئۇمۇ قارى ئاتالغىنى بىلەن قارى ئەمەس، نە پەننىي مەكتەپتە، نە دىنىي ئوقۇشتا تۈزۈكرەك ئوقۇمىغان بولۇشىغا قارىماي، ئاللاھ سۆيگۈسى، ئاللاھنىڭ مۆمىن قۇللىرى بولغان مىللىتىگە، مۆمىنلەرگە تەۋە زېمىن بولغان ۋەتىنىگە مۇھەببىتىنىڭ ماگمىدەك ھارارىتىدىن ئەنە شۇنداق بۈيۈك ئىشقا جۈرئەت قىلىۋاتقان بىر ئىنسان ئىدى. تەشكىللەش تالانتى، جەزبىدار نۇتۇق قابىلىيىتى، لىدىرغا خاس روھىي ئۈستۈنلۈك بىلەن كىشىلەرنى ھېيىقتۇرۇش كۈچى، نىيىتىگە كۆرە ئاللاھ تەرىپىدىن ئىلتىپات قىلىنغان تەبىئىي تالانت ئىدى دېيىشلا مۇمكىن.

ئىش تېخى خام ئىدى. يەنە نەچچە يىللىق تەييارلىق دەۋرى بار ئىدى. ئەمما، دانىش موللامدەك ئىماننى زەرگە ساتىدىغان مۇناپىقلارنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن ئىش پاش بولۇپ قالغاچقا، قولقوشتۇرۇپ تۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتكەندىن كۆرە، «يېتىپ قالغىچە، ئېتىپ قال» نى تاللىغان زەيدىنقارى، مەغلۇبىيەتلىك بۇ

تاللاشتا ھەممىنى بىراقلا دوغا تىكىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئەتراپىدىكىلەر، دانىش موللام بىۋاستە بىلىدىغانلار بىلەنلا قارشىلىق كۆرسىتىپ شېھىت بولۇشقا قارار قىلغان، باشقا كۈچلەرنى يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتۈپ، ئىلاجى بار ساقلىنىپ قېلىشقا، كەلگۈسى ئىسيانلارنىڭ ئۇرۇقى بولۇشقا بۇيرىغان ئىدى.

مەخەتقارىلارنىڭ ئۆيى تۆۋەن ھويلا مەھەللىسىدە بولغاچقا يېزا مەركىزىگە يېقىن ئىدى. كۈندۈزى ئادەملەر ئارىسىدا ئۈچۈرلار شىۋىر-شىۋىر يەتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. خىتاي ساقچىلىرى مۇجاھىدلارنى قورشىۋالغان بولسا، كېيىن سىرتقى بىر ھالقا بىلەن مۇجاھىدلار خىتاي ساقچىلىرىنى قورشىۋالغان ئىدى. ئىچىدىكى مۇجاھىدلار قولدا ياسالغان بومبىلىرىنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىپ، تامدىن ئارتىلدۇرۇپ سىرتقا ئاتاتتى. «گۇم!» قىلغان ھەيۋەتلىك پارتلىغان ئاۋاز چىقاتتىيۇ، ئەمما ئۆلۈۋاتقان خىتايلارنىڭ «ئەييا- ئەييا»لىرى تۇيۇلمايتتى؛ گۇمبۇرلەش ساداسى بىلەنلا بىر نەرسە ھۇشقۇيتۇپ ھاۋاغا ئۇچقانلىقى بىلىنەتتى.

مەخەتقارى ئۆزىنىڭ ئاشۇ قورشاۋدىكىلەر ئىچىدە بولمىغىنىغا، شۇلار بىلەن بىللە شېھىت بولمىغىنىغا ئىچى پۇشاتتى. ئەمما بۇ زەيدىنقارىنىڭ بۇيرۇقى ئىدى. ئۇنىڭ ھايات قېلىشىمۇ ئوخشاشلا موھىم ئىدى. ئەگەر ھايات قالالىسا،... بىرمۇنچە ئادەم تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسىدا شېھىت بولغانىدى. بۇلارنىڭ شېھىت بولۇشى ۋاقىت مەسىلىسى ئىدى. قاچانلا بولمىسۇن شېھىت بولۇشى ئېنىق ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاللىقاچان يايدىن چىققان ئىدى.

ئۇلارنىڭ شېھىت بولۇشتىن بىر قورقۇنچىسى يوق ئىدى. چۈنكى زەيدىنقارىنىڭ تەبلىغلىرىدىن شۇنى بىلەتتىكى، مۆمىن ئەگەر جىھات قىلىپ ئۆلسە سوئال-سوراقسىز جەننەتكە كىرەتتى، مەڭگۈلۈك نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولاتتى، ئۇ ئاللاھ نەزىرىدە شۇنچىلىك ئەتىۋارلىق بولاتتىكى، خالىغان كىشىلىرىدىن 70نى جەننەتكە ئېلىپ كىرىشكە ھوقۇقلۇق بولاتتى. شۇڭا ئۆلۈمنىڭ قورقىدەك نېمىسى بار؟ ئۆلسە تېخى ياخشى، ھايات قالسا تېخىمۇ كۆپ ساۋاپ تېپىش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

يېڭىدىن توي قىلىپ، ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرگىدەكمۇ بولماي ئىككى يىل ئۆتكەن، يەنە ئۇزۇن- ئۇزۇن شېرىن كۈنلەر ئالدىدا بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇلار بۇنىڭغىمۇ ئۆكۈنۈپ كەتمەيتتى. پەقەت بىر تاللا ئوغلى بارىدى، ئەمدىلا تەم-تەم ماڭغان بۇ بودرۇق بوۋاقنىڭ نېمە بولۇشى ئەندىشىگە سالاتتى. ئەمما دەرھاللا يەنە بۇنداق بىھۇدە پىكىرلەرنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشاتتى. چۈنكى ياراتقان ئاللاھ بار، ئۇ ھەممىنىڭ ئىگىسى، ئۆلمىسە چوڭ بولۇپ قالىدۇ، ئۇلارمۇ شېھىتلەرنىڭ يېتىم قالغان بالىسى ئىدى، ئۆلمەي چوڭ بولدىغۇ؟ بىرەر مۆمىنىنىڭ كۆڭلىگە سالسا بېقىۋالار... ھەدىسلەردە: «بىر ئوبدان ئائىلىسى ۋە بالىلىرىنى تاشلاپ كېتىپتۇ، دېگەن پىتنىلەرگە قۇلاق سالماڭلار،... » دېيىلمىگەنمىدى؟

—— بىردەم يامباشلىۋالامدا، مەخەتقارى؟ —— سادىق ھەمراھىنىڭ پىچىرلىغاندەك ئۈندىشى بىلەن ئېسىگە كەلگەن مەخەتقارى، ئايالىنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنۇچ سالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى

خاتىرجەم كۆرستىشكە تىرىشىپ:

— شۇنداق قىلماي، ئەمىسە، —دېدى، — ئۇخلايمىز، ئانىسى، ئۇخلىماي نېمە بوپتىكەن؟

ئەمما ئۇنىڭ غەشلىكى قورقۇنۇچتىن ئەمەس، بەلكى يېزا مەركىزىدىكى ئىشلارنىڭ ئويلىغاندەك بولمىشىدىن ئىدى. بۇ غەشلىكتە ئۇزۇن زامان پەرۋىش قىلغان بىر ئىشنىڭ ئاز قالغاندا بەرباد بولۇشىدا پەيدا بولىدىغان ئىچى ئېچىشىش ھېسسى ياتاتتى؛ ھەممە ئىش جايىدا بولىدىغىنىغا ئىشىنىلگەن بىر ئىشنىڭ ئويلىمىغانلا بىر چاتاق بىلەن كۈتمىگەن نەتىجە بەرگىنىدە تۇغۇلىدىغان ئاچچىق باردى. مەخەتقارى ئايالى بىلەن كېچىلىرى ئۇخلىماي شورى قاينىتىپ ھازىرلىغان، كېيىن قەشقەردە مەشىچىلەرگە قۇيدۇرۇپ كەلگەن چۆيۈن «قاپاق»لارغا قاچىلىغان ياكى كالتە-كالتە كېسىلگەن تۇربىلارغا قاچىلاپ، ئېغىزىغا ياغاچ قېقىپ ھازىرلانغان بومبىلىرىنىڭ پەقەتلا ئاۋاز چىقىرىشتىن باشقىغا يارىمىشى يۈرەكنى مۇجاتتى. ئۇلار مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئەسكەرلىك تەربىيەسى ئېلىشقا پۇرسىتى بولمىغان ساددا دېھقانلار تۇرسا، پوروخ بىلەن پارتىلىتىش قورالى ياسىسا بولمىشىنى، پوروخنىڭ پەقەت ئوق ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى قانداقمۇ بىلسۇن؟ كاشكى بۇ مىللەتنىڭ بىلەرمەنلىرىدە ئاشۇنچىلىك جۈرئەت، ئاشۇنچىلىك روھ بولغان بولسا، ئۇلارغا قېتىلىپ، بىرەر ئىلمىي مەسلىھەت بەرگەن بولسىچۇ؟ پوروخنىڭ بوشلۇقتا ئىنتىلىش خۇسۇسىيىتى بولۇشىنى، شۇنداق ئىكەن، چۆيۈن قاپاقنى يېرىش ئەمەس، پەقەتلا ئاغزىغا قېقىلغان ياغاچنىلا ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەن بولسا،...

مەخەتقارىنى غەش قىلىۋاتقىنى مانا شۇ ۋە بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە خىتاي جاللاتلىرىدىن بىر بۆلۈكىنى ئۆلتۈرۈش ھېسابىغا ئاندىن شېھىت بولماي، بىكاردىن ـبىكارغا، بىھۇدە قۇربان بولۇش ئىدى. گەرچە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە كۆرە ئۇلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ئەجرى كېمەيمىسىمۇ، يەنىلا كىشى قىلغان ئەجرىنىڭ بوشقا كېتىۋاتقىنىنى، جېنىنىڭ ئەرزان قۇربانلىق بولۇشىنى كۆرسە چىدىيالمايدىغان گەپكەن!

* * *

گۈلدۈرمامىلىق شىددەتلىك يامغۇر ھارپىسىدا ھاۋا دىمىقلىشىپ، بوشلۇقنى نېمىدۇر قاماللى-ۋالغاندەك بىلىنىدىغۇ، بۇ كېچە پەۋقۇلئاددە بىر غەۋغاغا ھامىلىدەك، پۈتۈن جانلىقلار، دەريالار، سايلار، شۈدىگەرلىكنىڭ چالمىسىدىن ياسالغان ئەسكى ئۆيلەرمۇ، پۈتۈن جىسمى مىڭ كۆز ۋە قۇلاق بولۇپ، نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك ئىدى.

يېڭىسارىدىن چىققان بىر قوشۇن ئاتۇشباغ كەنتىنى ئايلىنىپ، كۈسەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گۈلباغ ۋە تاشمىلىق تەرەپتىن يېپىلىپ، جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبتىن شىمالغا سىلجىماقتا ئىدى. ئويال، بۆرىختاي تەرەپلەردىنمۇ قارا چۆمۈلىلەردەك قىمىلدىغان سانسىز ئەسكەرنىڭ شەپىسى كېلەتتى. ئەمما، ئۇلار ئۇزاقتا بولغاچ بارىندىكى سۈنئىي جىملىقنى بۇزالمايتتى.

* * *

ئىككى كۈندىن بېرىكى پارتلاش ۋە ئېتىشما ئاۋازلىرىدىن كېيىن ئەتراپنى قاپلىغان قەۋرىستان

جىملىقى كۇسەن ۋە گەز دەرياسى ئارىسىدىكى بۇ ۋادىنى قۇچىقىغا ئالغان ئىدى.. گەز دەرياسىنىڭ كەڭ يېيىقلىرىدا پاخپىيىپ ئۆسكەن يۇلغۇن ۋە بالغۇنلار ئارىسىدا ئوۋ قىلىشقا كۆنگەن مۇشۇكياپىلاقنىڭ هوقۇلدىشىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئادەملەرنىڭ تۇيغۇسى بۇ جىملىققا ئىشىنەلمەيۋاتقان يەردە، تەبىئەتنىڭ بۇ تۇيغۇن جانۋىرى قانداقمۇ خاتىرجەم بولالىسۇن؟ خۇددى كىشىلىك جەمئىيەتتە ياخشى ئىش قىلىپمۇ ياخشى بولالمايدىغان ئادەملەردەك، ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىدىغان بۇ جانۋارنىڭ «شۇملۇقنىڭ سىمۋولى» دېيىلىپ، «هۇقۇش» ئاتىلىشىمۇ ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان سانسىز ناهەقچىلىكلەردىن بىرى ئىدى. ئەگەر ئۇ راستىنلا شۇملۇقنىڭ سىمۋولى بولىدىغان بولسىدى، بۈگۈنكىدەك كېچىدە توختىماستىن هۇۋلىغان بولاتتى. ئەمما بۇ تۇيغۇن مەخلۇق قان هىدى ئېلىۋاتاتتى. ئىگىز كۆكتىن بېقىپ، كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئاشۇ توپا چىراي، يالاڭاياق يېزا كىشىلىرىنىڭ پاجىئەسىنى ئالدىن سېزىۋاتقاندەك، يا كۇسەن دەرياسىنىڭ يوقىرى تەرەپلىرىگە، چاتقال، زىرىقلارنىڭ ئارىسىغا، يا گەز دەرياسىنىڭ يوقىرىسىدىكى تاغ ئارىلىرىغا كەتكەن، شۇ يەرلەردە بىرەر قىيانىڭ يېرىقلىرىدا ئولتۇرۇپ، جىمجىت، تىنچ - ئاسايىش كۈنلەرنى ئارزۇلاۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئېتىشمىلار قىزىيدىغان بولسا ئۇنىڭ ئوۋ ئوبيېكتلىرى مۆكۈنۈۋالماي تۇراتتىمۇ؟

ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى بۇ ۋادا يېقىنقى يېرىم ئەسىر ئىچىدە قانچىلىغان جەڭگە-جېدەللەرگە سەھنە بولدى؛ قانچە مىڭلىغان بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ قەتلىئاملىرىغا شاهىت بولدى؛ مىليون يىللاردىن بېرى توختىماي ئېقىپ كېلىۋاتقان دەريا سۈيىگە قانمىغاندەك، ئەنە شۇ گۇناهسىزلارنىڭ قانلىرىنىمۇ جىمىدە ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

40- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئوپال، تاشمىلىق، بارىن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئويتاغ ئىنقىلابى»نى باشتىن كەچۈرگەن بۇ تۇپراق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئويۇنىغا قۇربان بولۇپ، مىڭلاپ شېهىت بەرگەنىدى. پۈتلىرى يالاڭاياق، چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئانا تۇپراقتەكلا پاك، ئاپتاپتا كۆيۈپ قىزغۇچ قارمتۇللاشقان بەدەنلەرنىڭ ئىچىدىكى تومۇرلاردا ئابىكەۋسەردەك ئېسىل قان ئېقىپ تۇرغاچقا، زاتىدىن قۇللۇقنى تەن ئالمايتتى. مىڭلارنى قۇربان بېرەتتى-يۇ، ئۈستى- ئۈستىگە مەغلۇبىيەتلەر بىلەن نەتىجىلىنىپ تۇرىدىغان ئىسيانلىرىنى داۋام قىلىۋېرەتتى.

ئاشۇ يىللاردىكى شېهىتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاققان پاك قانلاردىن يەنە يېڭى مۇجاهىدلار تۆرەلگەن ئىدى. كوممۇنىست ئىستىلاسىنىڭ دەسلىپىدە، ئۆزىمىزدىن بولغان مۇناپىقلارنىڭ «كوممۇنىزىم»نى سۈپەتلەشلىرىدىن سۆكۈت-كە پاتقان بۇ يۇرتلار، ئانچە ئۆتمەيلا ئالدانغانلىقلىرىنى بىلىپ، 50 يىللارنىڭ باشلىرىدا يەنە بىر قېتىم ئىسيان تۇغى كۆتۈرۈشكەن ئىدى. ئۇ چاغلاردا جاللات ۋاڭ جىنىنىڭ چىقارغان پەرمانىغا كۆرە بىر ختاي ئەسكىرىنىڭ جېنى ئۈچۈن بەش ئەر كىشى ئۆلتۈرۈلەتتى. شۇنداق دېيىلگىنى بىلەن،

ئۆلگەنلەرنىڭ ھېسابىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئاللاھ يولىدا بېرىلگەن جاننىڭ، ئاققۇزغان قاننىڭ خاسىيىتى شۇ بولىدۇكى، ھاياتلارنىڭ قانلىرى پاكلىنىدۇ. شېھىتلەرنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن 70 يېقىنىنى جەننەتكە باشلىشىغا مەرھەمەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان ئاللاھ، ئاشۇ يېقىنلارنى جەننەتكە لايىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىمان-ئېتىقادىنى پاكلىغاچقا، يېڭى مۇجاھىتلار مەيدانغا كەلدى.

60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ يۇرتنىڭ ئەركەكلىرى يەنە بىر قېتىم ئارا-كۈرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىسيان ئەتتى! ئاخىرى ئۈزۈلمىگەن يالغان ۋەدىلەر بىلەن بىللە ئاخىرى ئۈزۈلمىگەن زۇلۇمغا «تۇر!» دەپ ۋارقىراش ئۈچۈن، قورۇق قولى بىلەن مىلتىققا قارشى چىقىشقان ئىدى. ئۇلار ئاقتۇ ناھىيە بازىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، قوراللىق بۆلۈم ئامبارلىرىدىن قوراللارنى تالاشقا، ئاندىن قوراللىنىپ، ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىشقا، تاجاۋۇزچى خىتايلارغا زەربە بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى جاكارلاشقا ئۇرۇنغان ئىدى. ئەنە شۇ چاغدىمۇ، خىتاي جاللاتلىرى دەرۋازىۋەن ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە پىلىمۇت قۇرۇۋېلىپ، بۇ يالاڭتۆش دېھقانلارنى قارا-قويۇقلا ئوققا تۇتقان ئىدى. تۇپىراق يەنە بىر قېتىم شېھىت قېنى بىلەن بويىلىپ، قىممىتى ئاشقان، شېھىت ئائىلىلىرى ۋە تىرىك قالغان غازىلارنىڭ قەلبىگە مىللىي نەپرەت تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى.

مەخەتقارنىڭ دادىسى مانا شۇ قېتىمقى يۈزلىگەن شېھىتنىڭ بىرى ئىدى.

* * *

مانا شۇ زۇلمەتلىك كېچىدە بارىننىڭ مەركىزىنى نىشانلاپ ئوغرىلاردەك تىمسىقلاپ كېتىۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرى بارىن يېزىسىنىڭ چېگراسىغا بارغانلىرىدا توختاشتى. ھۇجۇم مومېنتلىرى كۈتۈلەتتى.

ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە خېنەننىڭ مەلۇم نامرات يېزىسىدىن كېلىپ، بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بېرى دالا ئارمىيە گازارمىسى (36 مىڭ قانچىنچى قىسىم) ئىچىدە ئاق موما يەپ ياتقان جاڭ جۇنتاۋ دېگەن ئەسكەرمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەسلىدە نامرات يېزىسىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر يولى بولۇپ قالار ھېچ بولمىغاندا ئۈچ يىل بىكارلىق موما يېۋالغىنىم قالار دېگەن ئۈمىدتە ئەسكەر بولغان ئىدى. بايراق جايلاردىن كەلگەن ئەسكەرلەر بۇنداق نامرات يېزىدىن كەلگەنلەرنى ياراتمايتتى. شۇڭا قوشۇن ئىچىدە ئۇنىڭ تۈزۈكرەك دوستلىرىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر يېقىنى شياۋ جۇ ئىدى. ئۇ جاڭ جۇنتاۋدەك ساددا يېزىلىق مىجەز ئەمەس، تىپىك خىتاي خاراكتېرىدىكى بىرى بولۇپ، بەك ھىلىگەر، پۇرسەتپەرەست، ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان، دائىم ئۆسۈشنى، ئەمەلدار بولۇشنىلا ئويلايدىغان بىرى ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ جاڭ جۇنتاۋنى نېمىشقا ياقتۇرۇپ قالدىكىن، ئۇنىڭغا خېلى ئىچەكىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بەلكىم ئۇ بۇ ساددا خىتايدىن بەزى چاغلاردا قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىشنى ئويلىغاندۇ. خىتاي دېگەننىڭ ھىلىسى تولا نېمە، بىلىپ بولمايتتى. شياۋجۇ

بىر يىل ئىچىدىلا مۇئاۋىن ئونبېشى بولغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىچكىي پىلانلىرىدىكى بىرىنچى قەدەم بولۇشى كېرەك.

جاڭ جۇنتاۋلارنىڭ قىسمى بارىن يېزىسى ئەتراپىغا يۆتكەپ كېلىنگەندە، ئۇلارغا پەقەت «جىددىي ۋەزىپە بار، تېز يىغىلىڭلار!» دېيىلگەن ئىدى. ئۇ كۆڭلىنىڭ يېقىنلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش نىيىتىدە شىياۋجۇدىن پىچىرلاپ سورىدى:

— نېمىشلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ بۇ تىنىچ يەرلەردە نېمىمۇ بولاردى، دەيمەن.

— بەلكىم باردۇ، ياكى مانېۋىر بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۆزەڭگە پۇختا بول، خىزمەت كۆرسىتىشىنىڭ ياخشى پۇرسىتى. ئەگەر مەن ئونبېشى بولۇپ قالسام مۇئاۋىنلىقىقا سېنى كۆرسىتىمەن؛ سەندىن چاتاق چىقسا ماڭىمۇ گەپ كېلىدۇ، چۈنكى سەن دېگەن مېنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىمدا، — دېدى شىياۋجۇ ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنى ئوخشىتىپ، — بەلكىم، — دېدى شىياۋجۇ ئۆزىنىڭ ھەممىدىن خەۋەردار ئەرباپلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، — ماۋۇ ئايلامباش ئۇيغۇر خەق بەك يامان، چاتاق چىقارغان بولسا بەلكىم شۇلارنى تىنچىتقىلى بارامدۇق تېخى.

مانا ئەمدى ئۇلار بىر مەنزىلگە كېلىپ چېپىپدە توختىغانلىرىدا، نېمىشلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرغانلارغا كوماندىرلار يۇزلۇك بىرلىكلەر بويىچە ۋەزىپە ھەققىدە ئېنىقراق ئىزاھات بېرىدىغان ۋاقىت بولغانىدى.

شىياۋجاڭ ۋە شىياۋجۇلارنىڭ يۈز بېشىسى سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى:

— ئالدىمىزدىكى يېزىدا ئىنتايىن خەتەرلىك دۈشمەن بار، ھىلىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان. شۇڭا بېسىپ كىرگەندە ئەر - ئايال، ياش - قېرى دەپ ئايرىپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ؛ رەھىمدىللىك قىلغۇچىلار دەرھال ئېتىپ تاشلىنىدۇ. جەسەتلەر ئارىسىدا ساق قالغانلار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەستايىدىل تەكشۈرۈش كېرەك. ئەگەر بىرەرسى ساق قالسا پىتنە تارقىتىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ياكى چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ كەتسە، بۇ يەردە بولغانلارنى چەت ئەل جاھانگىرلىرىغا سۆزلەپ بېرىپ، جاھانگىرلارنىڭ دۆلىتىمىزگە قارشى تەشۋىقاتى ئۈچۈن دەسمى تېپىپ بېرىدۇ. شۇڭا بىرمۇ جاننىڭ ساق قېلىشىغا بولمايدۇ. كوماندىرلار مەسئۇل بولۇپ مەيداننى تەكشۈرىدۇ ۋە رەھىمدىللىك قىلىپ بىرەر جاننى ساق قالدۇرغانلار بولسا قاتتىق جازالىنىدۇ. بۇ ھەرىكەت جەريانىدا ئاتقان ئوقنىڭ، ئۆلتۈرۈلگەن جاننىڭ ھېسابى قىلىنمايدۇ. ئوقنى سىلەرگە ئېتىش ئۈچۈن بېرىۋاتىمىز، يېيىش ئۈچۈن ئەمەس!...(1)

جاڭ جۇنتاۋنىڭ ۋۇجۇدى شۈرۈرىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ يەنىلا ئىشىنەلمەيتتى. بۇ ئوتتۇرۇ-لۇقتىكى بىر يېزىغا نەدىن كېلىپ قالغان مۇنچە دۈشمەن؟ يا بۇ چېگرا بويى بولمىسا؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يېزىلاردىكى ئۆيلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بولسا باردۇ 10 مىڭ نوپۇس؛ ئەمما خىل قوراللانغان يۈزمىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ بېرىشىمىزدىن قارىغاندا

(1) بۇ جۈملىلەر ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ زىيارىتىدە جاڭ جۇنتاۋ سۆزلەپ بەرگەن سۆزنىڭ تامامەن ئۆزى، ھېچ ئۆزگەرتىلمىدى، قوشۇلمىدى، — ئا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتەنمۇ خەتەرلىك دۈشمەنمۇ نېمە؟ جاھانگىرلار تەرىپىدىن زامانىۋىي قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇلغان، ئۈستۈن ھەربىي سەۋىيەدىكى بىر قوشۇن بارمۇ تېخى! ۋاي تەڭرىم، ساق-سالامەت چىقالارمەنمىكىنە!؟

ئۇلار ھەر بىر قارىيىپ كۆرۈنگەن نەرسىگە قورال بەتلەپ يېزا ئۆيلىرىگە يېقىنلاپ كېتىۋاتقاندا، جاڭ جۈنتاۋ يەنە بىر پۇرسەت تېپىپ، شىياۋجۈدىن سورىدى:

— قانداق بىر ئىشتەك قىلىدۇ؟ مانىۋىرمىكەن؟

— ياق، پەرىزىم توغرىكەن، ئۇيغۇر دېگەن بۇ ئايلامباشلار چاتاق چىقىرىپتۇ. ھەقىقىي جەڭ بولىدۇ، بىزگە ياخشى پۇرسەت، دېگىنىمدەك قىل،...

— بۇ كېتىشىمىزدىن قارىغاندا ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ بەك ياماندەك قىلامدۇ، نېمە؟ ساق قالامدۇق يوق، شۇنى بى دېگىنە...

— ۋاي ئەخمەق، ئۇلاردا نېمە كۈچ بولاتتى؟ بولسا بىرى شۇ بىرنەچچە تال قورالى باردۇ، ساقچىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ئېلىۋاپتىكەن. ئۇندىن باشقا قولدا ياسالغان بومبىلىرى بارمىش، ھاھا...

— ئەمىسە نىمانچىلا جىق قوشۇن بىلەن بۇ قەدەر ھەيۋەت بىلەن يۈرۈمەك؟

— ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق سۈر كۆرسەتمەي بولمايدۇ! بولدى، ئەمدى ئۇنۇڭنى ئۆچەر، ئالدىڭغا قارا، ھەر بىر ئۆينى بىر دۈشمەن قەلئەسى بىل!

جاڭ جۈنتاۋ ھەم قورقاتتى، ھەم ھاياجانلىناتتى. قورقۇشى خىتاي بولغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي ئىچىدىن كېلىۋاتقان تۇغما سەزگۈ ئىدى؛ ھاياجىنى مەكتەپ دەرسلىكلىرى، جەمئىيەتتىكى تەشۋىقات ۋە ئەسكەرلىكتىكى ئىدىيىۋىي قۇرۇلۇشلار نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن، خەلق قەھرىمانى بولۇش، دوك سۈنرۈي، خۇاڭ جىزگۇاڭلاردەك ئۈلگە تىكلەش ئىستىكىنىڭ تېپىشىغا تېپىشى ئىدى. خەلقىنىڭ بەخت-سائادەتلىك ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن مىڭ ئۆلۈشكە رازى بولۇش ھەققىدە ئۆگىتىلگەن ياكى شۇنىڭغا ۋەدە ئېلىنغان ئىدى.

ئۇ ئۇرۇش كىنولىرىنى ئەسلەپ ئۆزىنى شۇلاردىكى قەھرىمان ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە سېلىشتۇراتتى ۋە چوقۇم شۇلاردەك خەلق ئۈچۈن بارلىقىنى پىدا قىلىشقا ئۆز ئۆزىگە رىغبەت بېرەتتى. خەلق دۈشمەنلىرىگە رەھىمسىز بولۇش، خەلق مەنپەئىتىگە، ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە دەخلى - تەرۇز قىلغان بۇ ئىسيانچىلارغا يۇمشاق بولماسلىقا ئۆز ئۆزىنى ئاگاھلاندۇراتتى.

قىسىمنىڭ رەسمىي ھوجۇمغا ئۆتۈشى بىلەنلا قەيەردىدۇر يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك ماتۇر ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. بۇ يا تانكىنىڭ ماتۇرى ياكى تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنىڭ ماتۇر ئاۋازى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئارقىدىن تۈنجى ئوقلارمۇ ئېتىلىشقا باشلىدى. كېچىنىڭ سۈرلۈك جىمىلىقى تۇيۇقسىزلا بۇزۇلغان ئاشۇ بىرىنچى دەقىقىدە شۇنداق بولۇشىنى بىلىدىغان تۇرۇپمۇ بۇ ياقتىكى خىتاي ئەسكەرلىرى چۆچۈپ كېتىشتى ۋە يۈرەكلىرى شىددەت بىلەن سالغىلى تۇردى.

«ۋاي تۇۋا، كىملەر بىلەن توقۇنۇشتىكىنە؟ ئەڭ ئاۋۋالقى ئۆلۈم كىملەرنىڭ بېشىغا كەلدىكىنە؟» دېگەن خىياللارنى قىلىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىغان

جاڭ جۇنتاۋ، ئۆلۈم قورقۇنچىسىدا بىياتىنقى ئۆز ئۆزىگە پىچىرلىغان خەلق قەھرىمانى بولۇش توغرىسىدىكى ۋەدىلىرىنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ تىترەشكە باشلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ياقتا ئادەم قارىسىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەن بىر نەرسىگە ئىختىيارسىز ھالدا بىر تالاي ئوق ئۈزۈپ، قولىدىكى قورالنىڭ ئەمەلىي مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىگە مەدەت بەرمەكچى بولىدى.

ئۇنىڭ تەرىپىدە ئۇزاق بولمىغان ئارىلىقتا كېتىۋاتقان شىياۋجۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ:

—— بىرەر ئادەم كۆرگەنمىدىڭ؟ نېمە بولدى؟ —— دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ئۆز كوماندىرىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋال دۈشمەن ئۆلتۈرگەن بولۇشىنى كۆرۈش ئارزۇسى بار ئىدى.

—— بىلمەيمەن، ئادەمگە ئوخشاپ كەتتى....

—— شۇ تەرەپكە يېقىنلاش، دىققەتلىك بول، ئوقنى ئايىما، چالا بولۇپ قېلىپ سېنى ئېتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن جىقراق ئوق ئېتىپ ئاندىن يېقىنلاش، —— دېدى مۇئاۋىن ئونبېشى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ.

جاڭ جۇنتاۋنىڭ جەنۇبىي سەپتە تۇنجى ئوقنى ئېتىشى بىلەن جاسارەتلەنگەن جۈرئەتسىز خىتاي لەشكەرلىرى ھەر كۆرۈنگەن قارىغا ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. نورمالدا ئوقنىڭ ھېسابى قاتتىق تۇتۇلاتتى. ئۈچ يىل ئەسكەرلىك جەريانىدا ئۈچ ياكى بەش قېتىم رەسمىي ئېتىش مەشقى بولاتتى. بەزىدە ئۈچتالدىن، بەزىدە بەش تالدىن ئوق بېرىلەتتى. ئوق ئېتىش ھەركىم ئۈچۈن جەلپكار بىر مەشغۇلات بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم خۇمارىدىن چىقمايتتى. سورىقى يوق ئوق بولسا راسا ئېتىش ئارزۇسى ھەر ئەسكەردىلا ئەمەس، قورالغا ئۆگەنگەن ھەر ئەركەكتە كۈچلۈك بولاتتى.

شۇنداق ئىكەن ئەمدى ھېسابى قىلىنمايدىغان ئوق، سورىقى يوق جاھان بولسا كىممۇ ئاتمىسۇن؟ كوممۇنىستلارنىڭ ھېچ سۆزى راست چىقمايدىغانلىغىنى كۆرۈپ قېلىشقاچقا، تاكى يېنىدىكىلەردىن بىرىنچى ئوقنى ئاتمىغۇچە يەنىلا كۆڭۈل توختىتالمىغاندەك بىر خىل روھىي ھالەت ھۆكۈمران ئىدى. ئەمدى كۆنۈۋېلىشتى. ئېتىش شاتلىقىدىن مەست بولۇشقان خىتايلارنىڭ ياغدۇرغان ئوقلىرىنىڭ زىچلىقىدىن بەزىدە دەرەخ شاخلىرى ئۈشتۈلۈپ، قارسىلداپ چۈشەتتى. دەرەخ غوللىرىدا ساناقسىز ئوق ئىزلىرى قالماقتا ئىدى.

نامرات يېزىدىن كەلگەن جاڭ جۇنتاۋ نابۇت بولۇۋاتقان دەل - دەرەخلەرگە قاراپ، ئەخمىقانە ھالدا كۆڭلىدىن شۇنداق كەچۈردى: «ئەگەر بۇ دەرەخلەردىن تاۋۇت ياسىماقچى بولسا ئىچىدە قالغان سانسىزلىغان مىتال پارچىلىرىغا پۇتلىشىپ، بىچارە ياغاچچىنىڭ تىغى كېرەكتىن چىقىدۇ-دە!» ئەسلىدە ئۇنىڭ يېزىسىدا قېرى خىتايلارنىڭ قايغۇسى تاۋۇت ھازىرلاشتا بولۇپ، ياغاچ بەك قىممەت، بەك قىس بولغاچقا، تاۋۇتنى ھازىرلاپ قويالىغان قېرى خىتاي، بەختلىك خىتاي ھېسابلىناتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ بۇۋىسى ئۆلىدىغان چاغدا ئۆلارنىڭ بېشىغا كەلگەچكە، ياغاچنىڭ قىممەتلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئارقىدىن زىچ ئېتىلغان ئۆلگۈجە ئوقلار دەستىدىن بەزى ئاران تۇرغان ئەسكى تاملار «گۈلدۈر-غالاپ» قىلىپ يىقىلىشقا باشلىدى. ئوق تەگكەن ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە جېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىڭراق بولغان كالا-بۇقىلارنىڭ ئىچىنىشلىق بۆقىرەشلىرى ئومۇمىي غەۋغا، قىقاس-سۈرەنلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى. تېمى ئۆرۈلگەن كاتەكلەردىن ئۇچۇپ چىققان توخۇلار ئەنسىز ۋاقىلداپ، يېرىم ئۇچۇپ، يېرىم پالاقلاپ جان ھەلەكچىلىكىگە چۈشكەندە، بۇ ئەمدى يۇرەكلىرى بىرئاز توختىغان خىتاي ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئويۇن بولۇپ بەردى. ئۇلار قاراڭغۇلۇقتا بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي قالىدىغان بۇ كىچىك جانۋارنى سوقۇۋېلىش بويىچە ئۇنىسىز مۇسابىقە باشلىغاندەك بىر كەيپىيات بارلىققا كەلدى. بۇنچە ئەسكەرنىڭ بەس-بەستە ئاتقان ئوقلىرىدا ئۆلمەي ساق قۇتۇلۇش مۇمكىنمىدى؟

تۇنجى ئۆيلەرگە بېسىپ كىرىشلەر، ئادەمگە قارىتىپ ئېتىشلارمۇ جاڭ جۇنتاۋنىڭ يېنىدىكىلەردە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئومۇمىي شاۋقۇنغا ئەمدى بالىلارنىڭ چىرقىراشلىرى، ئاياللارنىڭ ئاھ - زارى، ئەركەكلەرنىڭ ھەسرەتلىك نىداسى قوشۇلۇلغىلى تۇردى!

تۇنجى قېتىم ئوقىقا تۇتۇلۇپ، تاملىرى ھەرە كۆنۈكىدەك قىلىۋېتىلگەن ئۆيلەرگە بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەردە ئۆلمەي چالا قالغان دۈشمەن بارمۇ يوق، تىنتىش باشلاندى. بىر - بىرلەپ سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزگەندەك تەكشۈرۈش كېرەك ئىدى. بولمىسا بىرەرسى تىرىك قالسا، چەت ئەلگە قېچىپ چىقىۋالسا بەختىيار سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قارا سۈۋايدىغان تەشۋىقاتلار ئۈچۈن شاھىت بولۇشاتتى.

جاڭ جۇنتاۋ بىر ئۆينىڭ مىڭلارچە ئوق تەككەنلىكتىن ئۇلگۈجىكىدىن ئاجرىلىپ، ئۆرۈلەيلا دەپ قالغان ئىشىكىنى قاتتىق تېپىپ ئېچىپ، ئۆيگە بىر دىسكا ئوقنى يەلپۈگۈچ شەكىللىك ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆتكۈر نۇرلۇق قول چىرىغىنى كىلاشىنكوفنىڭ ستۇۋولى بىلەن پاراللېل تۇتقان ھالدا سانتىمۇ-سانتى كۆزىتىشكە باشلىدى.

سۇپىدا يالاڭ تامبال كىيگەن ئۈستى ئوچۇق، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئۇيغۇر دېھقىنى قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ قولىدا قورال بولمىغانلىقى ئۈستىگە ئۇ ئۆزىگە بىرەرسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتكەن ھازىرلىقتىكى بىرىدەكمۇ قىلمايتتى. ئەكسىچە ئۈستىنى سېلىۋېتىپ، يېرىم يالىڭاچ ئۇخلاۋاتقانلىقى، تالادىكى تۇنجى سادالاردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئۇخلاۋاتقان ئىچكىرىكى ئۆيدىن دالان ئۆيگە چىقىشىغىلا ئوق تېگىپ سۇپىغا يىقىلغانلىقى ئېنىق بىلىنەتتى. ئوق تېگىپمۇ ئاز دېگەندە ئوتتۇز پاي ئوق تەگكەندەك قىلاتتى. ئالدى تەرىپى تامامەن تىتىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئىچكى ئەزالىرىنىڭمۇ پارچە-پارچە بولۇپ، ئەتراپقا چاچراپ كەتكىنىنى بىلگىلى بولاتتى.

جاڭ جۇنتاۋ شۇنچە قىزىققان، قورقۇپ تۇرىۋاتسىمۇ قىزىقىشى گاھى-گاھى ئۈستۈن كېلىپ بىلىپ باقىسى كەلگەن دۈشمەن مۇشۇ بولغىيمىدى؟ ياكى بۇنىسى دۈشمەنلەر مەجبۇرىي تۇردە ئىشىكىنى ئېچىشقا زورلاپ كىرىۋالغان مۇشۇ ئۆينىڭ بىگۇناھ ئىگىسىمىدى؟ ئۇنداقتا بۇ ئۆي ئىگىسىنى قورال كۈچى بىلەن زورلاپ، باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ ئۆينى ئۆزىگە دالدى قىلىۋالغان دۈشمەن نەدە؟

ئىككى تەرەپتە ئىككى ئىشىك كۆرۈنەتتى.

بۇ ئۆيلەر تىپىك جەنۇپ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي پىچىمى بولۇپ، تالادىن دالان ئۆيگە كىرىلەتتى. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئىككى تەرەپتىكى ئىككى ئۆيگە كىرىلەتتى. بۇلاردىن بىرى مېھمانخانا دېيىلىپ، قولىدا بارلار بىرئاز ياخشىراق ياساپ قويۇدىغان ئۆي، يەنە بىر تەرەپتىكىسى ئاشخانا دېيىلىدىغان ئۆي، ئۇنىسى بارلىق كۈندىلىك پائالىيەتلەرنىڭ بولىدىغان يېرى ئىدى. ھەم تاماق ئېتىش، تاماق يېيىش، ھەتتا ئۆيدىكى ئاساسلىق بولمىغان ئەزالار ياتىدىغانغىچە. ئەگەر ئۆيدە ئاتا-ئانا (قېرىلار) بولسا مېھمانخانا ئۆيدە، ئوغۇل-كېلىن ئاشخانا ئۆيدە يېتىشاتتى. قىش كۈنلىرى ھەممە ئۆيگە ئوت يېقىپ ئىسسىتىشقا چامى بولمىغاچقا ھەممەيلەن بىر ئۆيكە قاپلىشىپ ياتاتتى. ياز ئايلىرىدا ھويلىدا، ئۆگزىدە يېتىشقىمۇ بولاتتى.

جاڭ جۇنتاۋ دۈشمەننى ئىككى تەرەپتىكى ئۆيدە دەپ پەرەز قىلدى. شۇغىنىسى ھېچ تاۋۇش، تىرىك جان بارلىقىنى دەلىللەيدىغان سادا يوق ئىدى. بەلكىم ئۆلگەندۇر، بۇنچە ئوقتا ساق قالسا مۆكەممەل بىر مۆجىزە بولمامدۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرگەچ، شۇندىمۇ ئېھتىيات بىلەن قورالىنى بەتلەپ، چىرىقىنى قورالىنىڭ ستۇولى بىلەن پاراللېل تۇتۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىكىدىن شىددەتلىك تېز ھەرىكەت بىلەن كىرىپ، چاققانلىق بىلەن ھەممە ئەتراپىنى يەلپۈگۈچ شەكىللىك كۆزىتىپ چىقتى. ئاندىن قارشىلىقىنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ، ئالدىرىمايراق، قايتىدىن تەپسىلىي تەكشۈردى. كۆردىكى، بۇ ئۆيدىمۇ ئۆلارغا تەسۋىرلەپ بېرىلگەن دۈشمەن يوق، ئەكسىچە بەش-ئالتە ياشلاردىكى نەۋرىسىنى باغرىغا بېسىۋالغان بىر موماي قان ئىچىدە ياتاتتى. موماي ئۆز تېنى بىلەن نەۋرىسىنى قوغداشقا تىرىشىپ، ئۇنى دالدى قىلىپ تۇرىۋالغىنى بىلىنەتتى. لېكىن نورمىسىز ئېتىلغان ئوقلار ئۇنىڭ ۋجىك تېنىنى تىتما-تالاڭ قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتكەنلىرى كىچىك قىزنىڭ بېشىنىڭ يېرىمىنى ئۇچۇرىۋەتكەن، مېڭىسىنىڭ قېتىقى يۈزى تەرەپكە ئېقىپ چۈشكەن ئىدى!

جاڭ جۇنتاۋ كۆڭلىنىڭ ئېلىشىقىنىدىن بىرنەچچە قېتىم قۇرۇق قەي قىلىپ، بېشى پىررىدە قېيىپ، تامغا يۆلىنىۋالدى. بۇ مەنزىرىگە تەكرار قاراشقا رەغدىمۇ، جۈرئىتىمۇ يوق ئىدى. مەسىلەردەك كالامپاي دەسسەپ، سەندىرەكلىگەنچە دالان ئۆيگە قايتىپ چىقتى. ئۇ ياقتىكى ئۆيدىمۇ مانا شۇنداق «خەتەرلىك دۈشمەن» بولۇش ئېھتىمالى ئېنىق تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ بىر ئۇرۇش ئىدى، كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۇ ياقتىكىسىدە راستىنلا بىرنەچچە دۈشمەن يوشۇرۇنۇۋالغان بولسا، ئارقامغا بۇرۇلۇشۇمغىلا بېشىمنى ئۇچۇرىۋەتسە،...

شۇلارنى ئويلاپ تېنى شۈركىنىپ كەتكەن جاڭ خىتاي يەنىلا چىداپ، بۇ ئۆيگىمۇ قارىۋېتىشكە قارار قىلدى. ئەمما ئۇنىڭدا ھازىر ھايات قورقۇنچى تۈگىگەندەك، ئەقلى قېتىپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ قەدەر جىددىي پوزىتسىيىدە بولۇپ كەتمەستىن ئىرەڭسىمەيرەك كىردى. قورالىمۇ بەك جىددىي بەتلەكلىك ھالدا ئەمەس، يېرىم چۈشۈرۈلگەن ھالدا ئىدى. نېمە قىلىۋاتقىنىنى بەزەن ئاڭقىرىپ، بەزەن يەنە غەلىتە ئەقلىي تۇمان ئىچىدە يۈتتۈرۈپ قويىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قورالنى جىددىيەت بىلەن بەتلىمىدى-يۇ، قول چىرىقىنى بەكمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئەتراپقا تۇتتى.

ئۇنىڭ كۆرگىنى بۆشۈك ئۈستىگە ئارتىل-غانچە ئۆلۈپ قالغان بىر ئانا ئىدى. ئۆيىنىڭ دەرىزىلىرىدىن ئوقلار ئۆچۈپ كىرىشكە باشلىغان هامان، بۇ ئانا، ئانىلارغا بېغىشلانغان ئاشۇ چەكسىز پەرزەنت سۆيگۈسىدىن، ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، بالىسىنى قۇتقۇزۇش پىكرىگە كەلگىنى ۋە تېنى بىلەن بۆشۈكنى دالدا قىلىپ تۇرغاندا شېهىت بولغىنى بىر قاراشتىلا بىلىنىپ تۇراتتى. كاشكى ئۇنىڭ ئاشۇ پىداكارلىقىغا تەسىرلىنىپ بولسىمۇ، تەقدىر ئۇنىڭ بالىسىنى ئامان قالدۇرغان بولسىچۇ؟ بىر تەرىپى تىتىلىپ كەتكەن بۆشۈكنىڭ ئۇلتۇرۇپ قالغىنىغا قاراپلا بالىنىڭ ئانىسىدىنمۇ بالدۇر ئاللاهنىڭ جەننىتىگە ئۇلاشقىنىنى جەزم قىلغىلى بولاتتى.

جاڭ جۇنتاۋ بۇهالنى، بۇ «دۈشمەنلەر»نى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ رېئاللىقتا ياشاۋاتقىنى ياكى چۈش كۆرۈۋاتقىنىنى پەرق قىلالماي قالدى. بۇ بولىۋاتقان ئىشلار هېچ مۇمكىنسىز ئىشلار ئىدى. «خەلقنىڭ پارتىيىسى» بولغان كوممۇنىستلار، خەلقنىڭ قۇتقازغۇچىسى بولغان كوممۇنىستلار، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ غايىسى قىلغان كوممۇنىستلار بۇنداق قىلمايتتى. شۇڭا بۇنى رېئاللىق دېيەلەمدۇ؟ بۇ چوقۇم قورقۇنچلۇق چۈش ئىدى. ئۇنىڭ ئالغان تەربىيەسىگە كۆرە پەقەت ياپون ئالۋاستىلىرى، جاهانگىرلارلا ئەنە شۇنداق ۋەهشىي ئىدى، ئەنە شۇلارلا ئەر-ئايال، قېرى - ياش، هايۋان ياكى ئادەم دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي قىرغىن قىلاتتى. بۇنى قانداقمۇ «ئازاتلىق ئارمىيە» دەپ ئاتىلىدىغان خەلق ئەسكەرلىرى قىلسۇن؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى....

ئۇ ئۆيدىن چىقىپلا هويلىدا تامغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ماجالى كەتكەن، بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈشكە ئەمدى تاقىتى يوق، ئەگەر يەنە مۇشۇنداق مەنزىرىنى كۆرسە ئېلىشىپ قالىدىغاندەكلا ئىدى....

* * *

تۆۋەن هويلا مەركەزدە بولغاچقا ئەڭ سىرتتىكى قورشاۋ هالقىسىدا باشلانغان ئېتىشما ئاۋازلىرى خۇددى تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. ئەمما ئۇيقۇدىن ياكى غەم ئىچىدە ئۇخلىيالمىغانلار مۇگدەشلىرىدىن چۆچۈپ باش كۆتۈرگەنلىرىدە ئۇنچىلىك يىراقتىن ئېتىلغاندەك ئاڭلانمىدى.

مەخەتقارى ئايالى بىلەن يا گەپلىشەلمىدى، يا ئۇخلىيالمىدى. هەر ئىككىسى بۇنداق تاتىسىز مىنۇتلاردا مىلىكە بولۇشقا ئاللاھ بەرگەن بۇدرۇق ئوغلى خالىد بىلەنلا هەپىلىشىپ يېتىشتى. سۆزلەشكۈدەك نېمە بار دەيسىز. بۇ شۇنداق مىنۇتلاردىكى، نېمە دەرىگىنى بىلمەيسەن. لەتىپە ئېيتىشاتتىمۇ؟ چاخچاقلىشاتتىمۇ؟ ئوينىشاتتىمۇ؟ هەر ئىككىسى زىكرى - تەسبىھ ئېيتىشنى ئەۋزەل كۆرگەندەك، بالىسىنى پەپىلىگەچ، ئېغىزلىرى شىۋىر-شىۋىر پىچىرلايتتى.

ئۇلار ئويغاق بولغاچقا تۇنجى ئوق ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدىلا ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ بىرتال ئوقنىڭ ئەمەس، ئۆلگۈچە ئېتىلغان ئوقلارنىڭ

ئاۋازى بولغاچقا، يۈرەكلەرنى شۈركەندۈرىۋەتتى. مەخەتقارىنىڭ كۆڭلى دەرھال ئېغىر بىر مۇسىبەتنى تۇيغاندەك بولۇپ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئوق ئاۋازى يېزا مەركىزىدىن ئەمەس، سىرتىدىن ئاڭلاندى. بۇ دېمەك، سىرتتىن يېزىغا قاراپ زور بىر قوشۇن كېلىۋاتقانلىقىدىن دالالەت ئىدى. ئۇ ئەمدىلا ئاخشامدىن بېرىقى جىملىقنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى ۋە ئىختىيارىدىن تاشقىرى دەھشەت بېسىپ كەتتى. ئەسلىدە خىتايلار زور كۈچ ئىشلىتىپ قىلىدىغان ھۇجۇمى سەۋەبىدىن، يېزا مەركىزىنى قورشىۋالغان ساقچىلىرىنى چېكىندۈرىۋەتكەن، قارشى تەرەپتە ھەرىكەت بولمىغاچقا مۇجاھىتلارمۇ بىكاردىن ئوق ئېتىپ يۈرمىگەن! جىملىقنىڭ سەۋەبى مانا بۇ ئىكەن ئەمەسمۇ!

بۇ قېتىمقىسى ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەسلىكى مانا مەن دەپ تۇراتتى. خىتاي ئۇنداق مۆكۈشمەك ئويناشنى ئۇزاققا سوزمايتتى. مىڭ پاتمان ئېغىرلىق بىلەن بىرلا بېسىپ، مىجىقىنى چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلىنى ئىشلەتمەكچى بولىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. ئەمدى بۇ قۇربانلىقنىڭ چېكى زادى قانداق بولار؟ مانا شۇنداق ئولتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتمەكتىنمۇ تەس ئىش يوق. ۋاقىتنىڭ ئاستىلىقى، گويا ئۆمۈر كېتىۋاتقاندەك. بالىنىڭ قەغىش قىلىپ ئۇخلىمىشى،... ئەر-خوتۇن ئارىسىدا خۇددى ئۇرۇشۇپ قالغاندەك گەپنىڭ قولاشمىشى،... بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراقى بولماس. كاشكى شۇ بولىدىغان ئىش بولۇپلا كەتسە، بىراقلا قۇتۇلسام دېگۈسى كېلەتتى.

مانا شۇنداق يۈرەكنى سىققۇچى كەيپىيات ئىچىدىكى كۈتۈشتە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن؟ بەلكىم تاڭ سەھەر بولۇپ قالغاندۇ، نېمىلىكى بولمىسۇن، مەخەتقارى ناماز ئوقۇش بىلەن بىرئاز ۋاقىت كەچۈرمەكچى بولدى. يېرىم كېچىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. بامدات ۋاقتى بولغاندۇ بەلكىم، دەپ، بىرنەچچە رەكئەت نەفىل ناماز ئوقۇپ بولۇپ، بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇدى ۋە تېخىچە بالا بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇرغان ئايالىغا:

— نېمىلا بولمىسۇن، نامازنى ئوقۇۋاللى زىبىخان، ئوغاق ئوتتۇراپ ناماز ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتمەيلى، يەنە. قويۇڭلا، بالىنى، بالا دېگەن بىردەم يىغلاپ تۇرسا ھېچنېمە بومايدا، — دېدى.

ئايالى تاھارەت ئالغىلى ھويلىغا چىقىپ كىرگەندە كالپۇكلىرى بەزگەكتەك تىترەپ تۇرۇپ:

— نېمىشتۇ بۇ، مەخەتقارى، قىيامەتمۇ بۇ؟ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان يورۇق شوينىلانى دەيمىنا؟ نېمانداق جىق!؟.... —دېدى. ئۇنىڭ دېگىنى يېپەك ئىز قالدۇرۇپ ئۇچۇۋاتقان سانسىز ئوقلار ئىدى. مەخەتقارى ئۇنىڭدىن جىقراق نەرسىنى بىلىپ تۇرىۋاتسا، بۇ گەپنىڭ يېڭى بىر تەسىرى بولارمىدى؟

— بىسمىللا دەپ نامىزىڭلانى ئوقۇڭلا، خوتۇن، ئاللاھ با... —دېدى ئۇ ۋەزىيەت ھەققىدە ئەنسىزلىك بىلەن.

— بىر يەرگە قېچىپ كېتەملىيا؟...

— ساراڭمۇ سەن؟ قېچىپ نەگىمۇ بارامەن؟ قاچسام گۇنايىم با دېگىنىم بولىدۇ شۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە تۇرۇۋەسەم ياخشىراق، ئاللاھ

ساقلىسا ھېچ ئىش بومىغايدا،....

— ئاللاھ ساقلا، ئەممازە،... قاراپ تۇرۇپ ئۆلەمنى ساقلىغاندىن دەيمىنا،...

— بولدى، نامىزىڭلىنى ئوقۇڭلا،...

ئەسلىدە، مەخەتقارىدا بامداتقىچە ساق قېلىشىغىمۇ ئىشەنچ تۈگەپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ مۇشۇنچىلىك چېغىمىزدا ئاخىرقى نامىزىمىزنى بولسىمۇ قازاسىز ئوقۇۋالىلى، دەپ ئويلاپ، نامازنى ئوقۇۋەرگەن ئىدى. بەلكىم بىرئاز بالدۇر بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئوقۇۋالغىنى ياخشى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ۋاقىتتا ئوق ئاۋازلىرى يېقىنلاپ قالدى. مەخەتقارى ئاۋازلاردىكى جىددىيلىك، پەسىيىش، يېقىنلاش قاتارلىقلارغا قاراپ، دېھقانلارچە «كۆزچەن» بىلەن ئۇلارنىڭ يېزا مەركىزىنى باسقانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغان ئىدى. ئەمدى ئېتىشما تىنچىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئەسكەرلەر يېزا مەركىزىدە قاپسىلىپ قالغانلارنى يوقاتماقچى، ئۇلارنى يوقاتقاندىكىن، ئىشى تۈگىشى كېرەك ئىدى. ئەمما قاتتىق جىددىيلەشكەن ئېتىشما ئاۋازلىرىدىن كېيىن ھەرخىل ئاۋازلار: ۋارقىراشلار، تەكبىر ئاۋازلىرى، قىقاسلار، نالە-پەريادلار پەلەككە يېتىپ جىمىغاندىن كېيىنمۇ جىمجىتلىق باشلانمىدى. يەنە ئۆلگۈچە ئېتىشلار داۋام قىلىپ، مەخەتقارىلارغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىندى!

— نېمە بولاپ كېتىۋاتقاندۇ، ما جاھان؟ — دەپ كۇسۇلدىدى، مەخەتقارى ئۆز ئۆزىگە، بۇ يانغا كېلىۋاتقاندەك قىلىۋاتىدىغۇ؟ بىر كېچە ئېتىپمۇ تۈگىمىگەن قانچىلىك ئادەم باتىكى، مەن بىلمەيدىغان؟ ئەستاغ-...

— نېمە دىلە؟

— ھە،... ئۆزەمچە،... باشقا ئىشىمىغۇ يوق....

قوشنىلارنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىنىڭ چۇل-چۇل بولغان ئاۋازى، تونۇش ئاۋازدىكى پەريادلار ئوق ئاۋالىرىغا ئارىلىشىپ كەتكەندىلا مەخەتقارى زەيدىنقارىنىڭ دېگەنلىرىنى دەرھال ئەقلىگە كەلتۈردى: «خىتاينىڭ مەقسىتى بىزنىڭ نەسلىمىزنى قۇرۇتۇش، ياۋاش بولساق چېقىلمايدۇ، دەپ خام خىيال قىلىپ قالماڭلار، ئۇ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي دۈشمىنىمىز، ئاللاھنىڭمۇ دۈشمىنى...!» دېگەن ئىدى. دېمەك، بۇ ئادەملەرنى تۈرگە ئايرىپ ئۆلتۈرۈدىغان تىپتىكى ئۇرۇش ئەمەسكەن!

ئۇ تامدەك تاتىرىپ كەتتى. خالىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققاندەك ئىتتىك سۇپىغا چىقىپ، بالىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى...

* * *

— تۇرە يارىماس، ئۆلگۈر ئەبلەخ!

— ھە!؟... — جاڭ جۈنتاۋ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماستىن مۇئاۋىن ئونبېشىنىڭ تېپىشى بىلەن گاڭگىراپ ئورنىدىن تۇردى.

— يارىلاندىڭمۇ؟ نېمىشكە ئوق تەگكەن تۈرنىدەك بوينۇڭنى پۈكۈپ مۈكچىيىۋالدىڭ، ھايۋان؟

جاڭ خىتاي ھېچنېمە دېيەلمەيتتى، ئۇنى چىقماي، گېلىغا بىرنېمە كەپلىشىۋالغاندەك ئۆي ئىچىنى ئىشارە قىلاتتى.

— ھە، چۈشەندىم، دەسلەپتە كۆرۈپ تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرمەك نېرۋىغا ئېغىر كېلىدۇ، بۇ نورمال ئەھۋال، ئەمدى كۆنۈپ كېتىسەن، ھەتتا خۇمار بولۇپمۇ قالىسەن، تۇر، ماز پاينەك. لاپچىيىپ

تۇرۇۋەرمەي، مارش! ۋەزىپە ئالدىمىزدا!

— ياق،... مەن ئەمەس،...

— گەپ سېتىپ تۇرۇدىغان ۋاقىت ئەمەس دېدىمۇ، تامام، مارش!

ئونبېشى ئۇنى ئالدىغا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ كىرىپ چىققان ئۆيدە چالا قالغان ئادەملەر بولسا تازىلىۋېتىش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. بۇيرۇق شۇنداق ئىدى. كوماندىرلار ھەر ئۆينى تەكرار تەكشۈرۈشلىرى كېرەك ئىدى.

سەندىرەكلەپ يۈرۈپ كەتكەن جاڭ، سەھەرنىڭ نەمخۇش سوغۇق ھاۋاسىدىن كاللىسى بىر ئاز ئېچىلىپ، تېتىكلىشىپ قالغاندەك بولسىمۇ، ھەر قېتىم ئاشۇ دەھشەتلىك مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە يەنە بىر قېتىم قارا باسقاندەك تەرلەپ كېتەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ مېڭىشلىرى ئەسكەرلەردەك چەبدەس ئەمەس، مەسلەردەك كالامپاي ئىدى. خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆسۈش ھەلەكچىلىكىدە جان-پېنى بىلەن يۈگرەپمۇ كەتمەي، لوپۇلداپ مېڭىپ، يەنە بىر غېرىپ كەپىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ۋەزىپىسىنى يادىغا ئالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆينى ئوققا تۇتمىدى. قورالىنىمۇ بەتلىمىدى. خۇددى گېلى قۇرۇپ، سۇ ئىچىۋالغىلى كىرىۋاتقاندەك، بولۇمسىز ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئېچىپ، بوسۇغىدىن ئاتلىدى.

چۈنكى ئۇ ئەمدى بۇ ئەسكى غېرىۋانە ئۆيلەردە دۈشمەن بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى فاشىستلارغا ئۆلگە بولالىغۇدەك ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق ئىدى. بۇلارنى قىرىپ كىمنى ئازات قىلاتتىكىنە؟ ئۇنىڭ بۇلار ھەققىدە كاللا قاتۇرغىدەكمۇ ھەپىسلىسى قالمىغان ئىدى. ئۇ تامامەن جان ھەلەكچىلىكىدە قېلىش بىلەن، ساراڭ بولۇپ قالماستىن، كۆزگە يامان كۆرۈنۈپ، جازالىنىپ قېلىشتىن قانداق ساقلىنىش، قانداق قىلىپ تىرىك چىقىش ۋە ئەسكەرلىكنى تۈگىتىپ ئۆيگە تىنچ - ئامان بېرىۋېلىش كويىدىلا ئىدى. شۇڭا ئۇ باشقىلار ئاللىقاچان باسقىن قىلىپ بولغان ئۆيلەرگە كىرىپ، يالغاندىن ۋەزىپە ئۆتەپ چىققاندەك بولۇۋېلىشنى كۆزلەيتتى. چۈنكى، بۇ ئېتىشلاردا بۇ يېزىدا يەنە تىرىك جان قالدى دېسە، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيتتى. ئۇنداقكەن، ئۇنىڭ «دۈشمەن» ۋەھىمىسىدە بولۇشىنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئەپلەپ كۆز بوياپ، بۇ ئىشنى تۈگىتىۋالسىلا...

ئۇ ئەنە شۇنداق گاراڭ ھېسلار ئىسكەنجىسىدە ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە دالان ئۆينىڭ سۇپىسىدا ئەر-خوتۇننىڭ تىتىلىپ كەتكەن جەسەتلىرىنى كۆرۈپ، يەنە بىر قېتىم قۇرۇق قەي قىلىپ، ئۈچەي-باغرى يېنىپ چىقىدىغاندەكلا قىينىلىپ كەتتى. بىردىنلا جەسەتلەرنىڭ ئارىسىدا مىدىرلىغان بىرنەرسىنىڭ ھەرىكىتى كۆزىگە چېلىقتى. دەسلەپ قورقۇپ كېتىپ قورالىنى بەتلەي دېدى-يۇ، كېيىن بۇنچە قان ئىچىدە ئۇنىڭغا زىيان سالالىغۇدەك جان قالمايدىغانلىقىنى ئەقلىگە كەلتۈرۈپ، بۇ مىدىرلىغان بەلكىم ئۆينىڭ مۈشۈكىمىكىن، دەپ ئويلاپ، جەسەتنى بىرنى بىر تەرەپكە سىلجىتتى. قولى قانغا بۇلۇنۇپ كېتىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. ئەمما راست دېگەندەك، بىر ئاز كۈنۈكۈپ قېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ يەتتى.

ئىككى جەسەت ئارىلىقىغا قىسىلىۋالغىنى

www.uyghurkitap.com

مۇشۇك ئەمەس، تەم-تەم ماڭغان بىر ئوغۇل بوۋاق ئىدى! بالىنىڭ ئۈستى بېشى قان ئىدىيۇ، ئەمما بۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ قېنى ئىدى. بالا، ئەسكەرگە چەكچىيىپ قارىدى. ئۇ قورقۇپ كېتىپ ئەقلى تورمۇزلىنىپ قالغاندەك، ياكى چالا ئۇيقۇلۇق ھالىتىدىن ئېسىگە كېلەلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قان ئىچىدىن ئاستا ھەرىكەتلەر بىلەن نەچچە مۇدۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەسكەر تەرەپكە ئۈمتۈلدى. بالا ئاللاھ ئاتا قىلغان تۇغما سەزگۈسى بىلەن، ئەسكەرنىڭ زىيانداش ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندەك، كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى. ئەسلىدىمۇ ئارقىمۇ-ئارقا روھىي زەربىلەردىن لەرزىگە كېلىپ، پۈتۈن مەنىۋىيىتى يىمىرىلىپ كەتكەن جاك، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى، بالىنىڭ كىملىكىنى بىردەمگە ئۇنۇتۇپ، خاس ئادىمىيلىك ھېسسى ئىچىدە بالىنىڭ مەسۇمانە ئىنتىلىشىگە چىداپ تۇرالماي، قولىغا ئالدى. بالا ئۇنىڭ بوينىغا مەھكەم يېپىشىۋالدى. سەبى جان، پەرىشتىدەك پاك بوۋاق، كۆز ئالدىدىكىنىڭمۇ ئاشۇ ۋەھشىي ئەسكەرلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلەرمىدى؟

جاك ئاڭسىز ھالدا قولىغا ئېلىۋالغان بالىنىڭ خۇددى دادىسىغا تىۋىنغاندەك مەسۇمانە يېپىشىشى، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن دېگەندەك سەبىي مۆلدۈرلىشىگە بەرداشلىق بەرگۈدەك ھالى قالمىدى. ساراڭ بولايلا دەپ قالدى. بالا بۇ قورقۇنچلۇق ئۆيدىن كېتىشنى، پاتراق تاشقىرىدىكى ساپ ھاۋاغا، سەھەرنىڭ سالقىن ساپ ھاۋاسىغا ئۇلۇشۇۋېلىشنى ئىستىگەندەك، كىچىك پۇتلىرى بىلەن تېپچەكلەيتتى. خۇددى چەۋەندازنىڭ شىپۇر قېقىلغان ئۆتۈكلىرى بىلەن ئاتنىڭ بېقىنىنى ئۆكچىلىگىنىگە ئوخشاش ئۇنى مېڭىشقا ئۈندەيتتى. جاك ئۇنى كۆتۈرۈپ تاشقىرى چىقالارمىدى؟ بۇ ئۆلۈم دېمەك بولاتتى! ۋەھشىيلەرنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق ئىدى. بالىنى قويۇپ قويۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭدا تاغدەك جاسارەت، مىڭ پاتمانلىق كۈچ بولۇشى كېرەك ئىدى. سەبى بوۋاقنىڭ مەسۇمانە ھەرىكەتلىرى يوغان قوي كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان يېشى، ئۆمچۈيۈپ يىغلىشى ئۇنىڭ جاسارىتىنى قۇرۇتۇۋەتكەن، قويۇپ قويۇش قولىدىن كەلمەسلا بولغان ئىدى.

ئۇ چۈش ۋە رېئاللىق ئارىسىدىكى ئاشۇ تۇمانلىق تۇيغۇلار ئەسىرلىكىدە، بالىنى بوينىغا گېرە سالدۇرغان پېتى قاققان قوزۇقتەك پەگادا قېتىپ قالغان ئاشۇ مىنۇتتا تاشقىرىدىن تومۇزدىكى ئىتتەك ھاسىراپ كىرگەن بىرى بۇ ھالنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى.

— ھۇ، ئىتنىڭ بالىسى! —دېگەن ئاۋاز ئۇنى ئەندىكتۈرىۋەتتى. بۇ مۇئاۋىن ئونبېشىنىڭ، ئاتالمىش دوستىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — نېمە قىلىۋاتىسەن ھاماقەت!

جاك ھېچنەرسىگە تىلى كەلمەي ساراڭلاردەك چەكچىيىپ قالغان ئىدى.

ئونبېشىنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقىنى ئۇزاقىچە كاللىسىغا ئولتۇرمىدى. ئۇ خۇددى مىڭلارچە كىلومېتىر ئۇزاقتا سۆزلەيتتى، ئاغزىنىڭ مىدىرلىغىنى كۆرۈنەتتى، ئاۋازى ئۇقۇلمايتتى. خۇددى بىرسى چۈشىدە، كويىقاپتىن گەپ قىلاتتى؛ ئەمما بۇ تىلسىملانغان يەردە ئاۋازلار بەھەيۋەت مەخلۇقلار تەرىپىدىن شورۇلۇپ كېتىلگەچكە مەۋھۇملىشاتتى.

ئاخىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە قەھىرلىك بىر شاپىلاق تەگكەندە ئاندىن ئۇ ئۆزىگە كەلدى.

— ھۇ، يارىماس ئۆلۈك! نېمە قىلىۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن؟ ئۆزەڭنىڭ جېنى تاتلىقمۇ ياكى بۇ كىچىك ئايلامباشنىڭمۇ؟ ئۆزەڭ تاللا! تېز! — دېگەن ۋارقىراش ئەمدىلا ئېنىق ئاڭلاندى، — ياخشىكى مەن كۆرۈپ قالدىم، باشقا بىرسى بولىدىغان بولسا سېنى دەرھال ئېتىپ تاشلىسا ھوقۇقى بار ئىدى. بۇيرۇق يادىڭدا باردۇ؟ ئاغىنىدارچىلىقىمىزنىڭ يۈز-خاتىرىسى بولسۇن، مەن بىلمىگەن بولاي، دەرھال سەپكە يېتىش!

— دېدى ۋە بالىنى تارتقۇشلىدى.

جاڭ ئاڭسىز بىر ھەرىكەت بىلەن بالىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ، ئاۋايلاپقىنا يەرگە قويۇپ، بالىنىڭ مەھكەم پاچىقىنى سىقىمدىۋالغان كىچىك قوللىرىنى ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە ئاجرىتىۋېتىپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. تەبىئىيكى، ئۆزىنىڭ جېنى تېخىمۇ تاتلىق ئىدى!

ئون بېشى ئۆي ئىچىدە قالدى. جاڭ «ئۇ نېمىشكە چىقمايدۇ؟» دېگەندەك قىلىپ، ئىختىيارسىز ئارقىسىغا بۇرۇلغان چېغىدا، ئۆي ئىچىدىن «گۇم!» قىلغان بىر پاي ئوق ئېنىق ئاڭلاندى!

جاڭ جۇنتاۋ ئەمدىلا چىققان ھويلا سىرتىدا دەم كۆتە بولغاندەك ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۆي ئىچىدىن خۇددى بۈيۈك بىر ئىشنى روياپقا چىقىرىۋەتكەندەك، غالىبلىق مەغرۇرلۇقى بىلەن چىقىۋاتقان مۇئاۋىن ئونبېشىنىڭ تاپانچىسىنى غىلابىغا سالغاچ بۇ تەرەپكە كېلىشىگە نەپرەت بىلەن قاراپ، كۆڭلى ئاينىپلا كەتتى. مۇزدەك بىرنەرسە ئىچىنى مۇزلاتقانچە مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. بۇنىڭ ئاشۇ سانسىزلىغان ئوق ئاۋازلىرى ئىچىدىن ئالاھىدە بىلىنگەن، ئۆي ئىچىدىن ئاڭلانغان بىر تال ئوق ئاۋازى تۆپەيلىدىن ياكى سەھەرنىڭ سوغ ھاۋاسىدىن بولغىنىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ كۆتۈرەلمىگۈدەك ھاراق ئىچكەن پىيەنچىكتەك، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، قۇرۇق قەي قىلاتتى. كۆچىنىۋېرىپ ھالى كەتكەن ئىدى. ئاخىرى شارقىرىتىپ قۇسۇۋەتتى!

— ۋاي مازپايىنەك، بوپتۇ، بىرئاز ئېسىڭگە كېلىۋېلىپ ئارقىمىزدىن يەت، سېنى مىجەزى يوق بولۇپ قالدى دەرمەن، ئەمما بۇ ياخشىلىقىمغا چوقۇم جاۋاپ بېرىشىڭ كېرەك!... — شۇنداق دېگەنچە ئۆز سېپى تەرەپكە تېز-تېز قەدەم تاشلاپ كەتتى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، شەرق تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىشى بىلەن، شەرقنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدا قاندەك قىزىللىق كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. خۇددى قان كەلكۈنى ئالەمنى باسىدىغاندەكلا سۈرلۈك، مەھزۇن كۆرۈنەتتى. يەنە جاننى قىيىنغۇچى جىمجىتلىق يۈرتقا ئېتەك يېيىپ، يۈرەكلەرنى مۇجۇماقتا ئىدى. ئەگەر سوقۇۋاتقان يۈرەك قالغان بولسا....

2010 -يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

2002 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى «ئەركىن ئاسىيا» رادىئوسىنىڭ پروگراممىسىدا بارىن ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان سابىق خىتاي ئەسكىرى جاڭ جۇنتاۋ ۋە ئۇنىڭ سىڭىنىسا ئادۋوكاتى زىيارەت قىلىنغان ئىدى. بۇ ھېكايە ئەنە شۇ زىيارەتتە جاڭجۇنتاۋنىڭ دېگەنلىرىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان بولسىمۇ يېزىش ئىشى بۆگۈنگىچە كېچىككەن ئىدى.■

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئابدۇلجېلىل تۇران

# تەقىيۇددىن نەبھانى ۋە «ھىزبۇتتەھرىر ئەلئىسلامىي» نىڭ قۇرۇلۇشى

1953 - يىلى قۇرۇلغان «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي» قىسقا مۇددەت ئىچىدە تونۇلۇپ، پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، ھەرقايسى ئەللەردىكى مۇسۇلمان جامائەتچىلىكىگە مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى. 1990 - يىللاردىن كېيىن يەنى ئۆزبېكىستان قاتارلىق تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارغا تېز تەسىر كۆرسىتىشكە باشلاپ، خېلى يىلدىز تارتتى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىمۇ «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي»نىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئىچىدە بۇ پارتىيە ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسلار پەيدا بولغان. شۇڭا بۇ پارتىيەنىڭ كېلىپچىقىش تارىخى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى، نەدە، قاچان پەيدا بولغان؟ نىمىگە تەشەببۇس قىلىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

تەقىيۇددىن نەبھانى 1905 - يىلى پەلەستىننىڭ شىمال تەرىپىدە دىن - ديانەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى ۋە بوۋىسى يۇسۇپ نەبھانىدىن دەرس ئېلىپ دەسلەپكى ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن،

ئۇلار گۇدەك نەبھانىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام قانۇنى ۋە سىياسىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى سۆھبەتلىرىگە قىزىقتۇراتتى.

تەقىيۇددىن نەبھانى قانۇنشۇناسلىق ۋە ئىسلام ئىلىملىرى بويىچە مەلۇم سەۋىيەگە كەلگەندىن كېيىن، 1928 - يىلى ئىسلام دۇنياسى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم دەرگاھى ھېسابلانغان ئەل ئەزھەر ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇش ئۈچۈن قاھىرىگە كېلىدۇ. ئەزھەردە تۆت يىل ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، پەلەستىنگە قايتىپ كېلىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە قانۇن ئوقۇتقۇچىسى بولىدۇ. 1938 - يىلى ئوقۇتقۇچىلىق مەسلىكىنى تاشلاپ، شەرىئەت مەھكىمەلىرىدىن ئىش ئىزدەيدۇ. چۈنكى تەلىم - تەربىيە سىستېمىسىدە دۈچ كەلگەن ئىمپېرىيالىست كۈچلەرنىڭ تەسىرىدىن نەپرەت قىلاتتى. ئۇ مائارىپ ساھەسىدە ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىمپېرىيالىزمنىڭ ۋە غەربنىڭ قارانىيىتىگە قارشى تۇرۇش روھىنى سىڭدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلاتتى.

تەقىيۇددىن نەبھانىنىڭ ئارزۇ ئۈمىدلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. نەتىجىدە ئالدى بىلەن ھەيپا شەھىرىدىكى شەرىئەت مەھكىمىسىگە كاتىپ، كېيىن مۇئاۋىن قازى بولىدۇ. 1945 - يىلىدىن 1948 - يىلىغا قەدەر رەملە شەھىرىدە شەرىئەت مەھكىمىسىگە قازى بولىدۇ. 1948 - يىلى ئەرەبلەر مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، نەبھانى سۇرىيەگە قاچىدۇ. ئۇ ھەيپادىكى ۋاقتىدا 1940 - يىلى قۇرۇلغان «ئىبتىسام» جەمئىيىتىگە ئەزا بولىدۇ. بۇ جەمئىيەت دىنىي، ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جەمئىيەت ئىدى. كېيىن پەلەستىن ئۇرۇشىغا ئىشتىراك قىلىدىغان ئەسكەرلەرنى تەربىيەلەيدىغان ئىشلارنى ئېلىپ بارىدۇ. نەبھانى بۇ جەمئىيەتنى قۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ رەئىسى مۇھەممەد نىمر ئەل خاتىپنىڭ ۋەكىلى ئىدى.

نەبھانى پەلەستىن ۋە مىسىردىكى دوسلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ۋە مۇزاكىرىلىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسلى ئىززەت - ئابرۇيىغا ئېرىشىشى ۋە ئىسلام ئېتىقادىنى جانلاندۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئىسلامىي ۋە سىياسىي بىر پارتىيە قۇرۇش ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىدۇ. كېيىن نەبھانى مىللەتچىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى پائالىيەتچىلىرىدىن بىرى ئەنۋەر خاتىپنىڭ تەكلىپى بىلەن پەلەستىنگە قايتىپ كېلىدۇ. نەبھانى ئىككىنچى قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئۇممانىدىكى ئىسلام كولىجىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

نەبھانى يېڭى بىر ئىسلامىي پارتىيە قۇرۇش توغرىسىدا ئالىم - ئۆلىما ۋە مەشھۇر كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. 1953 - يىلى «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي» (ئىسلام مۇستەقىللىق پارتىيىسى) نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، تەشۋىقات پائالىيىتىنى باشلايدۇ. پارتىيە باشلىقىغا تەقىيۇددىن نەبھانى سايلىنىدۇ.

1979 - يىلى «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي» بىر ئىسلام ئاساسىي قانۇنى تۈزۈپ، ئۇنى چۈشەندۈرۈپ، ئىزاھلايدىغان بىر مۇقەددىمە يېزىپ، بىر ھەيئەت بىلەن ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى رەئىسى خۇمەينىگە يوللايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي» ئۇممەتنىڭ چىقىش يولى پەقەت ئىسلامدا ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىلاھىي ۋەھيىگە ئاساسەن قۇرۇلۇشىنى تەشەببۇس قىلاتتى.

نەبھانى 1932 - يىلى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 19 - ئەسىردىن بۇيان چېكىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۆلىما تەبىقەسىنى رەت قىلىپ، يېڭى سىياسەت ۋە ئىنقىلابىي ئىسلاھات يولى بىلەن ھوقۇق ئىگىلەش يولىغا قەدەم قويۇش ئۈچۈن پەلەستىنگە قايتقان ئىدى.

ياش ۋاقتىدا ئىززىددىن قەسسام بىلەن بىللە ئىنگلىزلەرگە ۋە يەھۇدىيلارغا قارشى كۈرەش پىلانى تۈزگەن. ئىلگىرى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»غا يېقىن ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى ھەسەن ئەل بەننانى تەقدىرلەيتتى، سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدا سەييىد قۇتۇبنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرەتتى.

1948 - يىلى پەلەستىننىڭ ئىسرائىلىيە تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىشى بىلەن نەبھانى پەلەستىننىڭ ئېنىق پىكىر ۋە تەرتىپلىك سىياسىي پائالىيەت ئارقىلىق مۇستەقىللىققا ئېرىشىشى مۇمكىن دەپ قاراپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى ۋە پروگراممىسىنى تەييارلاشقا كىرىشىدۇ. «پەلەستىننى قۇتقۇزۇش» دېگەن تۇنجى كىتابىدا ئىسلامنىڭ يەتتىنچى ئەسىردىن بۇيان پەلەستىنگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەجنەبىي كۈچلەرگە بويۇن ئەگكەنلىكى ئۈچۈن ئارقىدا قالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

1950 - يىلى ئاۋغۇستتا «رىسالەتۇل ئەرەب» ناملىق بىر كىتابچىسىنى ئىسكەندەرىيەدە توپلانغان ئەرەب بىرلىكى يىغىنىغا سۇنغان. مەزكۇر رىسالىدە ئاساسەن ئەرەبلەرنىڭ ئارزۇ ئۈمىدلىرىنىڭ ئىسلام پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولۇشىنى، شۇنداق بولغاندا ئۇممەتنىڭ پىكرى ۋە سىياسىي جەھەتتىن جانلىنىشىنىڭ مۇمكىن بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەرەب بىرلىكى يىغىنى نەبھانىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، كۆز قاراشلىرىغا ئېتىبارسىز قارىغىنى ئۈچۈن، 1953 - يىلى ئوردانىيە ھاكىمىيىتىگە قاراشلىق شەرقىي قۇددۇستا «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر سىياسىي پارتىيە قۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر نەبھانىنىڭ مەزكۇر پارتىيەنى قۇرۇشىغا 1948 - يىلى ئەرەبلەرنىڭ ئىسرائىلىيە تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى، ياكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ رەھبىرى ھەسەن ئەل بەننانىڭ شەھىد قىلىنىشى سەۋەب بولغان دەپ قارايدۇ.

نەبھانى ئوردانىيە ھۆكۈمىتىگە پارتىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. ئوردانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنگلىز گېنېرالى گلۇبنىڭ تەلىپى بىلەن 1954 - يىلى پارتىيەنىڭ پائالىيىتى چەكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەبھانى لىۋانغا بارىدۇ. 1956 - يىلى پارتىيەنىڭ ئىقتىسادىنى ئۈستىگە ئېلىۋالغان دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ، 1977 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋاپات بولغانغا قەدەر بېيرۇتتا تۈرمىدە ياتىدۇ. نەبھانى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئابدۇلكەرىم زەللۇم پارتىيە باشلىقى بولىدۇ.

«ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي» قۇددۇس، ئەل

خەلىل ۋە نابلۇس قاتارلىق شەھەرلەردە غەيرى رەسمى پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، بىر بۆلۈك توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بولۇپ تونۇلىدۇ.

بۇ پارتىيە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ئۇممەن بايرىقى ئاستىغا بىرلىشىشى لازىم دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باسقۇنچى ھاكىمىيەت ئاستىدا ياشاۋاتقان ۋە غەربنىڭ سىياسىي ئۇستۇنلۇكىنى يىقىندىن ھېس قىلغان مۇسۇلمانلار جامائىتى ئىچىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. بۇ شەھەرلەردىكى ئىسلامىي كىملىك شەكىللەندۇرۇش ئارزۇسىدىكى ياشلار «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي»نىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ. غەربنىڭ كىڭەيمىچىلىك سىياسىتىدىن نارازى بولۇپ، بۇرۇن سوتسىيالىزمغا مايىل بولغان ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سوتسىيالىزمدا چىقىش يولى يوقلۇقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي»غا مايىل بولۇشقا باشلايدۇ. ياۋرۇپادىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە كۆپ ساندىكى كىشىلەر پارتىيەنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمما ھۆكۈمەت ھەر زامان پارتىيەنىڭ پائالىيەتلىرىگە سۇغۇق مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىدۇ. لىۋىيەنىڭ سابىق داھىسى قەددافى ئەرەب مىللەتچىلىكىگە قارشى چىقىپ، ئۇممەتچىلىكنى تەرغىپ قىلدى دەپ «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي»نى غەربنىڭ جاسۇسى دەپ ئەيىبلەيدۇ. پارتىيەنىڭ بىر بۆلۈك ئەزالىرى ئوردانىيە، سۇرىيە، مىسىر، لىۋىيە، تۇنىس ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تۈرمىلىرىگە تاشلىنىدۇ.

«ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي»نىڭ پارتىيە باشلىقى ئەمىر ھېسابلىنىپ، تەبلىغ پائالىيەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ ۋە مۇھىم قارارلارنى چىقىرىدۇ. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى شۆبىلەرنىڭ رەھبەرلىرى باش مەركەز تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ پارتىيە 188 ماددىلىق بىر ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىققان بولۇپ، نەبھانى «ئىسلام نىزامى» ناملىق كىتابىدا، بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ مۇئەييەن بىر دۆلەت ئۈچۈن ئەمەس، ئىسلام دۇنياسىدا قۇرۇلماقچى بولغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى بولۇپ تەتبىقلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن، دەيدۇ.

ئۆزىنىڭ سىياسىي پارتىيە ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي»نىڭ مەقسىتى، خەلىپىلىكنى تىكلەپ، ئىسلامىي ھاكىمىيەت قۇرۇشتۇر. نەبھانىچە، «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (ئال ئىمران سۈرىسى 104 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتتىكى ئىنسانلارنى ئىسلامغا مايىل قىلىش، ئۇلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن چەكلەپ، ئىجرا قىلىۋاتقان ئىشلار ھەققىدە مەسئۇللاردىن ھېساب سوراش ئۈچۈن سىياسىي پارتىيەنىڭ قۇرۇلۇشى تەشەببۇس قىلىنماقتا. ھەتتا «ئۇممەت» كەلىمەسىدىن ئېنىق پارتىيە مەقسەت قىلىنماقتا. نەبھانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتى قۇرغان بىرىنچى كۈندىن

ئېتىبارەن ھاكىمىيەتنى ئىسلام ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرغانلىقىنى، شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەبھانىچە، غەيرى ئىسلامىي پىكىرلەرنىڭ ئاستا - ئاستا ئىسلام دۇنياسىغا تارقىلىۋاتقانلىقىنى، تەلىم - تەربىيە پروگراممىلىرىنىڭ ئىمپېرىيالىست دۆلەتلەرنىڭ خاھىشى بويىچە بولغانلىقىنى، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى مەدەنىي پەرقلەرنىڭ ئېشىپ كېتىشى، خەلق بىلەن ھاكىم كۈچلەرنىڭ توقۇنۇشى، مىللەتچىلىك بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋج ئېلىشى خىلاپەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان باش ئامىل ئىدى. پارتىيە ئۈممەتنى ئىسلامىي بولمىغان ھاكىمىيەتنىڭ ئەسكىرىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتقۇزماقچى ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. ئىسلام دۇنياسىنىڭ قايتا كۈچلىنىشى، مەدەنىي ھەم سىياسىي جەھەتتىن ئىلگىرىلەش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىلەرگە سىياسىي كۆز بىلەن قارىشى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشى لازىم دەپ قارايدۇ.

«ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي»نىڭ تەبلىغ ئۇسۇلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى، بولۇپمۇ مەككە دەۋرىنى ئۈرنەك ئېلىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ دەۋردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش يەنى دارۇل كۇپرىدا (كاپىرلار ھاكىمىيىتىدىكى دۆلەتلەردە) ياشاۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار تۈنجى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىدىن غەيرى ھۆكۈملەر بىلەن ئىدارە قىلىنماقتا. مەككە دەۋرىنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ھەر باسقۇچتا ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللانغان ئىدى دەپ، شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي»مۇ ئۈچ تۈرلۈك ھەرىكەت باسقۇچىنى تاللىۋالغان. بىرىنچى باسقۇچتا ئىنسانلارغا ئايرىم - ئايرىم تەبلىغ قىلىش، ئىككىنچى باسقۇچتا پۈتۈن ئۈممەتكە خىتاپ قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئىسلام ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلامنى ھاياتلىرىنى تەرتىپكە سالغان بىر تۈزۈم دەپ چۈشىنىشى لازىملىقىنى ئاڭلاتماق، ئۈچىنچى باسقۇچتا ئىسلامىي ھۆكۈملەرنىڭ ھاياتقا تەتبىقلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ چاقىرىقىنى دۇنياغا جاكارلايدىغان بىر دۆلەت قۇرۇشتۇر.

«ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي» قۇراللىق كۈرەش بىلەن ياكى پەقەتلا ئىنسانلارغا ئەخلاقىي دەرس بېرىش بىلەن، ياكى ئىسلام دۆلەتلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سىياسىي تۈزۈمگە بويسۇنۇش بىلەن ئەمەلىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ، دەيتتى. ھەر بىر مۇسۇلمان ئىسلام پىرىنسىپلىرىغا كۆرە ياشاشنى مەقسەت قىلىشى لازىم، ئىسلام كاپىتالىزم ۋە كوممۇنىزم ئالدىدا بىر ئىدېئولوگىيەدۇر، ئىسلامغا زىت كەلگەن بۇ ئىدېئولوگىيەنى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن توغرا دېيىش راۋا بولمايدۇ. ئىقتىسادتا ئاساسلىق مەسىلە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەس، بەلكى مال ۋە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتنىڭ تارقىتىلىشىدۇر، مال ساھىبى بولۇش ئىسلام كۆرسەتكەن پىرىنسىپلارغا مۇۋاپىق بولسا،

بۇنىڭدا مەسىلە يوق. قەغەز پۇل ئورنىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش پۇل قوللىنىش لازىم. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتى دارۇلھەرب ۋە دارۇلئىسلام پىرىنسىپىغا ئاساسلىنىشى لازىم. بۇنىڭغا ئاساسەن پۈتۈن مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىر تەن، بىر جاندۇر. باشقا دۆلەتلەر بىلەنكى مۇناسىۋەتلەر دارۇلھەرب پىرىنسىپىغا ئاساسەن بەلگىلىنىشى لازىم. ئامېرىكا، ئەنگىلىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەر بىلەن ھېچقانداق كېلىشىم تۈزمەسلىك، ئەسكىرى بىرلىك قۇرماسلىق لازىم. ئىسرائىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ھەر مىنۇت ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، دۇنيا بانكىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارغا ئەزا بولۇش ۋە ئەرەب بىرلىكىگە ئوخشاش دۆلەت خاراكتېرلىك لاگىر تەشكىللەشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس.

1991 - يىلىدىكى قولتۇق ئۇرۇشىدىن كېيىن، «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي» پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرى بۇ ئۇرۇشنى ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمان داھىلارنىڭ غەربنىڭ غالچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بىر ۋەقە دەپ قاراشتى. ئۇلارچە قولتۇق ئۇرۇشى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

بەزى گۇرۇھلار «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي» ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەر تەلىم - تەربىيەسىز مۇمكىن بولمايدۇ، مەدەنىيلىشىش باسقۇچى دەرھال ئىنقىلابىي بولالمايدۇ دېسە، بەزىلەر پارتىيەنىڭ چۈشەنچىلىرىنى ئۈممەتنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن بىردىنبىر چارە، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر مەقسىتى ئېنىق ئەمەس، ئىسلامغا پايدا ئەمەس، زىيان ئېلىپ كەلگەن دەپ قارايدۇ. يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر «ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي»نىڭ پائالىيىتى ئىسلاھات يولىدىكى بىر تەجرىبىدىن ئىبارەت بولۇپ، كەمچىلىكلىرى بىلەن، ئۇتۇق - نەتىجىلىرى بولغان بولسىمۇ، ئەمدى بۇ باسقۇچ ئاخىرلاشتى، چۈنكى كۆزلىگەن مەقسىتىگە ھازىرغا قەدەر يېتەلمىدى دېيىشىدۇ.

«ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي»نىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي خاراكتېرىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىلا ئەمەس، ئەمەلىيەت جەھەتتىمۇ تەنقىتكە لايىق ئىكەنلىكى، پارتىيە ئوتتۇرىغا قويغان دائىرە ئىچىدىكى شەرتلەردىن كېلىپ چىققان قارشىلىقلارمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.

«ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي» نىڭ پائالىيەتلىرى ئۆز ئىچىدە كەڭ دائىرىلىك سۆھبەت، مەكتەپ، تەشكىلات زاللىرىدا ئۆتكۈزىدىغان چوڭ يىغىنلار، نەشرىيات بۇيۇملىرى، جۈملىدىن نەبھانىنىڭ كىتابلىرى، ئىسلام دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسىي مۇلاھىزىلەر نەشر قىلىنىدىغان كىتابچە ۋە رىسالىلەر، بىر قانچە تىلدا نەشر قىلىنىدىغان «ئەل خىلاپەت» ناملىق ژۇرناللاردىن ئىبارەت.

«ھىزبۇتتەھرىر ئەل ئىسلامىي» ھەققىدىكى بايانىمىز يۇقىرىقىدىن ئىبارەت. ■

مەنبە:

تۈركىيە دىيانەت ۋەقپى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 18 - توم.

سۇھا راجى فارۇقى «ھىزبۇتتەھرىر ۋە خىلاپەت» تۈركچە نەشرى ئىستانبۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەسەن ھۈسەيىن ئادالىئوغلۇ (*)

# سىياسەتنامە كىتابى «قۇتادغۇبىلىك»

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىلجان

## قىسقىچە مەزمۇنى

قۇتادغۇبىلىك 11 ـ ئەسىردىكى قاراخانىيلار دەۋرى تۈرك ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق مىراسى بولۇپ، تۈرك ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى كەڭ ھەجىملىك سىياسەتنامىسىدۇر. قۇتادغۇبىلىك يىلنامە جەھەتتىن ئۆزىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن يېزىلغان سىياسەتنامىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، مەيلى پەلسەپىۋى جەھەتتىن بولمىسۇن مەيلى ئۇسلۇب جەھەتتىن بولمىسۇن، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەزكۇر ئەسەر تۈرك ـ ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇش بىلەن بىرگە، تۈرك ئەدەبىياتى تارىخىي جەھەتتىنلا ئەمەس، تۈرك جەمئىيەتشۇناسلىقى، تۈرك مەدەنىيەت تارىخىي ۋە تۈرك دۆلەت پەلسەپىسى نۇقتىسىدىنمۇ تەتقىق قىلىنىشى كېرەك بولغان مۇھىم تارىخىي ئەسەردۇر. سىياسەتنامىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىران ـ ئىسلام جۇغراپىيەسىدە شەكىللەنگەن پارس سىياسەت ئەنئەنىسى بىلەن ئىسلام پىرىنسىپلىرى مۇجەسسەملەشكەن ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولسا، قۇتادغۇبىلىك تۈرك دۆلەت ۋە سىياسەت ئەنئەنىسىنى روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۇرگەن ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ جەھەتتىن ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگىدۇر. قۇتادغۇبىلىك بىزگە مىڭلارچە يىللىق تۈرك تارىخىدا نۇرغۇن رايون، كىلىمات، دىن، مەدەنىيەت ۋە كۇلتۇر ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئەكسىچە، مەركىزى ئىدىيەسى ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاش بىر جەمئىيەت ۋە دۆلەت چۈشەنچىسىنىڭ ئىزچىل داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاچقۇچلۇق ئىبارىلەر: قۇتادغۇبىلىك، سىياسەت، سىياسەتنامە، دۆلەت پەلسەپىسى

(*) دوتسنت دوكتور. ئەسكىشەھىر ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تارىخ كافېدراسى ئوقۇتقۇچىسى،

(1) مەزكۇر ماقالە ـ 2009يىلى ـ 27 ـ 26 ئۆكتەبىردە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيات تەتقىقات مەركىزى ۋە تۈرك تىل ئورگىنى ھەمكارلىقى ئاستىدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەۋلۇتىنىڭ ـ 990يىللىقىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەسىرى قۇتاتقۇبىلىگ»ناملىق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇپ ئۆتۈلگەن، كېيىنچە تەتقىقاتچى تەرىپىدىن تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ نەشرىياتتا ئېلان قىلىندى.

# مۇقەددىمە

بالاساغۇنلۇق يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن روياپقا چىقىرىلغان قۇتادغۇبىلىك، 11 - ئەسىردىن كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن تۈرك - ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر قىممەتلىك ئەسەر تۈرك ئەدەبىياتى تارىخىي جەھەتتىنلا ئەمەس، تۈرك جەمئىيەتشۇناسلىقى، تۈرك مەدەنىيەت تارىخىي ۋە تۈرك دۆلەت پەلسەپىسى نۇقتىسىدىنمۇ تەتقىق قىلىنىشى كېرەك بولغان مۇھىم تارىخىي ئەسەردۇر. دەرۋەقە، ھازىرغىچە قۇتادغۇبىلىك ئۈستىدە ئەدەبىي، دىنىي، سىياسىي ۋە پەلسەپىۋى جەھەتتىن ئەتراپلىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى.

قۇتادغۇبىلىكنىڭ باش قىسمىغا كېيىن ئىلاۋە قىلىنغان شېئىرىي ۋە نەسرىي تېكىستلەردىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدىكى، بۇ قىممەتلىك كىتاب ئەلنى باشقۇرۇش ۋە سىياسەت كىتابىدۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپ مەزكۇر ئەسىرىدە ھەر خىل تېما ۋە مەسىلىلەر توغرۇلۇق پەلسەپىۋى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقتا مۇناسىۋەتلىك پىكىر ۋە كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق پەندى - نەسىھەتلەر بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئوخشىمىغان سىنىپ ۋە تەبىقىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئورنىنى، ھۆكۈمدارنىڭ بۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى قەيت قىلىدۇ. شۇنداقلا، قۇتادغۇبىلىك بۇرۇنقى دەۋرلەردە شەرقتە داۋاملىق ئۇچرايدىغان ژانىرلار، دەۋرنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرىغا ئەمەلىي تەۋسىيەلەرنى قىلىش ۋە ئادالەتلىك ھاكىمىيەت بەرپا قىلىشنى ئارزۇ قىلىش مەقسىتىدە ئەخلاقىي ھەرىكەتلەرنى تەۋسىيە قىلىدىغان، دۆلەت ئىچىدىكى گۇرۇھلىشىشنى نامايەن قىلىپ بېرىدىغان، تارىخنىڭ تونۇلغان شەخسلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى مىسال سۈپىتىدە بېرىدىغان پەندى - نەسىھەت خاراكتېرلىك سىياسەتنامىلەر (نەسىھەتئۇلمۇلۇك)دىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە قۇرۇلمىغا ئىگىدۇر.

بىز بۇ ماقالىمىزدا ئالدى بىلەن قۇتادغۇبىلىك ئوزۇق ۋە ئىلھام ئالغان مەنبەلەر توغرۇلۇق تەتقىقاتچىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقاراشلىرىغا قاراپ چىققاندىن كېيىن، كۆپ قىسىم تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن سىياسەتنامە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدىغان قۇتادغۇبىلىكتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن يېزىلغان سىياسەتنامىلەرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارغا ئوخشايدىغان ياكى ئۆزىگە خاس تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىمىز.

ئىسلام دۇنياسىدا قۇتادغۇبىلىكتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن يېزىلغان نۇرغۇن سىياسەتنامەنىڭ مەنبەلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، يات مەدەنى- يەتلەرنىڭ تەسىرىنى ئۇچرىتىمىز. ئابباسىيلار ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن باشلاپ پارسچە، ھىندىچە ۋە گرېكچە كىتابلارنىڭ ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ۋە بۇ يول ئارقىلىق ئىران، ھىندى ۋە گرېكنىڭ پەلسەپە، مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ۋە گرامماتىكىغا ئوخشاش تەبئىي پەنلەردىن سىرت، دۆلەت ۋە سىياسەت ئەنئەنىسىگە تەئەللۇق بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنىڭمۇ ئىسلام دۇنياسىغا كىرگەنلىكى

مەلۇم (ئۆلكەن 1935:19).

سىياسەتنامىلەرنىڭ كلاسسىك مەنبەلىرى ئىچىدە ئىران پادىشاھلىرىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىدىغان خۇدايىنامە، مۇراسىمنامىگە ئوخشاش ئەسەرلەر بىلەن، ئاباسىيلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئەلنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بەرمەكىلەر بىلەن ئىبنۇلمۇقەففاغا ئوخشاش پارس مىللىتىدىن بولغان دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە تەجرىبىلىرى، نۇشىرۋان، خۇسرەۋ پەرۋىز، بەھرام گۇر، بۇزۇرگمەھرغا ئوخشاش ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئەخلاق توغرۇلۇق بايان قىلغان ناھايىتى قىممەتلىك سۆزلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. كلاسسىك مەنبەلەر ئىچىدە ھىندى پەيلاسوپ ۋە پادىشاھلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئەخلاقىي ھېكمەتلىرى بىلەن سوقرات، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتىلغا ئوخشاش گرېك پەيلاسوپلىرى، گالېن ۋە ھىپوكراتقا ئوخشاش مېدىتسىنا ئۇستىلىرى، بۈيۈك ئىسكەندەر قاتارلىق رىم ئىمپېراتورلىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ سىياسىي تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇمات ۋە تېكىستلەرمۇ بار. شۇنداقلا يىراق شەرقتىكى ختاي مەدەنىيىتىگە تەۋە پەيلاسوپ ۋە خانلارنىڭ سىياسەت توغرۇلۇق بايان قىلغان قائىدە - پرىنسىپلىرى ۋە تەدبىقلىرى بىلەن ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئەرەب خانلىقلىرىنىڭ ھېكايىلىرى ۋە سىياسىي تەجرىبىلىرىمۇ سىياسەتنامىلەرنىڭ كلاسسىك مەنبەلىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ. نۇرغۇن سىياسەتنامە مۇئەللىپلىرى بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردىن پايدىلانغانلىقلىرىنى تەكىتلىشىدۇ. ئىران خانلىرى، ھىندى ۋە گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ سىياسىي ئەنئەنىلىرى قاتارلىقلار ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىبنۇلمۇقەففا، ئىبنى قۇتەيبە، جاھىز، ماۋەردى، نىزامۇلمۇلك، سەئالىبى، تەرتۇشى، غەززالى، ئىبنۇل ئابدۇ رەببىھ، زەنجانى، شەيزەرىگە ئوخشاش نۇرغۇن سىياسەتنامە مۇئەللىپلىرى ۋە تارىخچىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىلغان. ئەينى دەۋردىكى بۇ ئىلىملەر مۇسۇلمان ئالىملار تەرىپىدىن ئىسلامىي چۈشەنچە بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ سىياسەتنامە ژانىرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەشكىل قىلاتتى (ئادالئوغلۇ2004:3).

## 1 _ قۇتادغۇبىلىكنىڭ مەنبەلىرى ھەققىدە چۈشەنچىلەر

مۇقەددىمە قىسمىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنى-مىزدەك، قۇتادغۇبىلىك پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ۋە سىياسىي پەندى - نەسىھەتلەر ۋە تەۋسىيەلەرنى مەزمۇن قىلغان سىياسەتنامە بولۇش بىلەن بىرگە، قاراخانىيلار مەدەنىيەت مۇھىتىغا تەۋە تۈرك - ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. قۇتادغۇبىلىكنىڭ مەنبەلىرى مەسىلىسىدە تەتقىقاتچىلار تۈرك ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىدىن باشقا يەنە ئوخشىمىغان ۋە ھەر خىل قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرۈشكەن بولۇپ، بۇ كۆزقاراشلار بەكرەك ھىند، ئىران، ختاي ۋە گرېك تەسىرىدە گەۋدىلىنىدۇ. يەنە مەزكۇر قىممەتلىك كىتاب ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلار قۇتادغۇبىلىكتە تەكىتلەنگەن دۆلەت شەكلىنىڭ (پادىشاھلىق، دېموكراتىك)زادى قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدىمۇ ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇشقان (ئارسلان: 1987:20 . دوغان 145_2002:130). بۇ كۆزقاراشلارنىڭ بەزىسى مۇئەللىپنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ياكى ئۇ ئارزۇ قىلغان ئىدىئولوگىيەلىك قۇرۇلمىغا ماسلاشتۇرۇش

مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ سەۋەبتىن قۇتادغۇبىلىكنىڭ مەنبەلىرى ۋە تەشەببۇس قىلغان دۆلەت شەكلى مەسىلىسىدە ئېيتىلغانلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

قۇتادغۇبىلىك ئۈستىدە تۇنجى قېتىم كۆنىمىزدە ھەرپلىرى ۋە تېكىستى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، كېيىنچە تەرجىمىسىنى قىلىپ نەشىر قىلدۇرغان رەشىت رەھمەتى ئارات، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرلىرىگە ئۇچرىغانلىقى توغرۇلۇق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا ئۆمرى يار بەرمەي قالغانىدى (ئىنالجىك: 2000:12). قۇتادغۇبىلىكنىڭ مەنبەلىرى ۋە قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا دەسلەپ غەربلىك تەتقىقاتچىلار ۋە رەشىت رەھمەتى ئارات تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، يەرلىك تەتقىقاتچىلارمۇ ھەر خىل كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

قۇتادغۇبىلىككە تەسىر كۆرسەتكەن مەدەنىيەتلەر نەزەرگە ئېلىنغىنىدا، ئالدى بىلەن بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈف خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋر ۋە مۇھىتتا كەڭ ئومۇملاشقان ئاساسلىق قاراش ۋە ئىدىيەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ناھايىتى تەبىئىيدۇر. ئەسەردە «قۇتاماق» (دۆلەتنى ئىدارە قىلىش) پېئىلىنىڭ يىلتىزىدىكى تۈركچە ئەڭ قەدىمىي سىياسەت ۋە مەدەنىيەت ئېرمىنلىرىدىن بىرى بولغان «قۇت»نىڭ تىلغا ئېلىنىشى ۋە بۇ «قۇت چۈشەنچىسى»نىڭ ئەسەرنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىشى قاتارلىقلار بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇنداقلا، قۇتادغۇبىلىكتە تۈرك فولكلورىغا، تۇراقلىق ئىبارىلەرگە، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتكە تەۋە ئۇقۇملارغا ۋە قەدىمدىكى ئۇلۇغ تۈرك زاتلىرىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە ئورۇن ئاجراتقان (ئەرجىلاسۇن 2003:771). مەسىلەن: مۇئەللىپ نەسىھەت بەرگەندە «تۈرك قومدانى نېمە دەيدۇ، قۇلاق سالغىن!» ياكى «ئۆتۈكەن بېگى نېمە دەيدۇ، قۇلاق سالغىن!» دېگەنگە ئوخشاش سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئەسەردە تۈرك قوماندانى، ئۆتۈكەن بېگى، تۈرك خانى، ئىلكەند بېگى، ياغما بېگى، ئۈچ قوشۇن خانى ياكى ئاجۇن تۇتقۇچى، ئاجۇن ئەلچىسى، بۇدۇن مۇئەككىلى، ئەلچى بەگ قاتارلىق شەخسلەر بەلكىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردىكى ئىنسانلاردۇر.[1] تۈرك ئىكەنلىكى بىلىنگەن بۇ مەۋھۇم ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ بۇ دەۋردىكى تۈرك ئىدىيەسى ۋە چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىمۇ شەكسىزدۇر. يەنە ئەسەردە «تۈركلەرنىڭ ئەپسانىۋى ئەجدادى سانىلىدىغان ۋە ئىرانلىقلار ئافراسىياپ دەپ ئاتايدىغان ئالپ ئەر تۇڭانىڭ تۈرك قەھرىمانى، پەزىلەتلىك ئىنسان ۋە بۈيۈك تۈرك ھۆكۈمدارى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىشى قاتارلىقلارمۇ ئەسەرنىڭ مەنبەلىرى ۋە پەلسەپىۋى مەزمۇنىنىڭ تۈرك مەدەنىيىتى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ (دىلئاچار 29-28:1995). بۇ سەۋەبتىن قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئاساسلىق ئىلھام مەنبەسى تۈرك دۆلەت ۋە سىياسەت چۈشەنچىسىدۇر. دەرۋەقە، قۇتادغۇبىلىكنى تۈرك قانۇن تارىخىي نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلغان مەقسۇدى ئارسال، ھازىرقى زامان تۈركىيە تۈركچىسى بىلەن تۇنجى ئەسىرىنى نەشىر قىلدۇرغان رەشىت رەھمەتى ئارات، تۈرك مەدەنىيەت

---

(1) ھىلمى ئۆزدەن، قۇتاتقۇبىلىگدە ئەخلاق ئۇقۇمى ۋە مېدىتسىنا ئەخلاقىغا قوشقان تۆھپىسى، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، ئىستانبۇل 21:2007، ئەھمەت ب. ئەرجىلاسۇن. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ماقالە: 772.

تارىخىدىكى ئورنى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئىبراھىم كافەسئوغلۇ، قۇتادغۇبىلىككە ئاساسەن قاراخانىلار دۆلەت تەشكىلاتى توغرۇلۇق تەتقىقات ئېلىپ بارغان رەشات گەنچمۇ مۇشۇنداق قارايدۇ (ئەرجىلاسۇن 2003:772).

بۇ ئەھۋال يەنە قۇتادغۇبىلىكتە باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭمۇ تەسىرى يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەردە بايان قىلىنغان سۆز - ئىبارىلىرى ياكى ئەسەردىكى سىمۋوللۇق شەخسلەرنىڭ بايانلىرىدىن ئۇنىڭ سەممىي مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىز بىمالال ھالدا قۇتادغۇبىلىككە تۈرك ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەنگەن تۇنجى مەدەنىيەت ئەسىرىدۇر، دېيەلەيمىز. مەزكۇر كىتابنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدىن بىلىۋېلىشقا بولغىنىدەك، تامامەن ئىسلامىي ئەسەر يېزىش ئۇسلۇبىغا مۇۋاپىق ھالدا قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، ئالدى بىلەن تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەدھىيە ۋە تۆت خەلىپىگە مەدھىيە ئوقۇشقا ئوخشاش مەۋزۇلار ئورۇن ئالىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەسەرنىڭ ئىسلامىي غايە بىلەن يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگىنىدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسلامنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تۈرك مەدەنىيىتىدىن باشقا ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئىككىنچى مۇھىم مەنبەسىدۇر. ئا.بومباجىنىڭمۇ قەيت قىلغىنىدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك مەھسۇللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ (بومباجى 1953:66). دىنىي ئامىل ۋە ئىسلامىي زاھىتلىق ئىدىئولوگىيەسى ئەسەردە قويۇق شەكىلدە گەۋدىلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەزكۇر ئەسەرنى يازغاندا 11 - ئەسىر ئەرەب ۋە ئىران ئەدەبىياتىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان سىياسەتنامە ياكى پەندى - نەسىھاتنامىلەردىن ئۈلگە سۈپىتىدە پايدىلانغانمۇ؟ دېگەن سوئالغا كەلسەك، بۇنداق ئەھۋالنىڭ يوقلۇقى نامايەن بولىدۇ (بومباجى 1953:66). چۈنكى قۇتادغۇبىلىك ئۆزگىچە ئۇسلۇپ سىياسەتنامىدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، قۇتادغۇبىلىكتە قىسمە بولسىمۇ يات مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى بارلىقى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. بەلكىم بۇ تەسىر 11 - ئەسىر تۈرك ۋە ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىگە ئايلانغان ئىلىم ۋە مەلۇماتلاردۇر. بۇ مەدەنىيەتلەردىن بىرى ئىران مەدەنىيىتىدۇر. خەلىل ئىنالجىك قۇتادغۇبىلىكتە قەيت قىلىنغان خۇسۇسلار بىلەن ھىند - ئىران ئەنئەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار، ھەتتا ئۆز ئەينى بولغان مەلۇماتلارمۇ بارلىقىنى بايان قىلىدۇ (ئىنالجىك 2000:12). ئىران ئىسلامنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچراپ، قانداق مۇسۇلمانلاشقان بولسا، ئىراننىڭ قەدىمىي ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرى ئىسلام دەۋرىدىمۇ شۇنداق داۋاملاشقان. بولۇپمۇ، ئىران سىياسەت ئەنئەنىسىنىڭ ئىسلام سىياسەت ئەنئەنىسىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. بىراق، خەلىل ئىنالجىك قۇتادغۇبىلىكتىكى ئىران تەسىرىنى كۆپتۈرمەسلىك كېرەكلىكىنى، چۈنكى تۈركلەر بىلەن ئىراننىڭ قانۇن ۋە سىياسىي ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرى ئوتتۇرىسىدا زور پەرقلەر بارلىقىنى ئەسكەرتكەن، ئىران دۆلەت ئەنئەنىسىدە ھۆكۈمدارنىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتى مۇھىم ئورۇندا

تۈردىغان بولسا، قۇتادغۇبىلىكتە تۈرك دۆلەت چۈشەنچىسىدە ھۆكۈمدارنىڭ «رەزىللىكتىن»خالىي بولۇشى ئۈچۈن، توغرا قانۇنلارنى يولغا قويۇش كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ. قىسقىسى، قۇتادغۇبىلىكتىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى ۋە ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك قابىلىيەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى تۈرك سىياسەت چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ (ئىنالجىك 2000:21، ئەرجىلاسۇن 2003:771). ئىنالجىكتىن كېيىن ئەھمەد جەفەرئوغلۇمۇ قۇتادغۇبىلىكنىڭ تىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئەرەب ۋە ئىران تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭچە، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە تەۋە تۈركچە ئەسەر بولۇش جەھەتتىن قۇتادغۇبىلىك ھەم تېما ھەمدە تىل جەھەتتىن ئەرەب ۋە ئىران تەسىرى ئاستىدا قالغان (جەفەرئوغلۇ 1984:56). بۇ سەۋەبتىن باشقا سىياسەتنامىلەردە بولغىنىدەك، قۇتادغۇبىلىكتىمۇ پارس خانلىرىنىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمان ئوبرازلىرىنى ئۇچرىتىمىز. يۇسۇپ خاس ھاجىپ قۇتادغۇبىلىكتە ياخشى ۋە ناچار ئىنسان ئۈستىدە توختالغاندا، ئىران خانلىرىنىڭ ئەپسانىۋى تارىخى بولغان شاھنامەدىن ئۈزۈندىلەر ئالىدۇ. مەسىلەن، «مەككار دەھھاك نېمىشقا ھاقارەتكە ئۇچرىدى، فەرىدۇن نېمە ئۈچۈن مەدھىيە ۋە ئىقبالغا ئېرىشتى» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىدۇ.[1] يەنە بىر جايدا ئەقىل ئۈستىدە توختىلىپ «روشەن ئەقىل كۆزى بىلەن دۇنيانى يورۇتتى»دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ.[2]

قۇتادغۇبىلىكنىڭ تۈرك مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئىبراھىم كافەس ئوغلۇ بولسا، تۈركلەرنىڭ قەدىمىي ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بىلەن ھىند ـ ئىران چۈشەنچىسى ئوتتۇرىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىشلىق يوقلۇقىنى، ئەسەردە ھىند ـ ئىران تەسىرىنى ئىزدەشنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. نە شاھنامە، نە كەلىلە ۋە دىمنە بىلەن ئوخشىمايدۇ، قابۇسنامە (1082) بىلەنمۇ سىياسەت قارىشى جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. كافەس ئوغلۇ «قۇتادغۇبىلىك بىلەن كەلىلە ۋە دىمنە ياكى قابۇسنامە ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلار ئومۇمىي بولۇپ، سىياسەت نەزەرىيەسىنى زوراۋان كۈچكە ئاساسەن شەكىللەندۈرگەن قەدىمىي گىرېكلارنىڭ پىكرى ئەسەرلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ يېزىلغان ماكياۋېلىنىڭ كىتابىدىمۇ بۇنچىلىك ئوخشاشلىقلار ئۇچرايدۇ.» دەيدۇ (كافەس ئوغلۇ 1980:34).

قۇتادغۇبىلىكتە خىتاي، ھىند ۋە گىرېك مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرى توغرىسىدا ھەر خىل كۆزقاراشلار ئىلگىرى سۈرۈلگەن. يۇسۇپ خاس ھاجىپ قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تۆت سىمۋول ئۈستىگە قۇرۇپ چىققان بولۇپ، بىرىنچىسى كۈنتۇغدى (ھۆكۈمدار)، ئىككىنچىسى ئايتولدى (بەخت)، ئۈچىنچىسى ئۆگدۈلمىش (ئەقىل)، تۆتىنچىسى ئودغۇرمىش (ئاقىۋەت، زاھىت) دىن ئىبارەت (ئۈنلەر 2003:180). قۇتادغۇبىلىك بۇ تۆت سىمۋوللۇق شەخسنىڭ ئۆزئارا دىئالوگلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. قۇتادغۇبىلىكتە يەنە بىر سىمۋوللۇق بايان شەكلى، ھۆكۈمدار كۈنتۇغدىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ تايانچلىرى ۋە ئاساسلىق فونكسىيەلىرىنى بايان قىلغاندا

(1) يۇسۇپ خاس ھاجىپ، قۇتاتقۇبىلىگ، 1998: 241.
(2) يۇسۇپ خاس ھاجىپ، قۇتاتقۇبىلىگ، 1998: 290. بېيت: 6550.

www.uyghurkitap.com

تەسۋىرلەنگەن سەھنىدۇر. بۇ سەھنىدە كۈنتۇغدى بىر كۈنى ئايتولدىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىدۇ. ئۆزى ئۈچ پۇتلۇق بىر تەختتە ئولتۇرىدۇ. قولىدا چوڭ بىر پىچاق تۇتۇپ تۇرىدۇ، سول تەرىپىدە ھىند ئوتى، ئوڭ تەرىپىدە قەنتلەر بار. ئايتولدى بۇنىڭ نېمە مەننىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ۋە نېمىگە سىمۋوللۇق قىلىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئاخىرىدا ھۆكۈمدار بۇ سىمۋوللۇق سەھنىنى ئىزاھلايدۇ. بۇ ئىككى سىمۋوللۇق بايان شەكلىنىڭ ئىلھام مەنبەسىنىڭ قايسى مەدەنىيەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار پەرقلىق كۆزقاراشلارنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنى مەنبە سۈپىتىدە كۆرسەتكەن. بەزىلىرى بۇ سىمۋوللۇق ئۇسۇلنى ھىند دىنلىرىدىكى تەڭرىلەرگە ئوخشاتقان[1]، بەزىلىرى قەدىمىي گىرىك ئالىمىدىكى ئىلاھلارنىڭ تەسۋىرلىرى بىلەن ماس كېلىدىغانلىقىنى (بومباجى 1953:72) ياكى گىرىك پەيلاسوپلىرى ئەپلاتون ۋە ئارىستوتىلدىن ئىلھام ئالغانلىقىنى (دىلئاچار 1995:28)، بەزىلىرى بولسا خىتاي ۋە كۆكتۈرك (كۆڭزىنىڭ) تەسىرىنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىز بۇ يەردە بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايمىز. بىراق، شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، تۈركلەر 10 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا توپ - توپ ھالدا مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىغاندا، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە تونۇشۇپ ئۆز قوينىغا ئېلىپ كىرگەن بەزى مەدەنىيەتلەر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ مەدەنىيەتلەرگە يات ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، تۈركلەر ئىسلامىيەتنى بىۋاستە ئەرەبلەردىن ئەمەس، ئىرانلىقلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن قوبۇل قىلغان بولۇپ، بولۇپمۇ ماۋەرائۇننەھردىكى ئىران مەدەنىيىتى بىلەن ئالاقە ئىچىدە ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي بىلەن 2000 يىللىق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى جەريانىدا ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان. گىرىك پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ چوڭ مىراسچىلىرى ئىسلام پەيلاسوپلىرى بولغان بولۇپ، بولۇپمۇ ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتىل پەلسەپىلىرى، فارابى بىلەن ئىبنى سىنا تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. بىراق، بۇ ئۇچرىشىش ۋە يېقىنلىق قۇتادغۇبىلىكتە بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرلىرىنى ئىسپاتلاشقا يەتمەيدۇ. قۇتادغۇبىلىكتە قەيت قىلىنغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئەخلاق، ئىلىم ۋە بولۇپمۇ دۆلەت چۈشەنچىسىگە مۇناسىۋەتلىك كۆزقاراشلار تامامەن دېگۈدەك قەدىمىي تۈرك ئەنئەنىسىنىڭ ئىپادىلىرىدۇر. قۇتادغۇبىلىكتە ياخشىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاساسى پۈتكۈل دىنلار ۋە ئەخلاقچى پەلسەپىۋى سىستېمىلىرىدا ئۇچرايدىغان دۇنياۋى قائىدە — پرىنسىپلار بولۇپ، ھېچكىمنىڭ خۇسۇسىي نەرسىلىرى ئەمەس (يىلماز 2002:12).

بۇ تېما ئاستىدا قۇتادغۇبىلىك تەشەببۇس قىلىدىغان دۆلەت ئەندىزىسى توغرۇلۇق مۇنۇ خۇلاسىنى چىقىرالايمىز: بۇ مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقاتچىلار ئوخشىمىغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغF قويغان. مەسىلەن، م. ئارسلان كۈنىمىزدىكى ئۆلچەملەر نۇقتىسىدىن قارالغىنىدا، قۇتادغۇبىلىكنىڭ تېئوكراتىك (دىنىنى ئاساس قىلغان ھاكىمىيەت شەكلى) ھاكىمىيەت شەكلىنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، بۇنى يۈسۈپ خاس

(1) م.سۇئات بەرگىلنىڭ قۇتاتقۇبىلىگدىكى ھىند تەسىرى دائىرىسىدە بىلىم ۋە ئوتۇپىيە توغرۇلۇق يازغان تۆت ماقالە بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بىلىم ۋە ئوتۇپىيە، سىنتەبىر (73-72)، 1998، يانۋار (65-64) ماي (58-59)، ئىيۇل (55-54) 1999-سانلىرى. سائادەت چاغاتاي «قۇتاتقۇبىلىگدە ئۆگدۈلمۇش»، تۈرك مەدەنىيىتى 108-97، 1971-1970، 104، 10 (111-95).

ھاجىپنىڭ ھۆكۈمدارغا «شەرىئەت يولىنى تۇتقىن»[1]دېگەن تەۋسىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى بېيىتلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، دۆلەت قانچىلىك تېئوكراتىك بولسا ھۆكۈمدار نە مۇستەبىت، نە دىكتاتور ۋە نە ماكياۋېلىس خان بولمايدۇ. ئۇ ئادىل قانۇن چىقىرىدۇ، نۇرغۇن دانىشمەنلىرى بار، خەلققە ئادىل ۋە مەرھەمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، خەلققە توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان، ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى ئۆگىتىدىغان، ئىلىمنى ھەممىدىن ئەلا كۆرىدىغان ئەخلاق سىمۋولىدۇر (ئارسلان 1987:20). يەنە بىر تەتقىقاتچى قۇتادغۇبىلىك تەشەببۇس قىلغان دۆلەت ئەندىزىسى توغرۇلۇق توختىلىپ، قۇتادغۇبىلىكنىڭ دېموكراتىك ئەندىزە تەشەببۇس قىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىنىڭ لايىقلىق (دىن بىلەن دۆلەت ئىشلىرى ئايرىۋېتىلگەن ھاكىمىيەت شەكلى) ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ (دوغان 2002:142). يەنى ئالدىنقى تەتقىقاتچىنىڭ قارىشىغا زىت قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئەسەرگە قايسى نۇقتىئىنەزەردىن قارالسا شۇنىڭغا مۇۋاپىق تەبىر بېرىلىشتەك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بىز قۇتادغۇبىلىك تەشەببۇس قىلغان دۆلەت ئەندىزىسىنىڭ نامى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئادالەتنى ئاساس قىلىدىغان، ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن قانۇننى توغرا ئىجرا قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان، خەلقنى ھىمايە قىلىدىغان، مەرھەمەتنى ياقلايدىغان دۆلەت ئەندىزىسى تەشەببۇس قىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، خەلقنى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ يېگانە مەقسىتى «ئادالەت» بولۇش كېرەك. ھۆكۈمدار ئادىل قانۇنلارنى بېكىتىپ خەلقنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇش لازىم. ئۇنىڭچە «مەملىكەتتە ئۇزۇن مەزگىل ھۆكۈم سۈرمەكچى بولغان ھۆكۈمدار، قانۇننى ئادىل يولغا قويۇش ۋە خەلقنى مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك. ھۆكۈمدار ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلسا خەلقمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. بىز بۇ دۆلەت ئەندىزىسىنى كۈنىمىزدە «قانۇن دۆلىتى»دەپ ئاتايمىز. دەرۋەقە، ئەسەر ئۈستىدە تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئا. دىلئاچارمۇ مۇشۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ. دىلئاچار بۇ دۆلەت ئەندىزىسىنى كىشىلىك ھەق - ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە قوغدايدىغان بىر ئادىل قانۇنىي تەرتىپ بەرپا قىلىدىغان، قانۇنلارغا رىئايە قىلىدىغان، پۈتكۈل ئىش - ھەرىكەت ۋە ئىشلىرىنى ئالىي سوتنىڭ نازارىتىگە قاراشلىق بولغان دۆلەت، دەپ تەرىپلەپ، قۇتادغۇبىلىكنى قانۇن دۆلىتى ئەندىزىسىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەسەر سۈپىتىدە كۆرىدۇ (دىلئاچار 1995:149).

## 2 - سىياسەتنامىلەرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قۇتادغۇبىلىك

باشتىلا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ قىسىمدا كۆپ سانلىق تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن سىياسەتنامە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان قۇتادغۇبىلىكتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن يېزىلغان سىياسەتنامىلەرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تۇتقا قىلىپ، قۇتادغۇبىلىك بىلەن ئوخشايدىغان ياكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشىمىز.

(1) - يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قۇتاتقۇبىلىگ، 1998، بېيىت: 5552.

قۇتادغۇبىلىكنىڭ لۇغەت مەنىسى بەخت كەلتۈرگۈچى ئىلىم بولسا، تېرمىن مەنىسى سىياسەت ئىلمىدۇر (ئەرجىلاسۇن 2003:764). ھازىرغىچە ئەسەرنىڭ نامى تۈركچە ۋە غەرب تىللىرىغا كۆپ ھاللاردا «بەخت كەلتۈرگۈچى ئىلىم» دەپ تەرجىمە قىلىندى. بىراق، يېقىنقى مەزگىللەردە «قۇت» سۆزى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئېتىمولوگىيەلىك تەتقىقاتلار، بۇ تەرجىمە شەكلىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ تۈركىي تىللار دىۋانىدا ئىزاھلىغان شەكلىگە ئاساسەن «قۇت»نىڭ دۆلەت (ئاتالاي 1998:320) يەنى «سىياسىي ھاكىمىيەت ۋە ئىگىلىك ھوقۇق»مەنىسىدىن بەكرەك، «ھاكىمىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىلىم» ياكى «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىلمى» دېگەن تەرىقىدە تەرجىمە قىلىش، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا تېخىمۇ مۇۋاپىق ئاتاش بولىدىكەن (ئارسلان ـ 33 1987:32).

قۇتادغۇبىلىكنى تارىخىي مۇساپە جەريانىدا تونجى قېتىم ئوقۇغان كىشىدىن ئەسەرنى كۆپەيتىپ مۇقەددىمە قىسمىدىكى نەسرىي ياكى شېئىرىي قىسىملىرىنى يازغان شەرھىيچىلەرگىچە، ھەتتا كۈنىمىزگىچە ئەسەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلارنىڭ كۆپ قىسمى، مەزكۇر ئەسەرنى سىياسەتنامە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىدۇ. ئۆتمۈشتە كىتابقا خىتاينىڭ «ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئەدەب ـ قائىدىسى»، ماچىن ھۆكۈمدارلىرىنىڭ «مەملىكەتنىڭ ئەينىكى»، مەشرىقلىقلارنىڭ «ھۆكۈمدارلارنىڭ زىننىتى» ياكى «ھۆكۈمدارلارغا پەندى ـ نەسىھەت»كە ئوخشاش ناملارنى بېرىشى، ئەسەرنىڭ سىياسەتنامە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، كۈنىمىزدىمۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ ئەسەرنىڭ سىياسەتنامە ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا سىياسەتنامىلەر بىلەن ئورتاق تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلىشىدۇ. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قۇتادغۇبىلىك ئەسىرى بىلەن نىزامۇل مۇلكىنىڭ (ھۆكۈمدارلارنىڭ نىزامى) سىياسەتنامىسىنى سېلىشتۇرۇپ چىققان بىر تەتقىقاتچى، ئىككى ئەسەردە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئوخشاشلىق بارلىقىنى بايقاپ چىققانلىقىنى يازىدۇ (ئۈيدۇ 1992:428).

## ئۇنداقتا سىياسەتنامەنىڭ تەبىرى نېمە؟ سىياسەتنامىلەرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟

ئىسلامىي ئەسەرلەردە دەۋرىنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرىغا قىممەتلىك ۋە ئەمەلىي تەۋسىيەلەرنى بېرىش ۋە ئادالەتلىك ھاكىمىيەت بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان سىياسىي ۋە ئەخلاقىي مەزمۇنلار بولغان ئەسەرلەر، سىياسەتنامە دېيىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى روشەن ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن كاتېگورىيەگە ئايرىغىنىمىزدا، ھەر خىل ئۇسلۇبلار دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بىرىنچىسى، فارابىنىڭ پەزىلەتلىك شەھەر (ئەل مەدىنەتۇل فازىلە) بىلەن فۇسۇلۇل مەدىنە ناملىق ئەسەرلىرىدە بولغىنىدەك، سىياسەت ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتى، پەلسەپىۋى ۋە غايىۋىلىك نۇقتىسىدىن قەلەمگە ئېلىنغان ئەسەرلەردۇر. ئىككىنچىسى، ماۋەردىنىڭ ئەلئەھكامۇسسۇلتانىيەسى، ئىبنى تەيمىييەنىڭ ئەسسىياسەتۇششەرئىيەسىگە ئوخشاش دۆلەت ھوقۇقىنى تېما قىلغان فىقھى كىتابلىرى سىياسەت

ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ، تېما ئۈستىدە ئىسلامنىڭ قارىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئەينى دەۋردىكى سۇلتان، ۋەزىر ۋە دۆلەت ئەربابلىرىغا سىياسەت سەنئىتى توغرۇلۇق ئەمەلىي يول كۆرسەتىدىغان، ئەلنى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا كۆرۈلگەن ئوڭۇشسىزلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن سىياسىي ۋە ئەخلاقىي نەسىھەتلەر بېرىدىغان ئەسەرلەردۇر. بۇ ئەنئەنىنىڭ تۇنجى مىساللىرىنى قەدىمىي ھىند ۋە ئىران مەدەنىيەت دۇنياسىدىكى پەندنامە ۋە سىياسەتنامە ئەسەرلىرىدە ئۇچرىتىمىز. نىزامۇل مۇلكنىڭ سىياسەتنامىسى، كەيكاۋۇسنىڭ قابۇسنامەسى ۋە غەززالىنىڭ نەسىھەتۇل مۇلكىگە ئوخشاش ئەسەرلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى سىياسىي ئىجرائاتلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پىرىنسىپلار بىلەن بۇيرۇلغانلار ۋە تەتبىق قىلىنغانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۆتىدىل يولنى كۆرسىتىپ بېرىشتۇر. كۆپ ئۇچرايدىغان بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ئىران مەدەنىيىتىدە بولسىمۇ، تېمىلار ۋە مەسىلىلەر ئىسلامغا مۇۋاپىق ھالغا كەلتۈرۈلگەن. تۆتىنچىسى، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ تۇرغۇنلۇق ۋە چېكىنىش دەۋرلىرىدە ئومۇمەن پادىشاھ ياكى ۋەزىرلەرنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە قارىتا، قەلەمگە ئېلىنغان ئىسلاھاتنامە ياكى لايىھەلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.[1]

قۇتادغۇبىلىكنى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ژانىرلاردىن سۇلتان، ۋەزىر ۋە دۆلەت ئەربابلىرىغا سىياسەت سەنئىتى مەسىلىسىدە ئەمەلىي يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئەلنى باشقۇرۇشتا كۆرۈلىدىغان ئوڭۇشسىزلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن سىياسىي ۋە ئەخلاقىي پەندى - نەسىھەتلەر بېرىدىغان ئەسەرلەر بىلەن سىياسەت ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتى پەلسەپىۋى ۋە غايىۋىلىك نۇقتىسىدىن قەلەمگە ئېلىنغان ئەسەرلەر كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزسەك بولىدۇ. ئۇسلۇب ۋە مەزمۇن جەھەتتىن خاسلىقتا ئىگە بولغان قۇتادغۇبىلىكنىڭ، ھەر ئىككى شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىمالال ئوتتۇرىغا قويالايمىز.

سىياسەتنامىلەر ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تېما قىلىدىغان ئەسەرلەر بولغانلىقتىن، ھاكىمىيەتنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرىدىغان ھۆكۈمدارلارغا ئاتاپ مەخسۇس يېزىلىدۇ. سىياسەتنامىلەردە ھۆكۈمدارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر ۋە سەلتەنەتنىڭ ئاساسلىرى بايان قىلىنىدۇ. قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئاساسى ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى، يەنى غايىۋى دۆلەتنىڭ، غايىۋى شەخسلەرنىڭ ۋە دۆلەت باشلىقىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى مەسىلىسىدە قەيت قىلىنغان بايانلاردىن تەشكىل تاپىدۇ (دىلئاچار 1995:145). ئەسەردىكى تۆت ئاساسلىق پېرسوناژلاردىن بىرى بولغان كۈنتۇغدى ھۆكۈمدارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ۋەزىر قاتارلىق باشقا مۇھىم دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن ئەخلاق، سىياسەت ۋە دۆلەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە بەس مۇنازىرە قىلىشىدۇ (ئۆنلەر 2003:179). بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىدا، قۇتادغۇبىلىك بىلەن باشقا

(1) -ئەھمەت ئۇغۇر، ئوسمانلى سىياسەت-نامەلىرى، مەدەنىيەت-سەنئەت نەشرىياتى، ۋاقتى يوق، 25-21، مەھمەت ئارسلان، ئوسمانلى دۆلەت ھاكىمىيىتىگە تەۋە سىياسەتنامە ئالاھىدىلىكى بولغان كىچىك رىسالە: گەلىبولۇ ئەلىنىڭ «ھەقايىقۇل ئەقالىم»ناملىق ئەسىرى، ئوسمانلى ئەدەبىيات-تارىخ-مەدەنىيەت ماقالىلىرى، ئىستانبۇل 2000، 430-419، زەنجانى سۇلتانغا نەسىھەتلەر، ئالائەددىن قەيقۇباتقا تەقدىم قىلىنغان سىياسەتنامە، تەييارلىغان ھۈسەيىن ئادالئوغلۇ، يەدىتەپە نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 2005، 12-11.

سىياسەتنامىلەر ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق مەۋجۇت.

سىياسەتنامىلەرگە ئىلھام مەنبەسى بولغان كىلاسسىك مەنبەلەر ئارىسىدا ھىند، ئىران، گىرېك ۋە خىتاي مەدەنىيەتلىرىگە تەئەللۇق بىلىم ۋە تەجرىبىلەر ئورۇن ئالىدۇ. بەزى سىياسەتنامە مۇئەللىپلىرى بۇ مەدەنىيەتلەردىن نەقىللەر ئالغانلىقلىرىنى ئۆزلىرى بايان قىلىشىدۇ. يەنى، سىياسەتنامىلەر ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇچراشقان يات مەدەنىيەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە بىلىم جۇغلانمىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ مەدەنىيەتلەرنى ئىلھام مەنبەسى سۈپىتىدە بايان قىلىشىدۇ (ئادالئوغلۇ 2004:5). قۇتادغۇبىلىك يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ھېچقايسىنى مەنبە سۈپىتىدە ئوچۇق كۆرسەتمەيدۇ. بىراق، ئەسەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلار قۇتادغۇبىلىكتە ئىسلام مەدەنىيىتى بولۇپ ھىند، ئىران، خىتاي ۋە گىرېك تەسىرلىرى بارلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ. قۇتادغۇبىلىكتە قىسمەن بولسىمۇ يات مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرلىرى ئۇچرايدۇ. بىراق، ئىسلام ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان ئىران مەدەنىيىتىدىن باشقا يات مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۇنچىۋىلا ئاسان ئەمەس.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سىياسەتنامىلەر تېمىلارنى ۋە مەسىلىلەرنى قىزىقارلىق ھالەتكە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ھېكايىلەر، كەلىمىلەرنى ئوبرازلىق قىلىش ۋە مەنىسىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تونۇلغان شائىرلاردىن مىسرالار نەقىل قىلىشىدۇ. تارىختىكى داڭلىق ھۆكۈمدار، ھەكىم، پەيلاسوپ ياكى شائىرغا ئوخشاش مۇھىم شەخسلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە ئىش - ئىزلىرىدىن مىسال بېرىدۇ. مەسىلەن، غەرب دۇنياسىدىن ماكېدونىيەلىك پادىشاھ بۈيۈك ئىسكەندەرنىڭ ھاياتى ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىدىن، مەشھۇر تېۋىپلاردىن بولغان گالېن (كالىنۇس)، ھىپوكرات (بۇقرات)تىن ۋە قەدىمىي دەۋردىكى گىرېك پەيلاسوپلىرى سوقرات، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتىلنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ياكى خانلارنىڭ ھېكمەتلىرىدىن نەقىل قىلىدۇ. بەزىلىرىدە ئىران خانلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى، ساراي ۋە ھاكىمىيەت ھاياتلىرى ئۈلگە سۈپىتىدە نەقىل قىلىنىدۇ. بۇ دائىرىدە قۇتادغۇبىلىكتە ئىران خانلىرى نۇشىرۋان، دەھھاك ۋە فەرىدۇننىڭ ناملىرى بىلەن غەرب دۇنياسىغا تەئەللۇق بۈيۈك ئىسكەندەرنىڭ نام - شەرىپى قەيت قىلىنىدۇ.[1] باشقا سىياسەتنامىلەردىمۇ قەيت قىلىنغىنىدەك تۈركلەرنىڭ ئەپسانىۋى بوۋىسى ھېسابلىنىدىغان، ئىرانلىقلار بولسا ئەپراسىياپ دەپ ئاتايدىغان، قەھرىمان توڭانىڭ نامى قۇتادغۇبىلىكتە ئۇچرايدۇ.

سىياسەتنامىلەر تېمىلارنى مۇستەھكەم ئاساسلارنى بەرپا قىلىش مەقسىتىدە تېمىغا مۇناسىۋەتلىك مۇۋاپىق ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى تاللايدۇ. ئارقىدىن ساھابە ياكى ئالىملارنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ، ھەكىملەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن نەقىللەر ئالىدۇ. قۇتادغۇبىلىكتە ئايەت ياكى ھەدىسلەر تېكىست ھالىتىدە زىكىر قىلىنمايدۇ، بىراق، بەزى نەسرى بېيىتلارنىڭ مەنىلىرىنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىدىن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئىلھام ئېلىنغان. قۇتادغۇبىلىكنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە «قۇلاق سالغىن!

(1) يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قۇتاتقۇبىلىگ، 1998، 6548،6550-290-241:بېيتلار.

تەڭرىدىن ئىنسانلارغا خەۋەر ئېلىپ كەلگەن نەبى نېمە دەيدۇ» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ.[1] بۇنىڭدىن باشقا ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نەقلى ئوچۇق بايان قىلىنمىغان. بىراق، بەزى بېيىتلار قۇرئان ياكى ھەدىسلەردىن ئىلھام ئېلىنىپ يېزىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم (قارا 1998: 69-14).

سىياسەتنامىلەرمۇ پۇتكۇل كىلاسسىك ئەسەرلەردە بولغىنىدەك ئاللاھقا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەرگە سالات ۋە سالامدىن كېيىن تەقدىم قىلىنماقچى بولغان ھۆكۈمدارغا مەدھىيەلەر ئوقۇلىدۇ. قۇتادغۇبىلىك بۇ كىلاسسىك ئەنئەنىگە تولىمۇ باپ كېلىدۇ. ئەسەرنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان ۋە كېيىنچە قوشۇلغانلىقى مەلۇم بولغان نەسرىي ۋە شېئىرىي مۇقەددىمىدىن كېيىن «تەڭرىگە مەدھىيە ئېيتىدۇ»، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەدھىيە ئېيتىدۇ»، «تۆت ساھابىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ»، «گۈزەل باھار پەسلىگە ۋە بۈيۈك بۇغرا خانغا مەدھىيە ئېيتىدۇ» تېمىلىرى ئاستىدا مۇقەددىمە يېزىلغان. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئومۇمىي سىياسەتنامىلەر بىلەن قۇتادغۇبىلىك ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق ۋە پاراللېلىق مەۋجۇت.

سىياسەتنامىلەر ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تېما قىلغان پەندى - نەسىھەت ۋە يېتەكچى خاراكتېرلىك ئەسەردۇر. ھۆكۈمدارلارغا، بەگلەر ۋە باشقا ئەمەلدارلارغا كىلاسسىك شەرق ئەنئەنىسى بويىچە بەزى نەزەرىيەۋى تەكلىپ - پىكىرلەر بېرىلىدۇ. ئاساسلىق ئالاھىدىلىك نۇقتىسىدىن بولسا ئەخلاقىي ئەسەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئەخلاق كاتېگورىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولغىنىدەك، ئەدەب كاتېگورىيەسىنىڭمۇ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈمدارلارغا، ۋەزىرلەرگە ۋە دۆلەت ئەربابلىرىغا نەسىھەت قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ نەسىھەتنامە تۈرىگە كىرىدۇ.[2] قۇتادغۇبىلىك بولۇپمۇ 28 - بابىدا «بەگلىككە لايىق بىر بەگنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى» توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ، بىراق، بۇ خىلدىكى نەسىھەت ئۇسلۇبى باشقا بابلاردىمۇ داۋاملىشىدۇ. 29 - بابتا ۋەزىر بولىدىغان كىشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىدۇ. بەگنىڭ يەنى ھۆكۈمدارنىڭ قايسى ئەخلاق - پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى، ۋەزىردە بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئىپادە قىلىدۇ. بەگلىكنىڭ ئاللاھنىڭ تۇغما ئىنئامى ئىكەنلىكىنى، بۇ سەۋەبتىن مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، بەگلەرنىڭ ئەقىللىق، سېخىي، ئىلىملىك، دۇرۇست بولۇشى كېرەكلىكىنىمۇ تەكىتلەيدۇ. ۋەزىرنىڭ يۇقىرى نەسەبلىك جەمەتتىن كېلىشى كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭ تەقۋادار، دۇرۇست، ئەقىللىق ۋە ئىلىملىك، مۇلايىم، ۋاپادار بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.[3] بۇ جەھەتتىن تەھلىل قىلىنغاندا، قۇتادغۇبىلىك پەندى - نەسىھەت خاراكتېرلىك يەنى پەندنامىدۇر.

ئەمەلىي مەقسەتلەرگە مەركەزلەشكەن سىياسەتنامىلەر سىياسەت نەزەرىيەسىدىن بەكرەك سىياسەت سەنئىتى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئەھمىيەتكە ئىگە. قۇتادغۇبىلىكمۇ سىياسەت سەنئىتىدىن سىرت، دۆلەت پەلسەپىسى ۋە

(1) غەززالى، دۆلەت ئەربابلىرىغا نەسىھەت، تەرجىمە ۋە ئىزاھلار، ئوسمان شەكەرجى، سىنان نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1995، 159-53، نىزامۇل-مۇلك، سىيەرۇل مۇلۇك، سىياسەتنامە، تەرجىمە. نۇرەتتىن بايبۇرتلۇگىل، دەرگاھ نەشرىياتى، ئىستانبۇل: 1987: 30.

(2) يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قۇتاتقۇبىلىگ، 1998، 5651 بېيىتلار.

(3) -زەنجانى سۇلتانغا نەسىھەتلەر، ئالائەددىن قەيقۇباتقا تەقدىم قىلىنغان سىياسەتنامە، تەييارلىغان: ھۈسەيىن ئادالئوغلۇ، يەدىتەپە نەشرىياتى، ئىستانبۇل: 2005، 56-55.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىياسىي چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن، سىياسەتنامىلەردە ئادالەت چۈشەنچىسى ئىران دۆلەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، مۇنۇ مەنىگە كېلىدۇ: جىنايەتكە جازا بېرىش ئادالەتتۇر. بىراق، جىنايەتنى كەچۈرۈم قىلىش پەزىلەتتۇر. بۇ نۇقتىدىن كەچۈرۈم قىلغۇچى بولۇش جىنايەتچىنى جازالاشقا قارىغاندا تېخىمۇ پەزىلەتلىك ۋە ئەلادۇر. قۇتادغۇبىلىك بولسا يەنى تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسىدە ئادالەت ھۆكۈمدارنىڭ كەچۈرۈم قىلىشى ئەمەس، قانۇننىڭ توغرا ۋە بىتەرەپ ھالدا يولغا قويۇلۇشىدۇر.[1] شۇڭلاشقا قانۇننىڭ ئۈستۈنلۈكى پرىنسىپى ئاساس قىلىنغان. قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىسى باشقا سىياسەتنامىلەردىن پەرقلىق ھالدا دۆلەت پەلسەپىسى ۋە سىياسىي چۈشەنچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشىدۇر.

سىياسەتنامىلەرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ئەخلاقىي خاراكتېردە بولغانلىقتىن ۋە ئەخلاقنىڭ مەنبەسىمۇ دىن بولغانلىقتىن، دىنىي تېمىلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى، ئېتىقاد ئاساسلىرى ۋە ئاخىرەت ھاياتى، جەننەتكە مايىل قىلىش ۋە دوزاختىن ساقلىنىشقا ئوخشاش مەسىلىلەردە مۇستەقىل بۆلۈملەر ئورۇن ئالىدۇ. دۇنيا ھاياتىنىڭ ئۆتكۈنچىلىكى، ئاخىرەتنىڭ ئەبەدىيلىكىدىن ئىبارەت ئېتىقادنىڭ تەقەززاسى بويىچە دۇنياغا كۆپ بېرىلمەسلىك، ئۇنىڭ مەئىشەتلىرىگە غەرق بولماسلىق ۋە ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئەڭ كۆپ تەكىتلەنگەن تېمىلاردۇر.[2] قۇتادغۇبىلىكمۇ ئاللاھنىڭ نام ۋە سۈپەتلىرى ھەم ئۇ دەۋردە ئىشلىتىلگەن تەرىقىدە مەڭگۈ (ئەبەدىي)، ئىدى (ئىگەم، رەب)، بايات (قەدىم)گە ئوخشاش، ھەمدە ئىسلامىي تېرمىنلار بولغان كەرىم، خالىق، باقى ۋە رەب قاتارلىقلار كەڭ ئىشلىتىلگەن. ئوخشاشلا جەننەت (ئۇچماق) ۋە دوزاخ (تامۇ)دېگەن ئۇقۇملارمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردىكى شەكىللىرى بىلەن ئىشلىتىلگەن. قۇتادغۇبىلىكتىمۇ دۇنياغا ھاياتىدىن بەكرەك زاھىتلىق ۋە تەقۋالىق تەرغىب قىلىنىدۇ. بىراق، ھۆكۈمدار بىلەن ئەقىلگە سىمۋول قىلىنغان ئۆگدۈلمۈش ۋە ئاقىۋىتى، زاھىتلىققا سىمۋول قىلىنغان ئودغۇرمۇش ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن دىئالوگلاردا، ئۆگدۈلمۈش يەنى ئەقىل، ئودغۇرمۇشنى يەنى زاھىتلىقنى ھۆكۈمدارغا خىزمەت قىلىشقا قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئارقىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوماندان، ئىشىك باقار، ئەلچى، كاتىپ ۋە خەزىنىدارغا ئوخشاش دۆلەت خادىملىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى بايان قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل سىياسەتنامىلەر دۆلەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە ئوڭۇشلۇق باشقۇرۇلۇشى ئۈچۈن بۇ مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

سىياسەتنامىلەردە دۆلەت خەزىنىسىنى قوغداش، باج ئېلىش ۋە ھەربىي مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش توغرۇلۇق تەۋسىيە ۋە تەكلىپلەر ئورۇن ئالىدۇ. ئوخشاشلا، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ، دېھقان، ھۈنەرۋەر ۋە مەمۇرلارنى قوغداپ نازارەت قىلىش توغرۇلۇق تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلەر بايان قىلىنىدۇ.

(1) يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قۇتاتقۇبىلىگ، 1998، 146

(2) يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قۇتاتقۇبىلىگ، 1998، 2179، تەييارلىغان: ئىنالجىك، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ماقالە: 21.

قۇتادغۇبىلىكتىمۇ بۇ كەسىپلەر توغرۇلۇق تەكلىپ - تەۋسىيەلەر تەقدىم قىلىنىدۇ.[1]

سىياسەتنامىلەر دۆلەتنى ۋە ئەلنى ئىدارە قىلىشتا ھۆكۈمدارغا ياردەم قىلىدىغان ۋەزىر ۋە باشقا دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ سۈپەتلىرى توغرۇلۇق تەكلىپ - پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قۇتادغۇبىلىكتە ئۆگدۈلمىش «بەگلەرگە ۋەزىر بولىدىغان كىشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى دەيدۇ» تېمىسى ئاستىدا ۋەزىرنىڭ مۇھىملىقى ۋە ۋەزىردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق - پەزىلەتلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ.[2] مەسىلەن، قۇتادغۇبىلىكنىڭ 58 - بابىدا ئىلىم ئەھلىلىرى، ھېكىملەر، سېھىرگەرلەر، چۈش تەبىرچىلىرى، مۇنەججىملەر، شائىرلار، دېھقانلار، چارۋىچىلار، ئۇستىلار ۋە پېقىرلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەۋسىيەلەر بار.

قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى دەۋرىنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن سىياسەت كىتابى بولۇشىدۇر. مەلۇمكى، قەدىمكى تۈركلەردە ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى، ھۆكۈمداردا تەڭرى ئىنئامى بولغان بەزى سۈپەتلەرنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان چۈشەنچىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئەلنى ئىدارە قىلىش ھەققى ھۆكۈمدارغا تەڭرى تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان.[3] بۇ چۈشەنچە كېيىنچە ئىسلام خەلىپىسى ياكى ئۇنىڭغا تەۋە ھۆكۈمدارلارنى «ئاللاھنىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى» (ھىتتى 1989:488) دېگەن تەرىقىدە سۈپەتلەيدىغان چۈشەنچە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سىياسەتنامىلەرنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تۈرك ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلىشىدە يېگانە مەنبە قۇتادغۇبىلىك بولغان.

سىياسەتنامىلەر ياخشى ھاكىمىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن بولۇشقا تېگىشلىك پىرىنسىپلارنى تۆت ئاساسلىق تېما دائىرىسىدە بايان قىلىدۇ. بۇلار ئادالەت، قابىللىق، لاياقەت ۋە مەسلىھەتتىن ئىبارەت. بۇ ئاساسلىق پىرىنسىپلار توغرۇلۇق قۇتادغۇبىلىكتە ئونلارچە بېيىت ئۇچرايدۇ.

قۇتادغۇبىلىك 11 - ئەسىردىكى قاراخانىيلار دەۋرىدە تۈرك - ئىسلام مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ئورتاق مەھسۇلى بولۇپ، ئىسلامىي دەۋر تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى شېئىرى سىياسەتنامىسىدۇر. قۇتادغۇبىلىكتە ئۆزىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن يېزىلغان سىياسەتنامىلەردىن مەيلى پەلسەپىۋى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئۇسلۇب جەھەتتىن بولسۇن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگىدۇر. ئەينى دەۋردە ئەرەبچە ياكى پارسچە يېزىلغان سىياسەتنامىلەر ۋە پەندىنامە ژانىرىدىكى ئەسەرلەر بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نەسرىي ئەسەرلەردۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قۇتادغۇبىلىككە ئۈلگە بولالايدىغان ھەر قانداق بىر شېئىرىي ئەسەر يوق. بەلكىم، مەيلى نام جەھەتتىن بولسۇن مەيلى ماۋزۇ جەھەتتىن بولسۇن قۇتادغۇبىلىككە ئوخشايدىغان ناسىر خۇسراۋنىڭ سائادەتنامەنىڭ ئۈلگە بولۇش ئېھتىمالى بار (بومباجى 1953:66). بىراق، بۇ كىچىك ھەجىملىك ئەسەرنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئۈلگە بولالىشى گۇمانلىقتۇر. بۇ سەۋەبتىن قۇتاتقۇبىلىك ئەدەبىي جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە چوڭ ھەجىملىك ئەسەردۇر.

(1) -زەنجانى، يۇقىردا قەيت قىلىنغان ئەسەر، 56.
(2) يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قۇتاتقۇبىلىگ، 1998، 22681-2181
(3) زەنجانى، يۇقىردا قەيت قىلىنغان ئەسەر، 72-69

قۇتادغۇبىلىكنىڭ تەمسىلىي تەرىقىدە يېزىلىشىمۇ ئۇنى ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكتۇر. چۈنكى ئىسلامىي ئەسەرلەردە قۇتادغۇبىلىكتىن ئىلگىرى بۇ ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان سىياسەتنامىلەر ئۇچرىمايدۇ (بومباجى 1953 : 67). بۇ جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگىدۇر.

سىياسەتنامىلەرنىڭ دائىرىسى ئىران - ئىسلام جۇغراپىيەسىدە شەكىللەنگەن پارس سىياسەت ئەنئەنىسى بىلەن ئىسلام پرىنسىپلىرىنىڭ مۇجەسسەملەنگەن شەكىللىرى بولسىمۇ، قۇتادغۇبىلىك، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا تۈرك دۆلەت ۋە سىياسەت ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ باشقا ئەسەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

قۇتادغۇبىلىك بىزگە مىڭلارچە يىللىق تۈرك تارىخىدا نۇرغۇن رايون، كىلىمات، دىن، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئەكسىچە، ئاساسلىق يۆنىلىشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆزگەرمەي كەلگەن بىر جەمئىيەت ۋە دۆلەت چۈشەنچىسىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز بۇ ئاساسلىق يۆنىلىشنى ۋە مەلۇم چۈشەنچىنى ھۆكۈمدارلارغا، دۆلەت ئەربابلىرىغا ۋە خەلققە ئەخلاق ۋە سىياسەت ئۆگىتىش ئۈچۈن يېزىلغان ۋە ئەسىرلەرچە ھۆكۈمدارلار ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئاساسلىق يېتەكچى قوللانمىسى بولغان سىياسەتنامىلەردە ئۇچرىتىمىز. قۇتادغۇبىلىك بارلىق سىياسەتنامىلەر، ئوتتۇرا دەۋر شەرق خەلقلىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئەنئەنىلىرىنى، ئىدىيەلىرىنى ۋە پەلسەپىلىرىنى چۈشىنىش جەھەتتىن قانچىلىك مۇھىم بولسا، سىياسەت جەمئىيەتشۇناسلىقى جەھەتتىنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ھۆججەتلەردۇر.■

## پايدىلانمىلار


ADALIOĞLU, Hasan Hüseyin (2004), “Siyaset-nâmelerin Klasik Kaynakları” , Osmangazi Üniver-sitesi Sosyal Bilimler Enstitüsü Dergisi, C. 5, S 2, Aralık. (1-21)

ARSLAN, Mahmud (1987), Kutadgu-Bilig’deki Toplum ve Devlet Anlayışı, İstanbul, İstanbul Üniversitesi Edebiyat Fakültesi Yay. No. 3414.

ARSLAN, Mehmet (2000), Osmanlı Devlet Yönetimine Ait Siyasetnâme

Özelliği Taşıyan Küçük Bir Risale: Gelibolulu Âli’nin “Hakâyiku’l-Ekâlim” Adlı Eseri, Osmanlı Edebiyat-Tarih-Kültür Makaleleri, İstanbul, Kitabevi Yay.

BERGİL, M. Suat, “Kutadgu Bilig’deki Hint Etkisi” Bilim ve Ütopya, Eylül (s.1998 ,(72-73 . Ocak, (s. 64-65) Mayıs (s. 58-59), Temmuz (s. 54-55) 1999 sayıları.

BOMBACİ, Alessio (1953), “Kutadgu Bilig Hakında Bazı Mülahazalar”, 60. Doğum Yılı Münasebetiyle Fuad Köprülü Armağanı, İstanbul, Dil ve Tarih-Coğrafya Fakültesi Neşri.

CAFEROĞLU, Ahmet (1984), Türk Dili Tarihi I-II, İstanbul.

ÇAĞATAY, Saadet (1970-1971), “Kutadgu Bilig’de Ögdülmiş”, Türk Kültürü, S. 97-108, 1970-1971 (95-

111)

DİLAÇAR, Agop (1995), Kutdgu Bilig Üzerinde Çalışmalar, Ankara, TDK Yay.

DOĞAN, Nejat (2002), "Kutadgu Bilig'in Devlet Felsefesi", Erciyes Üniversitesi Sosyal Bilimler Dergisi, S.12, Bahar. (127-158).

ERCİLASUN, Ahmet B. (2003), "İlk Müslüman Türk Devletlerinde Dil ve

Edebiyat", Türkler, C. 5. Ankara, Yeni Türkiye Yay., (759-783).

GAZZÂLÎ, Nasîhâtü'l-mülûk (Devlet Başkanlarına Nasihatler),Tercüme ve İzahlar, Osman Şekerci, İstanbul 1995, Sinan Yay.

HİTTİ, Philip K. (1989), Siyasi ve Kültürel İslam Tarihi I-IV, çev. Salih Tuğ, C. I-IV, İstanbul, Boğaziçi Yay.

İNALCIK, Halil (2000), "Kutadgu Bilig'de Türk ve İran Siyaset Nazariye ve Gelenekleri" Osmanlı'da Devlet, Hukuk, Adalet, İstanbul, Eren Yay.

KAFESOĞLU, İbrahim (1980), Kutadgu Bilig ve Kültür Tarihimizdeki Yeri, İstanbul, Kültür Bakanlığı Yay.: 368.

TÜRKİYAT ARAŞTIRMALARI DERGİSİ 253.

KARA, Mehmet (1998), Bir Başka Açıdan Kutadgu Bilig, Ankara, Kültür Bakanlığı Yay.: 2031.

KAŞGARLI Mahmud (1998), Divânü Lügâti't-Türk, Çeviren Besim Atalay, C. I, 4. baskı, Ankara, TDK Yay.

Nizâmü'l-Mülk (1987), Siyeru'l-mülûk, Siyasetnâme, terc. Nurettin Bayburtlugil, İstanbul, Dergâh Yay.

ÖNLER, Zafer (2003), "Kutadgu Bilig'de İktidar Kavramı ve Siyaset Anlayışı", Türkler, C. 4, Ankara, Yeni Türkiye Yay., (179-186)

ÖZDEN, Hilmi (2007), Kutadgu Bilig'te Ahlak Kavramı ve Tıp Etiğine Katkısı, İstanbul, Ötüken Neşriyat.

ROSENTHAL, Erwin I. J. (1996), Political Tought in Medieval Islam, çev. Ali Çaksu, İstanbul, İz Yay.

UĞUR, Ahmet (?), Osmanlı Siyaset-nâmeleri, Kültür ve Sanat Yay.

UYDU, Mualla (1992), "Yusuf Has Hacib'in Kutadgu Bilig'i ile Nizamü'lmülk'ün Siyasetnâme'sinin Karşılaştırılması", Türk Kültürü, S. 351, yıl XXX, Temmuz. (428-436)

ÜLKEN, Hilmi Z. (1935), Uyanış Döneminde Tercümenin Rolü, İstanbul, Ülken Yay.

YILMAZ, Gökhan (2002), "Yusuf Has Hacib ve Kutadgu Bilig Hakkında Ön Bilgi", Kutadgu Bilig, Felsefe-Bilim Araştırmaları Dergisi, S. 1, Ocak. (9-13)

Yusuf Has Hâcib (2007), Kutadgu Bilig I, Metin, Reşit Rahmeti Arat, 5. Baskı, Ankara, TDK Yay.

Yusuf Has Hacib, Kutadgu Bilig (1998), .çev. Reşit Rahmeti Arat, 7. Baskı, Ankara, TTK Yay.

Yusuf Has Hâcib, Kutadgu Bilig III (1979), Reşit Rahmeti Arat, İndeks, Haz. Kemal Eraslan-Osman F. Sertkaya- Nuri Yüce, İstanbul, Türk Kültürünü Araştırma Enstitüsü.

Zencânî Sultana Öğütler, Alaeddin Keykubat'a Sunulan Siyasetnâme, haz. H. Hüseyin Adalıoğlu, İstanbul, 2005, Yeditepe Yay.

www.uyghurkitap.com

ئەمىن ۋاھىدى

# ئەسلەمە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلجېلىل تۇران

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن مىللىي ئىنقىلاب تارىخى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان ئەسلىمىلەردىن ئەمىن ۋاھىدىنىڭ مەزكۇر ئەسلىمىسىنىڭ تارىخى ۋەقەلىكى چىن، ئىنقىلاب رەھبەرلىرىگە بەرگەن باھاسىنىڭ ھەققانىي، بىر تەرەپ ۋە لىللا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەڭ مۇھىم ۋە تارىخى قىممىتى ئەڭ يۇقىرى ئەسلىمىلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەزكۇر ئەسلىمىدە نۇرغۇن ئىبرەتلىك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىك شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئېڭىدا دىنىي قېرىنداشىمىز دەپ قارالغان تۇڭگانلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرى ئېچىپ تاشلىنىپ، ئۇلارغا لەنەت ۋە نەپرەت بىلدۈرۈلىدۇ ھەمدە 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا مۇناپىق تۇڭگانلادىن باشقا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەركىبىدە غەربىي تۈركىستاندىن ئېقىپ كەلگەن، كېلىپ چىقىشى تازا ئېنىق ئەمەس بىر ئۇچۇم كىشىلەرنىڭ ئورۇن ئالغانلىقىدىن بولغانلىقى، بۇندىن كېيىن قۇرۇلغۇسى ھۆكۈمەت تەركىبىنىڭ پاكىزە، ساغلام بولۇشى كېرەكلىكى سەمىمىيەت بىلەن ئالاھىدە ئەسكەرتىلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازما نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان بۇ تارىخي ئەسلىمە، 1938 ـ يىلى پاكىستاننىڭ لاھور شەھىرىدە يېزىلغان بولۇپ، لاھوردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، كۆپەيتىپ تارقىتىلغان. مەزكۇر قول يازما 63 بەتتىن تەكىب تاپقان بولۇپ، ئەسلىمنى كۆچۈرگۈچىنىڭ بىر كىشى ئەمەسلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

مەزكۇر ئەسلىمىدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن مىللىي ئىنقىلاب تارىخى ھەققىدە سىستېمىلىق ۋە ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ مىللىي ئىنقىلاب تارىخى قىسمىنى يېزىشتا ئەمىن ۋاھىدىنىڭ مۇشۇ ئەسلىمىسىدىن كۆپ پايدىلانغان.

مۇئەللىپنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، ئەمىن ۋاھىدى شەرقىي تۈركىستاننىڭ لوپنۇر ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1900 - يىللىرى ئەتراپىدا دۇنياغا كەلگەنلىكى، ئالدى بىلەن تۇرپاندا ھەمدۇللاھ ئەلەم ئاخۇنۇم ۋە ئابدۇللاھ داموللام قولىدا ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى، كېيىن ھىندىستاندا، ئۇندىن كېيىن ئىسلامىيەت دۇنياسى بويىچە ئەڭ داڭلىق ئىلىم يۇرتى — قاھىرەدىكى ئەلئەزھەر ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغانلىقى، 1934 - يىللىرى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلغانلىقى، 1946 - يىلى لوپنۇرغا ھاكىم بولغانلىقى، 1949 - يىلى قىزىل خىتاي ئارمىيىسى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كېلىش ئالدىدا ئىككىنچى قېتىم ھىجرەت قىلىپ قاراقۇرۇم يولى بىلەن تىبەتكە قاراپ ماڭغانلىقى، 1950 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يولۋاسنىڭ خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بىر بۆلۈك قازاقلار بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، نەرسە - كېرەكلىرى بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتقا ئېرىشتۇق.

بۇ ئەسەر شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن كۆپەيتىپ تارقىتىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ باش بېتىگە:

«1931 - يىلىدا باشلانغان مىللى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى خاتىرىلەنگىنى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئىسمى «ئەسلەتمە» بولۇشى مۇناسىپ كۆرۈلدى. ئۈمىدىمىز شۇكى، خەلقىمىز 1931 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە داۋام قىلغان مىللىي ئىنقىلابىمىز جەريانىدا شەھىد بولغان مۇجاھىدلىرىمىزنى ئەسلەپ، ئۇلارنىڭ پاك روھلىرىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغاي!» دەپ يېزىلغان.

ئەسەرنى ئەسلىگە سادىق بولۇش پىرىنسىپىدا نەشرگە تەييارلاپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىگە سۇندۇق.

2010 - 7 - ئاي ئىستانبۇل

# ئەسلەتمە

ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز مىللىتىنى تونۇشى ياراتقان خالىقىنى تونۇشى دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەقسەتكە كېلىشتىن بۇرۇن مىللىتىمىز ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

دۇنيادىكى بۈيۈك مىللەتلەردىن بىرى قەدىمىي مەدەنىيەت ۋە پەتىھلەرگە ئىگە بۈيۈك تۈرك مىللىتىنىڭ بىر پارچىسى بىز ئۇيغۇر تۈركلىرىدۇرمىز. بىزنىڭ ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندۇر. بۇ زېمىن يارىتىلغاندا «تۈركىستان» دەپ يارىتىلغىنى ئۈچۈن، قىيامەتكىچە تۈركىستان بولۇپ تۇرۇشى كېرەك. دۈشمەنلىرىمىزنىڭ تۈركىستان ھەققىدىكى، خەلقىمىز ھەققىدىكى ساختىكارلىقلىرى بىھۇدەدۇر، ۋاقىتلىقتۇر. يۇرتىمىز بولسا ئۇنىڭدىن پاكتۇر.

يۇرتىمىزنىڭ ئىستىلا قىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئاسارەت زەنجىرىگە بوغۇلغانلىقىغا 65 يىلغا يېقىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىت بولدى[1]. ئۇ ۋاقىتتا ۋەتىنىمىزنى ئىستىلا قىلغانلار خىتايلاشقان مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى بولۇپ، مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى خىتايلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، چىن جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ تۈركىستان تامامەن خىتاي ئاسارىتىگە مەھكۇم بولدى.

چىنلىقلار تارىخ كىتابلىرىدا، بىز تۈركلەرنى (ئۇيغۇرلارنى) ئىستىلاچىلار، باسمىچىلار دەپ ھەردائىم يۇرتىنىڭ ئەمىن بولالماسلىقىدىن شىكايەت قىلىپ، يۇرتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ياكى قىلالماسلىق خەۋپىدە بولۇپ، مەشھۇر «سەددى چىن» نى سوققان ھالدا، ئەجەبا، بىزلىرىمىز، بىزنى چىننىڭ ئىككى مىڭ يىل ئىدارە قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ يۈرىدۇ. ۋەھالەنكى چىنغا ئۆزۈن يىل پايتەخت بولغان مەشھۇر بېيجىڭ شەھىرىنى بىز تۈركلەرنىڭ بىنا قىلغانلىقىدا ھېچقانداق شۈبھە يوقتۇر.

بىزنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى مەھكۇملۇقتا قالغانلىقىمىزنى ۋە بۈگۈنكى كۈندە يۇرتىمىزنىڭ دۈشمەن قولىدا بولۇپ، پاجىئەلىك بىر ھالەتتە تۇرغانلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز. ئەمما بۇ ئاتمىش يىللىق ئاسارىتىمىز جەريانىدا چىنغا قارشى قوزغىلىشىمىز، ئۇ يولدا بەرگەن قۇربانلىرىمىزنى، خەلقىمىزنىڭ ئىستىلاچىلارغا بولغان نەپرىتىنى، چىنلىقلارنىڭ يۇرتىمىزنى، ئۇلۇسىمىزنى ئۆزلەشتۈرۈش يەنى چىنلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنى رەت قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمىگەنلىكى، ئازرۇلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، ئەجنەبىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكى بولماي نېمە؟

چىن جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ تۈركىستاندا ھۆكۈمەت بېشىغا چىقىۋالغان ئەبلەخ ياڭ زېڭشىڭدۇر. بۇ ياڭ تۈركىستانغا 14 يىل ھاكىم بولدى. بۇنىڭ ھاكىملىق دەۋردە يۇرتىمىزغا كەلتۈرگەن ۋەھشى ئىستىبداتلىرىنى ئازراق ئەسلەپ ئۆتىمىز.

ياڭ تۈركىستاننىڭ ھاكىملىقىغا ئېرىشىپ بولۇپلا، ئالدى بىلەن تۈركىستان خەلقىنى يوق قىلىشقا كىرىشتى. يوق قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي تۈركىستاننىڭ پارلاق ئەۋلادلىرىغا مىڭ تۈرلۈك بوھتانلارنى چاپلىدى. مەسىلەن، دىنسىز، ئۇنداق يا بۇنداق دەپ ئەيىبلەپ خەلقىمىزنى نەپرەتلەندۈردى. تەپارتماستىن ئۆلتۈردى. خەلقىمىزنى ئىمكانقەدەر مەدەنىيەتتىن، مائارىپتىن يىراق تۇتتى. دېمەك، پۈتۈن تۈركىستاندا بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپ، بىرەر مەتبەئە قۇرۇش قەتئىي چەكلەنگەن بولۇپ، بولسا ئىكەن دەپ سۆزلەشمۇ ئېغىر جىنايەت ھېسابلىناتتى.

تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان بىرەر مۇساپىرنىڭ يۇرتىمىزدا تۇرۇپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. مەجبۇرى كىرىپ قالغانلارنى تۈركىستان خەلقىگە مىللىي تۇيغۇ سىڭىپ قويمىسۇن، دەپ توختاتماي قوغلاپ چىقىراتتى.

ئۇ ياڭ تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادىغا ئۆزى ھاكىم بولغان دەۋردە تۈركىستاننى غايەت يامان بىر ھالغا كەلتۈردى. دېمەك، قەغەز، لاتىدىن پۇل ياساپ «تىزا» دەپ نام بېرىپ، مەجبۇرى ئىشلىتىپ، پۈتۈن تۈركىستاننىڭ ئالتۇن، كۈمۈشلىرىنى ئۆز يۇرتىغا تۇشۇپ كەتكەندىن باشقا، تۈركىستاننىڭ پۈتۈن تىجارىتىنى رۇسلارغا باغلاپ بەرگەن ئىدى.

ياڭنىڭ تۈركىستاننى 14 يىل ئىدارە قىلالىشىدىكى سىياسىتى، ھەر بىر شەھەردە بىر - ئىككى پۇلدار، بىر - ئىككى موللىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرغان مۇخلىس قىلىۋالغانلىقىدۇر.

(1) مەزكۇر ئەسەر يېزىلغان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلدى.

تۈركىستانلىقنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنى بولغان ياڭ بەزىبىر مىللىتىنى تونۇمىغان شەخسلەر بىلەن، نەپسى ئاۋارىسى، شەخسىيەتچىلىكتە بىر پىكىردە چىقىپ قالغانلىقتىن بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار ياڭنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تەشۋىق قىلىشتى. ئۆزىمىزنىڭ قان دۈشمىنىمىز بولغان ياڭنى «ئادىل، مۇسۇلمان»، دەپ سۈپەتلەپ يۈرگەنلەرمۇ بولدى. ياڭ مەقسىتىگە يەتكىنىگە خوش، بەزىلەر ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن ئاۋارە. پىلە قۇرتى يېگەن ياپرىقىغا خوش، مۇستەبىت باي پىلەنىڭ تەييارلىنىشىغا خوش!

بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشەنگەن ياڭ، دىنىمىزدا چەكلەنگەن چىنلارغا خاس مەنھۇس (بالايىئاپەت)، شۇملۇقلىرىنى يۇرتىمىزدا جارى قىلىش ئۈچۈن ئاز كۈچ سەرپ قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئادىتى بولغان مەنھۇس — گۇرە خانا، پاھىشە خانا، ئەپيۇن، قىمار كەبى قىلمىشلارنى ئۆزلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەرلىرىدىلا يولغا قويالىدى. دىنىمىزدا ئەمر قىلىنغان مەدەنىيەت، مائارىپ، تەرەققىيات ۋە ئىلىم - پەنلەردىن خەلقىمىزنى مەھرۇم قىلغان ياڭنىڭ سۆزىگە قانچىلىك ئىشەنگىلى بولىدۇ؟

ياڭنىڭ نىيىتى، قىلغان ئىشى قانچىلىك شۇملۇق بولسا، خەلقىمىزنىڭ ياڭ ۋە چىنلارغا بولغان نەپرىتى شۇ قەدەر ئاشقان ئىدى. دېمەك، تۈركىستاندا ئومۇمىي خەلق ئىچىدە بىر - بىرىگە دەشنام قىلىش ۋە ھاقارەتلەشكە توغرا كەلگەندە، «خىتاي» دېسە دەرھال غەۋغا بولۇپ، قازى مۇپتىلار ئالدىغا كېلىشەتتى. چىنلىقلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ يۈرگەن كىشىلەرنى شۇنداق پەس كۆرەتتىكى، ئۇنداق كىشىنىڭ ئوغلىغا قىز بەرمەيتتى، قىزىنى ئەر ئالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىتايچە مەكتەپتىن يەرلىك خەلق بەك نەپرەت قىلىپ ئۇنىڭدا ئوقۇمايتتى. خىتاي مەكتىپىدە ئوقۇشنى ئۆلمەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىلەتتى. بۇنى چىنلىقلار بىلىپ يەتكەندىن كېيىن، ھەربىر شەھەردە بىردىن چىنچە مەكتەپ ئېچىپ قويۇپ، خەلقنىڭ بالىلىرىنى مەكتەپكە كېلىشكە مەجبۇرلاپ، قورقۇتۇپ كۆپلەپ پۇل يىغىۋالاتتى. چۈنكى، بۇلارنىڭ مەكتىپى ئوقۇتۇش نىيىتى بىلەن بولماستىن، پۇل توپلاشنىڭ ۋاستىسى ئىدى.

ياڭنىڭ مۇستەبىتلىكىگە قارشى چىقىپ، قۇربان بولغان مۇجاھىدلىرىمىزنى ئەسلىگىنىمىزدە، خەلقىمىزنىڭ ئاسارەتكە قانداق قارىغانلىقى ئوچۇق مەلۇمدۇر. ياڭنىڭ 14 يىللىق دەۋرىدە قۇربان بولغان مۇستەقىللىق كۈرەشچىلىرىدىن بىرى تۆمۈر خەلپەدۇر. قۇمۇل تېغىدىن قوزغىلىپ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن، ياڭ ئۇنى قورال كۈچى بىلەن يوق قىلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندە، ئۆزىنىڭ بىر يۇرتلۇقى مايۇنەن دېگەن تۇڭگاننى تۆمۈر خەلپىنى ئالداپ، كېلىشىم قىلىشقا ماقۇل قىلىش ئۈچۈن كاشغەرنىڭ “تىتەي” (باش قوماندان) لىقىنى بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، قۇمۇل تېغىغا چىقىرىدۇ. بۇ تۇڭگان بېرىپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ، تۆمۈر خەلپىنى بۈيۈك بىر ۋەزىپە بېرىش ۋە قوراللىرىدىن ئايرىماسلىق ۋەدىسى بىلەن غاپىل قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ساددا دىل تۆمۈر خەلپە ئازراق كۈن كۆرۈپ زالىم ياڭنىڭ قولىدا شەھىد بولىدۇ. دىننى قىممەت باھا ياراتقان ما يۇنەن كاشغەردە نەچچە يىللار قانخورلۇق قىلىپ ھايات كەچۈرۈپ، ئاخىرى يەنە شۇ ياڭنىڭ ئىشارىتى بىلەن ماشاۋۋۇ تەرىپىدىن بالىسى بىلەن بىرگە ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلۈپ

تۈگەيدۇ.

شۇنىڭدەك، مۇھىيددىن ئىشان، لىۋاگا دەپ مەشھۇر بولغان ئابدۇلجېلىل بەگ، ئامىر، كازىم بەگ ۋە تۆمۈر نىياز چىلانلار قاراخوجا، ياڭخى دېگەن كەنت يىگىتلىرى بولۇپ، ئىنقىلاب قىلىپ ياڭنىڭ ئالدامچىلىقلىرىغا ئالدىنىپ، مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي قۇربان بولغان يىگىتلىرىمىزدۇر. بۇلارنىڭ ئىنقىلاب ئەھۋاللىرىنى يازىدىغان بولساق، ھەر بىرى بىردىن كىتاب بولىدۇ.

ئالتايدىن زۇقا ھاجى، كۇچاردىن مۇھەممەد ئەلى خوجا، سەييىد نوچى، خوتەندىن ئۆمەر ھاجىلار ھەر بىرى ئالاھىدە، مۇستەقىل قوزغىلاڭچىلار بولۇپ، تەخمىنەن 20 يىل يەنى ياڭ دەۋرىدە 14 يىل، جىڭنىڭ 4 يىللىق ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە يۈزبەرگەن ۋەقەلەردۇر. بۇ يازغىنىمىزدىن، خەلقىمىزنىڭ ئاسارەتكە ۋە ئىستىبداچىلارغا قانداق قارىغانلىقى ۋە ئازاتلىق يولىدىكى ئېغىرچىلىقلارغا قانداق چىداشلىق بەرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى باردۇر. ئۆز خۇسۇسىيىتىنىڭ غەيرى ۋاقىتلىقتۇر. ياتتۇر. مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر.

شۇنىڭدەك، بىز تۈرك مىللىتىمىز، جەڭگىۋارلىق، ئەركىنلىك، شىجائەت، غەيرەت، ساداقەت، ساخاۋەت، ئىززەت ۋە شەرەپ بىزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمىزدۇر. شۇنداقلا، ئازاتلىق يولىدا قۇربان بولماق، تارىخنىڭ قارا كۈنلىرىگە يولۇققاندا يارىتىلىشىدا يوق بولغان قارا كۈنگە قارشى كۈرەش قىلىپ قۇربان بېرىپ، نەتىجىدە، بىزنىڭ ئەسرىمىزنىڭ (20 - ئەسىرنىڭ) 1931 - يىلىغا كەلگەندە، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىللىق كۈرىشى، ئازاتلىق جېڭى باشلاندى. بۇ جىھاد 5، 6 يىل داۋام قىلىپ، نەتىجىدە، بىزنىڭ ھىجرىتىمىز، يۇرتىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ پاجىئەلىك ھالىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئازاتلىق يولىدا شەھىد بولغانلار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلدى. بىز بولساق ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدۇق. قاچان مۇۋەپپەق بولىدىغانلىقىمىزنى كۈتىۋاتىمىز. بىز ۋاقىت كۈتكەچ، ئالتە يىللىق ئىنقىلاب جەريانىمىزنى ۋە بۇ جەرياندا شەھىد بولغان قېرىنداشلىرىمىزنى ئەسلىدۇق. پۈتۈن ئىنقىلابنى ئەمەس، ئۇ ئىنقىلابنى خاتىرىلەش ئاساسىدا بۇ سەتىرلەرنى يازدۇق. شۇنى ئۈمىد قىلىمىزكى، بۇ سەتىرلىرىمىز بىلەن خەلقىمىزگە ئۆزىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاتماقچىمىز.

1928 - يىلى ياڭ ئۈرۈمچى خارجىيە ۋەكىلى فەن دىۋەن (باشقا مەنبەلەردە فەن ياۋنەن) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغان فەنمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، ۋالىلىق ئورنىغا جىن شۇرېن دېگەن بىر خىتاي ئولتۇردى.

جىن شۇرېن زۇلۇم، ئىستىبداد ۋە يانچۇق توشقۇزۇشتا ياڭنىڭ يولىدا ماڭسىمۇ، بەزى ئۇستىلىقلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. دېمەك، ياڭدەك ئۇستىلىق بىلەن ئىش قىلمىدى. خەلققە ئىچى - تىشى زەھەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. جىننىڭ ئىستىبدادى قانچىلىك كۆپەيسە، خەلقنىڭ نەپرىتى شۇ قەدەر ئاشتى. جىن شۇرېننىڭ دىلى، ئىچى شۇ قەدەر تار بىر خىتاي ئىدىكى يەرلىكلەرنىڭ بىرەر ئات ساقلىغىنىغا كۈنچىلىك قىلاتتى. بۇ بەدبەختنىڭ بۇنداق مۇتەئەسسىپلىكى خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بىر قوزغىلىشىغا سەۋەب بولدى.

تۈركىستاننىڭ ھەر بىر شەھرىدە بىردىن ھاكىم بولۇپ، خىتايچە «ۋاڭ» دېيىلەتتى. ۋاڭلىق بالىدىن -

بالىغا قالدۇرغان بىرخىل ئەمەل بولۇپ، بۇ مەنسەپ مانجۇلار تەرىپىدىن يەرلىكلەرگە بېرىلگىنى ئۈچۈن، چىن جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ مەنسەپلەر ئەمەلدىن قېلىپ، پەقەت قۇمۇلدا بىرلا ۋاڭلىق قېلىپ غالى ۋاڭ دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ ۋاقىتدا ۋاڭ دېگەن قۇرۇق ئىسىملا قېلىپ ھۆكۈمەت ئالدىدا ھېچبىر سىياسىي ئورنى بولمىغىنىدەك، ئۆزلىرىنىڭ جاھالىتى ۋە بۇزۇق ئەخلاقى تۈپەيلىدىن خەلق ئالدىدىمۇ ھۆرمەت ـ ئېتىبارى قالمىغان ئىدى.

جىن شۇرېن شۇ قۇرۇق نامى قالغان ۋاڭلىقنىمۇ يوق قىلماقچى بولۇپ، بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن «ئېھتىياتى ئەسكەر» (زاپاس قوشۇن) دېگەن نام بىلەن گەنسۇدىكى تۇڭگانلاردىن 5 مىڭ خىتاي ئەسكىرىنى قۇمۇلغا ئېلىپ كېلىپ توختىتىپ قويۇپ، پۈتۈن تەمىناتىنى ۋاڭغا يۈكلەپ قويدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئەگەر ئۇ تەمىناتنى ئېغىر كەلدى دېسە، ۋاڭلىقتىن ئىستىپا بەرگۈزۈش ئىدى. قۇرۇق بولسىمۇ ۋاڭلىقتىن ۋاز كېچەلمەي پۈتۈن تەمىناتنى قۇمۇل خەلقىگە يۈكلىدى. خىتايلارنىڭ ئىنسانىيەتتىن تامامەن مەھرۇم چېرىكلىرى قۇمۇلنىڭ بەزى يەرلىرىدە خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلىشىغا سەۋەب بولدى. قۇمۇل خەلقى ھەممە يەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ مۇستەبىت جىن شۇرېننىڭ ئەمرى بىلەن بولغانلىقى مەلۇم بولدى. مانا بۇلار تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ ئامىللىرىدۇ.

1931 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قۇمۇلنىڭ بۈيۈكلىرىدىن سالىھ دورغا، قاسىم پەھلىۋان، نىياز دېھقان، خوجا نىياز ۋە سادىق قۇرماللارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن قۇمۇلنىڭ تاغ خەلقى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىنقىلاب قوزغىدى. بۇ ئىنقىلاب تاغدا شىددەت بىلەن داۋام قىلدى. بىر نەچچە ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن، قەھرىمان قاسىم پەھلىۋان شەھىد بولدى. ئىنقىلاب جىن شۇرېننى قورقۇتۇش دەرىجىسىگە يەتتى. ئىنقىلابچىلار ئىچىدىن خوجا نىياز ھاجى ئىنقىلاب رەھبىرى بولۇپ تونۇلدى.

جەڭ قۇمۇل تېغىدا داۋام قىلدى. جىن شۇرېن بۇ كۆرەشنى خەلق ۋە يەرلىكلەردىن مەخپى تۇتتى. ئەمما قۇمۇلدا بولۇۋاتقان بۇ جەڭ پۈتۈن تۈركىستانغا يېيىلىپ بولغان ئىدى. خەلق ئىچىدە جىن شۇرېنغا نەپرەت، مۇجاھىدلارغا ھېسداشلىق قوزغالغان ئىدى. جىن شۇرېن ئالدى بىلەن قۇمۇل ئىنقىلابىنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرماقچى بولدى. جىن شۇرېننىڭ خىتاي ئەسكەلىرى تاغقا چىقىپ ئۆلمەكتىن باشقا نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

جىن شۇرېن تاغلىق مۇجاھىدلار بىلەن سۈلھى قىلماقچى بولۇپ، بىر تەرەپتىن ۋەكىل ئەۋەتىپ تۇرۇپ، يەنە بىرتەرەپتىن رۇسلار بىلەن تۈركىستان سىياسىتى ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈپ، رۇسىيەدىن ئايروپىلان، تانكا ئېلىپ كېلىپ، مۇجاھىدلارغا ۋەھشىيانە ھۇجۇم قىلغان ئىدى. لېكىن جىننىڭ ۋەھشىلىكى پايدا بەرمىدى. دېمەك، پۈتۈن تۈركىستان ئىنقىلابقا تەييارلانغان ئىدى.

گەنسۇدا تۇڭگان گېنېراللاردىن ما بوفاڭ ۋە ما جۇڭيىڭلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ما جۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، قېچىپ قۇمۇلغا چىققان. مۇسۇلمانلىق، دىنىي قېرىنداشلىق ۋاستىسى بىلەن ئىنقىلابقا ئىشتىراك قىلدى. تۆت ئاي بىرگە ھەرىكەت قىلدى، نۇرغۇن قورال ۋە مال غەنىمەت ئالدى. لودۇڭدا جىن شۇرېن تەرىپىدىن بارغان دۇڭ لو جاڭ قوماندانلىقىدىكى ئالتە مىڭ خىتاي چېرىكىنى يوقىتىپ، كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، خېلى كۈچلىنىپ قالدى. ئەمما قۇمۇلنىڭ ئەسكى

www.uyghurkitap.com

شەھەرنى سەككىز مىڭ خىتاي چېرىكى مۇھاسىرە قىلىۋېلىپ پەتھى بولمىغان ئىدى.

بۇلارغا ياردەم ئۈچۈن جىن شۇرېن قاچاق رۇسلاردىن نەچچە مىڭ چېرىك تەييارلاپ قۇمۇلغا ئەۋەتكەن ئىدى. بۇلار لودۇڭغا بارغاندا يەرلىك خەلق ۋە تۇڭگانلار بىرلىشىپ توسۇپ سوقۇشتى. نەتىجىدە مۇجاھىدلار مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ، رۇسلار مۇھاسىرىدە قالغان خىتايلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە ما جۇڭيىڭ خېلى بېيىپ ۋە نۇرغۇن قورالغا ئىگە بولۇپ قالغان ئىدى. ما جۇڭيىڭ قۇمۇل ئەتراپىدىكى ۋاقتىدا تاغىسى ما بوفاڭغا تاپقىنىنى ئەۋەتىپ تۇرۇپ ۋە يەرلىك خەلققە گۇناھىنى تىلەپ خەت يازدۇرۇپ، گەنسۇغا قايتىپ كېتىشىنىڭ يولىنى ئىزچىپ قويغان ئىدى. بۇ مەغلۇبىيەتنى كۆرۈپ قايتىپ گەنسۇ سۇجۇدا ئورۇنلىشىدۇ. يەرلىكلەردىن قاچالىغانلىرى قېچىپ تاغقا چىقىۋالىدۇ. قاچالماي قالغان ئايال ۋە كىچىك باللارنى خىتايلار ۋە رۇسلار قەتلىئام قىلىپ، ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. بۇ كۈن يەرلىكلەر ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر بىر كۈن ئىدى. تاغدا ھاۋا سوغۇق، يېمەك - ئىچمەك يوق، دۈشمەن كۈچلۈك ئىدى. ئاكىسىدىن ئاغرىنىپ چىققاندا ئارىغا كىرىۋېلىپ، پۈتۈن ئىشنىڭ بېشىغا كەلتۈرۈلگەن، ئۈرۈشتا چۈشكەن مال، قوراللارغا ئىگە بولغان دىنىي قېرىنداشلار سۇجۇدا تاماشا كۆرىدۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ قۇمۇل خەلقى ما جۇڭيىڭدىن بىزار بولىدۇ. ھەر بىر كىشى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلىشتا پەقەت شۇ ۋەتەننىڭ ئۆز ئەۋلادى لازىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. «يات بەيگىچە، تۇغقان ئۆلگىچە» دېگەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ مەزمۇنى ئاشكارا بولىدۇ.

شۇ ئېغىر كۈنلەردە بۈرۈن خىتاي خىزمىتىدە بولۇپ، ئەسكەر باشلىقلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن، كېيىنكى كۈنلەردە ئەسكەرلىرى بىلەن ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلغان يولۋاس بەگنىڭ خوجا نىياز ھاجى بىلەن مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، ماجۇڭيىڭنىڭ يېنىغا كېتىدۇ، تاغلىق مۇجاھىدلار مۇداپىئەنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

شۇنداق قىيىن كۈنلەردە تاشقى موڭغۇلدىن جاڭسىڭ دورغا دېگەن بىر كىشى بىر نەچچە مىلتىق، كىيىم - كېچەك، پۇل ئېلىپ خوجا نىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ، تۈركىستاندا موڭغۇلىستانغا ئوخشاش رۇسىيە ھىمايىسىدە بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ، خوجا نىياز ھاجىنى جۇمھۇر رەئىسى قىلىش ۋە بۇ ھەقتە ياردەم قىلىش دېگەندەك ۋەدىلەرنى قىلىپ بىرەر ئاي خوجا نىياز ھاجىم قېشىدا تۇرىدۇ. خوجا نىياز ھاجىم بۇ سۆزلەرنى رەت قىلمىسىمۇ ئۇلار ئىشەنگۈدەك ھەرىكەت قىلمايدۇ. جاڭسىڭ دورغا قايتىپ كېتىدۇ. قۇمۇل ئىنقىلابچىلىرى ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.

1932 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى تۇرپان ئىنقىلابى باشلىنىدۇ. تۇرپان خەلقىمۇ جىن شۇرېننىڭ قۇمۇل ۋە باشقا يەرلەردىكى زۇلۇم، ئىستىبداتلىرىدىن زارلىنىپ، قۇمۇل مۇجاھىدلىرىغا ھېسداشلىق قىلغىنىنى ئۈچۈن ئىنقىلابقا تەييار تۇرىدۇ. خوجا نىياز ھاجىنىڭ يېنىدىكى پىدائىي ئەسكەرلەردىن ئاتمىش كىشى تۆمۈر بوتۇڭ دېگەن بىر كىشىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قۇمۇل تېغىدىن — خوجا نىياز ھاجىدىن ئايرىلىپ پىچانغا چىقىدۇ. ئۇلار بىزنى خوجا نىياز ھاجى ئەۋەتتى، بىز جىھاد ئۈچۈن چىقتۇق دېيىشى بىلەن، پۈتۈن پىچان خەلقى قوزغىلىپ كېتىدۇ. خىتايلارغا ھۇجۇم قىلىپ،

پىچان شەھرىنى ئازات قىلىپ، بىر ئەسكەر خانا قالغاندا تۆمۈر بوتۇڭ شەھىد بولىدۇ ۋە پىچان بىلەن قۇمۇل ئوتتۇرىسىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە رۇسلار پىچانغا كېلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە پىدائىلار مەغلۇپ بولۇپ، لۇكچۇنغا كېلىدۇ، پىچان دۈشمەن قولىدا قەتلىئام ۋە بۇلان - تالاڭ بولىدۇ. ئۇ كۈنكى پىچاننىڭ ئەھۋالى بەك ئېچىنىشلىق ئىدى. پۈتۈن پىچان خەلقى ئۆلتۈرۈلۈپ، پۇل - ماللىرى بۇلىنىپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇلغان ئىدى. ئۇ چاغدىكى بىزگە ئەڭ ۋەھشى دۈشمەن قاچاق رۇسلار بولۇپ، بۇلار جىن شۈرىنغا ئەسكەر بولغان ئىدى.

پىدائىلار تېمۇر بوتۇڭدىن ئايرىلىپ، پىچاندا مەغلۇپ بولۇپ، لۇكچۇنغا چۈشۈپ، لۇكچۇننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دىغارغا چىقىپ قۇمۇلغا قايتىپ كەتمەكچى بولىدۇ. ئەمما ئىنقىلابقا مۇشتاق بولۇپ تۇرغان خەلق ئۇلارنى كەتكىلى قويماي، ئۆزلىرىگە باشچى قىلىپ، لۇكچۇن، ئاستانە، تۇرپان، توقسۇن خەلقلىرى بىراقلا قوزغىلىدۇ. پىدائىلار ئىچىدىن تەدبىرلىكرەك تۇڭگان ما شىمىننى ئۆزلىرىگە قوماندان قىلىدۇ. ئۇ چاغدا پىدائىلار خوجا نىياز ھاجىنىڭ يېنىدىن چىققان مۇقەددەس كىشىلەر «ھەممە مۇسۇلمان بىر مۇسۇلمان» دەپ گۇمان قىلاتتى.

تۇرپان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ بېشىدا ھەمدۇللاھ ئەلەم، ھىسامىددىن باي، مەقسۇت مۇھتى، مەھمۇد مۇھتى، تۆمۈر بەگ جىسا، ئابدۇلخالىق ئەپەندى، توختى بىگە تەنجاڭ، ئەمىن باي، پۇلاد تەنجاڭ، ئابدۇللاھ داموللا، باي ئاخۇن، تائىپ ئاخۇن، غۇپۇر تەنجاڭ، مائىد ئاخۇنلار بولۇپ، ھىسامىددىن باي، مەقسۇت مۇھتى، ئابدۇلخالىق ئەپەندى، ھەمدۇللاھ ئەلەم ۋە تۆمۈر بەگ جىسالار تۇرپان ئۇرۇشى جەريانىدا شەھىد بولغان ئىدى. بىر قانچە كۈنلۈك قانلىق جەڭ نەتىجىسىدە تۇرپان، توقسۇن، لۇكچۇن تامامەن ئېلىنىپ، مۇجاھىدلار قولىغا كۆپلىگەن قورال، پۇل - مال غەنىمەت قولغا چۈشكەن.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىرمىڭ نەچچە يۈز ئەسكەرنىڭ قوراللىرىنى مۇجاھىدلار ئالىدۇ. جىن شۈرېن تەرىپىدىن تۇرپاننى قوغداشقا تەيىنلەنگەن گېنېرال ما داخەنزە مۇ قولغا چۈشىدۇ. تۇرپان مۇجاھىدلىرى بىرتەرەپتىن مىر ئالاي توختى بەگنى قارا شەھەر تەرەپكە يوللاپ، يەنە بىر تەرەپتىن پىچان، ئۈرۈمچى بىلەن جەڭ قىلماقتا ئىدى.

ئۇ چاغدا قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان ماجۇڭيىڭلارغا زەربە بەرگەن خىتاي ۋە رۇسلاردىن تەشكىللەنگەن ئالتە مىڭ ئەسكەر قۇمۇلدىن چىقىپ، پىچاندىكى خىتاي ئەسكەرلىرىگە قوشۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەن كۈچلىنىپ قالىدۇ. دېمەك، ئۇ ئەسكەرلەر بۈگۈنكى تۈركىستان ھاكىمى شېڭشىسەي قوماندانلىقىدا بولۇپ، زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان ئىدى. تانكا، ئايروپىلانلىرى يېتەرلىك بار ئىدى. بۇلار پىچانغا يېتىپ كەلگەندە مۇجاھىدلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلماقتا ئىدى. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتۈپ، نەچچە يۈزلەپ قۇربان بېرىپ، دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا خۇدايىم بەرگەن «ئۇلۇغ» باشلىقىمىز ما شىمىن تاپقان پۇلىغا ئالتۇن، ئات ئېلىپ ئۆز تۇڭگانلىرىدىن ئۈچ - تۆت يۈز ئەسكەر توپلاپ ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ ئۆز ئىشىنى پۇختىلاپ تۇردۇ. لۇچىكلار بومبا ئېتىپ، تانكا، پىلىمۇتلاردىن ئوق ئېتىپ مۇجاھىدلارنى يېڭىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، مۇجاھىدلار ئۈچۈن ياردەم يەنى يەرلىك پىدائىلار كۆپىيىپ تۇرغان چاغدا، مەزكۇر خۇدا بەرگەن باش قوماندانىمىز پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

ئوق، دورىلىرىنى ئېلىپ قارا شەھەرگە قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇجاھىدلارنىڭ روھى چۈشۈپ، پۈتۈن تۇرپان ئەتراپىنى شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى ئىستىلا قىلىپ، قەتلىئام، بۇلاڭ ـ تالاڭغا باشلايدۇ. مۇجاھىدلارنىڭ بەزىسى قارا شەھەرگە، بەزىسى قۇمۇلغا — خوجا نىياز ھاجى قېشىغا كېتىدۇ.

قارا شەھەر تەرەپكە ئەۋەتىلگەن توختى بەگ قارا شەھەرنى پەتھى قىلىپ ئېلىپ، كورلىغا كېلىدۇ. كورلىدا زالىملىقى بىلەن مەشھۇر بولغان خىتاي گېنېرالى جىن لو جاڭنى ئۆلتۈرۈپ، بىرەر مىڭ ئەسكەرنى قورالسىزلاندۇرىدۇ. كورلا پەتھى بولۇپ تۇرغاندا، تۇرپان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى، ما شىمىننىڭ قېچىپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. تۇغۇلغان يېرىنىڭ پاجىئەلىك، ئەلەملىك ھالەتتە قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان تۈرك يىگىتلىرى گەرچە قوماندانى ما شىمىن قېچىپ كەلسىمۇ، قايتىپ بېرىپ توختى بەگ باشچىلىقىدا خىتاي، رۇسلار بىلەن قانچە كۈن جەڭ قىلىپ شەھىد بولىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، تۇرپاننى دۈشمەنلەر ئىشغال قىلغاندا چەرچەن، چارقىلىق ۋە لوپنۇردىن بىرەر مىڭ يىگىتلەر تۇرپانغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىيىك ئاتار، ماشادار مىلتىقلىرى بىلەن دۈشمەنلەرگە نەچچە كۈن قارشىلىق قىلىپ شەھىد بولىدۇ.

تۇرپان پاجىئە ئىچىدە تۇرغاندا، كۇچار، ئاقسۇ، خوتەنلەردە ئىنقىلاب پارتلىدى.

ماشىمىن قارا شەھەرگە كېلىپ قارا شەھەر تۇڭگانلىرىدىن بىرەر مىڭ ئەسكەر تەييارلاپ، ئولجا ئالغان غەنىمەتنى ئۆيىگە يوللاش خىيالىغا چۈشىدۇ ھەم جەنۇبتىكى يەرلىك تۈركلەرنىڭ غەلىبىسى ماشىمىننى قورقۇنچىغا سالىدۇ. تۈركىستاندا تۇڭگان ھۆكۈمىتى قۇرۇش مەستانىسى بولغان ما شىمىن، بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن گەنسۇدىن ما جۇڭيىڭنى ئېلىپ چىقىش بىلەن بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، سادىدە دىل مۇسۇل باينى ما جۇڭيىڭنى باشلاپ چىقىڭ، دەپ تاپقان ئالتۇن، كۈمۈشلىرىنى يۈكلىتىپ گەنسۇغا يولغا سالىدۇ. ما شىمىندىن كەلگەن ياخشىلىق مۇشۇ بولسا، ما جۇڭيىڭدىن قانچىلىك ياخشىلىق كېلەر؟ دېگەننى ئويلىيالماي قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، مۇسۇل باي گەنسۇغا بېرىپ، ما جۇڭيىڭنى تۈركىستانغا تەكلىپ قىلىدۇ. يېرى باي، خەلقى دۇرۇس مۇسۇلمان بولغان تۈركىستانغا چىقىشقا نەپسى تاقىلداپ تۇرغان ما جۇڭيىڭ مۇسۇل باينىڭ تەكلىپىنى دەرھال قوبۇل قىلىدۇ. «بىر بالادىن قۇتۇلالماي، مىڭ بىر بالاغا ئۇچرىدىم» دېگەن سۆزگە مۇۋاپىق ما شىمىندىن قۇتۇلالمىغان تۈركىستانلىق ماجۇڭيىڭغا ئۇچرايدۇ.

## بۇگۇر ئىنقىلابى

تۇرپان ئىنقىلابى ھەر تەرەپكە تارقىلىدۇ يەنى ئۇ خەلققە ئاڭلىنىپ قالىدۇ. بۇگۇر خەلقى تۆمۈر شاڭيۈنى ئۆزلىرىگە يولباشچى قىلىپ قوزغىلىپ بۇگۇرنى ئېلىپ، ئاندىن كېيىن كۇچارنى پەتھى قىلىدۇ. بۇ خەۋەر قارا شەھەردىكى ماشىمىنغا يېتىپ كېلىدۇ. ما جىنسا دېگەن بىر تۇڭگاننى كۇچار ئىنقىلابچىلىرىغا باشقارما (زىخۇي — مۇئەللىپ) قىلىپ ئەۋەتىدۇ. سادىدە مۇسۇلمانلار ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلىرىگە يولباشچى قىلىپ، ئاقسۇغا ئەسكەر تارتىدۇ. بايغا بېرىپ ئۇيەرنى پەتھى قىلىپ تۇرۇشقا ئاقسۇ تەرەپتىن خىتاي قوۋۋىتى كېلىپ قالىدۇ. مۇجاھىدلارغا يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان تۆمۈر

شاڭيۇ رەھبەر بولۇپ، «تۆمۈر تەنجاڭ» دەپ ئاتالغان ئىدى. مۇجاھىدلار ئاقسۇ تەرەپتىن بىر كۈنلۈك يولدا ئاقا ئىرىقتا خىتاي قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلدى. نەتىجىدە، خىتاي گېنېرالى ياڭ چىمىن ياردار بولۇپ قېچىپ ئاقسۇغا بارغۇچە يولدا قارا يۈلغۈن، جام دېگەن قىشلاقلارنى تامامەن قەتلىئام قىلدى. ياڭ چىمىن شۇ قاچقانچە ئاقسۇدىمۇ توختىيالماي ئاقسۇدىكى پۈتۈن خىتايلارنى ئېلىپ، كاشغەر تەرەپكە كېتىدۇ. تۆمۈر تەنجاڭ ئاقسۇغا كىرىپ ئاقسۇنى پەتھى قىلىدۇ. ئاقسۇنىڭ يېڭى شەھىرىدە ما زىخۇي، كونا شەھىرىدە تۆمۈر تەنجاڭ تۇرىدۇ. ئۇچتۇرپاندا خىتاي تەرىپىدىن قويۇلغان ئەسكەر بېشى تۇڭگان بىلەن سوقۇشماي قورال تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا تۆمۈر تەنجاڭ لۈيجاڭلىق نامىنى ئالىدۇ. تۆمۈر تەنجاڭنىڭ ھەمرالىرىدىن ھاپىز بەگ، ئەلى ھاجى، ھەمدەم بگە، ئەھمەد خان، ھامىد خان ۋە توختى بگەلەر تەنجاڭ بولىدۇ. تەنجاڭ خىتايچە ئۈچ مىڭ ئەسكەرنىڭ، لۈيجاڭ ئۈچ يا تۆت تەنجاڭنىڭ بېشى دېمەكتۇر.

ئاقسۇ پەتھى بولغاندىن كېيىن، ئاقسۇ كونا شەھەرگە ئىسمائىل بگە، ئاسۇقتا ما لوجاڭ دېگەن بىر تۇڭگاننى ۋالى قىلىپ، تۆمۈر لوجاڭ، ما زىخۇيلار كاشغەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىدۇ. مارالبېشىغا يېقىن تۇمشۇق دېگەن يەردە ما زىخۇي كاشغەردىن بارغان خىتاي لەشكەرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ قاچىدۇ. تۆمۈر لوجاڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سوقۇشۇپ خىتاي چېرىكلىرىگە زەربە بېرىدۇ. شۇندىن باشلاپ تۆمۈر لوجاڭ سىجاڭ بولۇپ قالىدۇ. سىجاڭ «پىرقە قوماندانى» دېمەكتۇر. خىتاي لەشكەرلىرى تۆمۈر سىجاڭنى توسۇپ تۇرغاندا كاشغەردە جىن شۇرېننىڭ ئىنىسى خىتاي سىجاڭ ئەپيۇن چېكىپ ئۆلىدۇ. كاشغەر دوتىيى ما شاۋۋۇ ئۆزىنى زۇڭ سىلىڭ ئېلان قىلىپ، مۇجاھىدلارغا قارشى كۆپ تەدبىر قوللىنىدۇ. ئۇ چاغدا جىن شۇرېننىڭ ھىندىستاندىن ئالغان قوراللىرىنىڭ كۆپ قىسمى كاشغەردە ئىدى. بۇ قوراللاردىن پايدىلىنىش خىتايلار ئۈچۈن ئاسان ئەمەس ئىدى. دېمەك، ئۆلكە خەلقىگە ئىشەنچ قىلالمىغان ما شاۋۋۇ قىرغىزلاردىن بىرەر مىڭ ئەسكەر ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىدىن بىر تۇڭگاننى باش قىلىپ تەيىنلەپ بېرىپ، قىرغىز بۈيۈكلىرىدىن ئوسمان ئەلى بەگنى مۇئاۋىن قىلىپ، سوغۇن قارا يولى بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە مۇجاھىدلارغا قارشى سوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئوسمان ئەلى بەگ نېمىلا بولمىسۇن تۈرك بالىسى ئىدى. ما شاۋۋۇ تەيىنلەپ باش قىلىپ بەرگەن خىتاينى ئۆلتۈرۈپ تۆمۈر سىجاڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە خەت ئەۋەتىدۇ.

بۇكۈنلەردە تۆمۈر سىجاڭ تۇمشۇقتا قىرىق كۈن جەڭ قىلغاندىن كېيىن خىتاي چېرىكلىرىگە زەربە بېرىپ مارالبېشىنى ئالغان ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ، ئوسمان ئەلى بەگلەر بىرلىشىپ كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىشقا پۈتۈشۈپ، ئوسمان ئەلى بەگ كەلگەن يولى بىلەن، تۆمۈر سىجاڭ چوڭ يول بىلەن كاشغەرگە يۈرۈش قىلىدۇ. خىتايلار تۇمشۇقتىن ياركەند، كاشغەرگە قاچقان ئىدى. ئارقىدىن قوغلاپ خىتاي گېنېرالى ياڭ چىمىننى ياردار قىلىپ تۇتۇۋالىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ پەيزىئاباتقا چۈشكەن كۈنى ئوسمان ئەلى بگە ئارتۇشقا كېلىپ ئارتۇش خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىپ كاشغەرنى پەتھى قىلىدۇ. ما شاۋۋۇ تەسلىم بولىدۇ. ئەتىسى ئوسمان ئەلى بەگ ما شاۋۋۇنى ئېلىپ كاشغەر بۈيۈكلىرى بىلەن تۆمۈر سىجاڭنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن كاشغەرگە ئېلىپ كىرىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ئەمىر تېمۇر بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مازىخۇي ئۆز تۇڭگانلىرىدىن 5، 6 يۈز ئەسكەر تەييارلاپ، ئۆز تۇڭگانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، يەرلىكلەر ئارىسىدا قانچە قېتىم ئىسيان قىلدى. تۇڭگانلارنى قورالسىزلاندۇرۇشقا تەييارلانغانلارنى تۆمۈر سىجاڭ توسۇپ يول قويمىغاندىن كېيىن، مۇكاپاتىنى ئالدۇ يەنى ماجىنسا تەرىپىدىن شەھىد قىلىندۇ.

## خوتەن ئىنقىلابى

تۆمۈر سىجاڭ ئاقسۇنى پەتھى قىلغان كۈنلەردە خوتەندە ئىنقىلاب باشلانغان ئىدى. بۇ ئىنقىلاب بېشىدا سابىت داموللا، مۇھەممەد نىياز ئەلەم، مۇھەممەد ئەمىن داموللا، ئابدۇللاھ ئاخۇن، نۇر ئەھمەد ئاخۇن، مەۋلىۋى سابىت (سىبغەتۇللاھ مەۋلىۋى بولسا كېرەك — نەشىرگە تەييارلىغۇچىدىن)، كامال داموللىلار بولۇپ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدە خوتەن پەتھى بولىدۇ. كېرىيەدىمۇ ئىنقىلاب بولۇپ، بېشىدا ئالىملاردىن ئابدۇلخەبىر هاجى بولۇپ، خوتەن هۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلىدۇ. دېمەك، بۇكۈنلەردە خوتەن ئىنقىلابچىلار قولىدا بولۇپ، كاشغەردە ۋالى تۆمۈر سىجاڭ، ياركەندە ئازراق خىتاي چېرىكى قالىدۇ. ياركەندگە خوتەن ئىنقىلابچىلىرىدىن ئابدۇللاھ بەگ (شاھ مەنسۇر دەپ مەشھۇر بولغان) دېگەن كىشى بىر نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن كېلىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ تەرىپىدىن هاپىز لوجاڭ ئەسكەر بىلەن بارىدۇ. بىرەر ئاي مۇهاسىرە قىلغاندىن كېيىن ياركەندنى پەتھى قىلىدۇ. ياركەندنىڭ بىر شەھرىدە هاپىز لوجاڭ يەنە بىر شەھرىدە شاھ مەنسۇر ۋالى بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، خوتەن ئىنقىلابچىلىرىدىن مەۋلىۋى سابىت (سىبغەتۇللاھ مەۋلىۋى) ياركەندنى پەتھى قىلىش جەريانىدا شەھىد بولغان ئىدى.

قارا شەھەردە ما شىمىن، كاشغەردە ما جىنسانىڭ ئازراق ئەسكىرى بولۇپ، قالغان يەرلەردە يەنى تۈركىستانىنىڭ ئالتە شەھەر دەپ ئاتالغان يېرىمىدە دۈشمەن كۈچى قالمىغان ئىدى.

ئاقسۇدىكى ئىسمائىل بەگ (باي سىجاڭ) مالوجاڭنى قورالسىزلاندۇرۇپ قويغان ئىدى.

ئالتە شەھەر مۇشۇ هالەتتە ئىكەن، بىز تۇرپانغا قايتىمىز. تۇرپان دۈشمەن كۈچى بىلەن ئىشغال قىلىنغاندا، يوقىرىدا قۇربان بولغانلار قاتارىدا زىكىر قىلىنغان هەمدۇللاھ ئەلەم ئاخۇنۇم، مەقسۇت مۇهتى، ئۇبەيدۇللاھ داموللام قۇمۇل تېغىغا بېرىپ، خوجا نىياز هاجىنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلغانىدى. خوجا نىياز هاجى قوبۇل قىلىپ تۇرپانغا بىر نەچچە يۈز هەمراسى بىلەن چىقىپ، لۈكچۈن شەھرىگە كىرىپ لۈكچۈن ۋاڭنىڭ ئوردىسىغا چۈشتى. لۈكچۈن خەلقى خوجا نىياز هاجىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئون مىڭغا يېقىن كىشى شەھەرگە توپلاندى. بۇنى خىتاي چېرىكلىرى ئاڭلاپ شوقۇشماق ئۈچۈن لۈكچۈنگە كەلدى. بىرەر كۈن سوقۇشقاندىن كېيىن خوجا نىياز هاجى شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ چىقىپ كەتتى. خوجا نىياز هاجىنى باشلاپ چىققان هەمدۇللاھ ئەلەم ئاخۇنۇم، مەقسۇت مۇهتى، رەقىب قازى ئاخۇنۇملارغا ئوخشاش بۈيۈك كىشىلەردىن باشلاپ مىڭدىن ئارتۇق پۇقرا، كىچىك بالا، خوتۇن كىشىلەرنى خىتاي ۋە رۇسلار قىرىپ تاشلىدى. ئۆيلەرگە ئوت قويدى. خوجا نىياز هاجى چۆلقان تېغىغا چىقىۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ تۇرپانغا چىققانلىقىنى ئېلان قىلدى. خىتايلارغا قورقۇنچ چۈشتىمۇ ياكى جىن شۇرىن بىلەن شېڭشىسەينىڭ ماجىراسىدىنمۇ تۇرپاننى بوشىتىپ پۈتۈن خىتاي قوۋۋىتى ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتتى. خوجا نىياز هاجى تۇرپان شەھرىگە چۈشتى،

مەھمۇد مۇھىتى قارا شەھەردىن تۇرپانغا كەلدى. خوجا نىياز ھاجى بىلەن بىرلەشتى. ئالتە شەھەردىن ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم شەھيارى، ھاپىز بەگلەرمۇ ئەسكەرلىرى بىلەن تۇرپانغا كەلدى. بۇلار ما جۇڭيىڭنىڭ تۈركىستانغا تەكلىپ قىلىنغانلىقىغا رازى بولماي، خوجا نىياز ھاجى باش بولۇپ، ما جۇڭيىڭغا تۈركىستانغا چىقىشىنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىنى ئىزھار قىلىپ، يولغا چىقماسلىقىنى، يولغا چىقىپ قالغان بولسا قايتىپ كېتىشىنى ئۆتۈنۈپ خەت يازىدۇ. تۈركىستانغا چىقىشقا مۇشتاق بولۇپ، باھانە تاپالماي تۇرغان ما جۇڭيىڭ مۇسۇل باينىڭ تەكلىپىنى رەت قىلالامدۇ؟ چىقما دېگەنگە ماقۇل دەمدۇ؟ ما جۇڭيىڭ ئۇنىماي قۇمۇلغا چىقىدۇ. ئۇ كۈنلەردە قۇمۇلدا خىتاي ئەسكىرى يوق ئىدى. قۇمۇلغا كېلىپ ئۇرۇشسىز قۇمۇلنى ئالىدۇ. ئۇ يەردىن گۈچۈڭ تەرەپكە يۈرۈش قىلىدۇ. خوجا نىيازلارمۇ تۇرپاندىن گۈچۈڭگە چىقىپ، خىتايلار بىلەن سوقۇشۇۋاتقاندا، ما جۇڭيىڭنىڭ مورىغا كېلىپ مورى شەھرىنى ئالغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ. خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتىلار مورىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ، خوجا نىياز ھاجىلار گۈچۈڭنى تاشلاپ جىمسارغا ھۇجۇم قىلىشقا، ما جۇڭيىڭ گۈچۈڭگە ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشىدۇ.

كېلىشىم بويىچە ما جۇڭيىڭ گۈچۈڭگە ھۇجۇم قىلىپ ئىنىسى بىلەن نۇرغۇن قۇربان بېرىپ گۈچۈڭنى ئالىدۇ. خوجا نىياز ھاجىلار جىمسارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، خىتايلار بۇگۈن قوراللىرىمىزنى بىر يەرگە توپلاپ ئەتە تاپشۇرايلى، دېسە خوجا نىياز ھاجى ماقۇل كۆرۈپ، تاغقا چىقىپ ئارام ئالىدۇ. گۈچۈڭدىن ما جۇڭيىڭ تېلېفۇن بىلەن سۆزلىشىپ كېچىدە ماشىنا بىلەن ئادەم چىقارتىپ جىمساردىكى قوراللارنى گۈچۈڭغا ئېلىپ كېتىدۇ. تاڭ ئاتقاندا خوجا نىياز ھاجىلار تاغدىن چۈشسە قورال يوق. ما جۇڭيىڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان خوجا نىياز ھاجى، ما شىمىننىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن دەرتمەن بولغان مەھمۇد مۇھىتى ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىش پىكرىگە كېلىپ، جىمسار قورالىنى باھانە قىلىپ ئايرىلىش يولىغا ماڭغاندا، ئۈرۈمچىدىن ۋەكىل چىقىپ خوجا نىياز ھاجىنى ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچى بىلەن بىرلىششكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ 1932 ـ يىلى 4 ـ ئاي بولۇپ، ئۈرۈمچىدە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغ ئىدى. دېمەك، ئۇ چاغدا جىن شۇرېن ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي تىزگىنىنى بولشېۋىكلەرگە تاپشۇرۇپ قويغان ئىدى. ھەتتاكى مەنسەپتىن ئېلىۋېتىشمۇ رۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغان ئىدى. بولشېۋىكلەر ئارزۇلىرىغا جىن شۇرېن ۋاستىسى بىلەن يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، مەقسىتىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا رۇس بولشېۋىكلىرى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىن شۇرېنغا مۇشاۋىر قىلىپ ئەۋەتكەن شېڭ شىسەينى ئارتۇق كۆرەتتى. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېننى قورقۇتۇپ، چۆچەك بىلەن قاچۇرۇپ نەنجىڭغا يولغا سېلىپ، شېڭشىسەينى دوبەن (نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچى) ئۇنۋانى بىلەن ئۈرۈمچىگە ھاكىم قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. دېمەك، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى رۇسلار ھىمايىسىدە قۇرۇلدى. شۇ كۈننى بۈگۈنگە قەدەر تۈركىستاندا مەجبۇرى بايرام كۈنى قىلىدۇ. خىتايچە «سى يۆ شى ئېر»، ئۇيغۇرچە «12 ـ ئاپرېل» دېمەكتۇر. مەلۇمكى، ئۇ كۈن بىز تۈركىستانلىق ئۈچۈن شۇملۇق، ماتەم كۈنىدۇر. مۇھاجىرلار ۋەتىنىمىزگە قايتىپ، دۈشمەنلىرىمىزدىن ئىنتىقامىمىزنى ئېلىپ ئەركىن تۈركىستان، ئازات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈركىستان يەنى تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلغۇچە شۇ كۈننى ماتەم كۈنى قىلىشىمىز لازىم.

ئىنقىلابىمىزنىڭ بۇنداق پاجىئەلىك ۋە ئەلەملىك نەتىجىلىنىشى شۇ كۈننىڭ شۇملۇق تەسىرىدىندۇر. ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تۇڭگان ۋە يەرلىكلەر بىلەن بىر ۋە ئىتتىپاق بولالماسلىقى لازىم ئىدى. جىمساردا خاپا بولۇپ تۇرغان خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتىلارغا ئۈرۈمچىدىن ۋەكىل كەلدى. خوجا نىياز ھاجىغا ‹باۋۇبى سىلىك›، مەھمۇد مۇھىتىغا ‹سىجاڭ›لىق مەنسەپ تەيىن قىلىپ، ئۇندىن باشقا نەچچە ماددىلىق كېلىشىم ئىمزالاندى. شۇ كۈندىن باشلاپ بىر بۆلۈك ئىنقىلابچىلار ئۈرۈمچىنىڭ بىر جۇزئى بولۇپ قالدى. شۇ كۈنگىچە خەلقىمىزنىڭ ئاڭ پىكرىدە تۈركىستاندا ئىسلامنى گۈللەندۈرۈپ، خىتايلارنى يوق قىلىش ئىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن قورقانلىقتىن بىرەر باھانە تېپىپ يۇرتىمىزغا بولشېۋىك رۇسلارنىڭ باسقۇنچىلىق قىلىش نىيىتى بار ئىدى. «قورققان يەردە جىن بار» دەپ بولشېۋىكلەرنىڭ تۇزىقىغا ئۆز ئايىغىمىز بىلەن چۈشتۇق. ئۇ چاغدا تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشى، تۈركىستاندىن يات ئۇنسۇرلارنى قوغلاپ چىقىرىش بىلەنلا مۇمكىن بولاتتى. دېمەك، چىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مەقسىتىمىزگە يېتىشكە خىلاپ بولغىنىدەك، تۇڭگانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمۇ ئوخشاشلا بۇنىڭغا خىلاپ ئىدى. تۇڭگانلارنىڭ، «بىز مۇسۇلمانمىز» دېگىنىدىن باشقا ھەر بىر ئىشى خىتايدىن قېلىشمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى دۈشمەننىڭ بىرى بىلەن ۋاقىتلىق مادارا قىلىش لازىم ئىدى. ئىككى دۈشمەندىن قايسىسى بىلەن ئاۋۋال كېلىشىپ تۇرۇشنىڭ تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن بەكرەك پايدىلىق بولۇشىنى بىلەرمەنلەر، سىياسەتچىلەر ئايرىسۇن، دەپ بىز شۇ چاغدىكى تۈركىستاننىڭ ئەپكار ئومۇمىيىسىنى، ئىنقىلابچىلارنىڭ روھى دۇنياسىنى قىسقىچە بايان قىلماقچىمىز. ئۇ چاغدىكى ئومۇم خەلقنىڭ بىردەك پىكرى ئىسلامنى گۈللەندۈرۈش بولۇپ، قورقۇنچىسى خىتايلارنىڭ ھىلىسى ئىدى. تۈركىستاندا قاچانلا ئىنقىلاب بولسا، خىتايلار ئالدامچىلىق بىلەن كېلىشكەن بولۇپ تۇرۇپ زىيان يەتكۈزەتتى ھەم ئىنقىلاب ۋاقتىدىكى خىتايلاردا ماددىي كۈچ بولمىغانلىقتىن، بولشېۋىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. نەتىجىدە ۋاقىتلىق كېلىشىمنى تۇڭگان بىلەن بولسا ئىكەن دەيتتى. دېمەك، تۇڭگانلار ۋەھشى، قانخور دۇر، لېكىن جاھىل، نوپۇسى ئاز بولغانلىقتىن، خىتايلارنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن تۇڭگانلارنى تۈگىتىش ئاسان دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جىمسار كېلىشىمىدىن ھەيران بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابچى ئەربابلاردىن نىياز دېھقان ھەمرالىرى بىلەن قايتىپ كەتتى. تۇرپانلىق ئابدۇسەمى بەگمۇ قارشى چىقتى. ھەقىقەتەن خوجا نىياز ھاجىلار ئۆزلىرى ئاددى بىر خىتاي مەمۇرلىق نامىنى تاقىۋېلىپ خاتا ئىش قىلغان ئىدى. دېمەك، ئىنقىلاب ئالدى بىلەن قۇمۇلدىن باشلىنىپ، تۇرپان ئاندىن كېيىن باشقا يەرلەردە بولغىنى ئۈچۈن پۈتۈن تۈركىستان خەلقى قۇمۇل، تۇرپان ئىنقىلاب باشلىقلىرىدىن خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتىلارغا چىن قەلبىدىن ھۆرمەت قىلاتتى. بولۇپمۇ خوجا نىياز ھاجىنى كۆرۈشكە مۇشتاق ئىدى. خەلق تۈركىستاننىڭ بۈيۈك بىر داھىسى دەپ ئىشەنگەن كىشى پۈتۈن تۈركىستاننىڭ، ئومۇمىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پىكرىنى، مۇجاھىدلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي، بىر خىتاي مەمۇرلۇقىنى ئۆزىگە

تاقىۋالغانلىقى خەلقنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. قىيىن يولغا كىرىپ كەتتى. نەتىجىدە خوتەن ئالاھىدە بىر خانلىقنى دەۋا قىلدى، كاشغەردە باشباشتاقلىق دەۋر سۈرۈپ ئىستىقلال تەشكىلى بىلەن ئاياغلاشتى. خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتىلار جىمساردىن تۇقسۇنغا چۈشۈپ ئۇ يەردىن قارا شەھەرگە ئۆتۈپ كەتتى. قارا شەھەردە ما شىمىن تەييارلىغان بىرەر مىڭ تۇڭگان ئەسكىرى بار ئىدى. خوجا نىياز ھاجى قارا شەھەرگە كەلگەندە تۇڭگانلار بىلەن سوقۇشۇپ قارا شەھەرنى پەتھى قىلدى.

خوجا نىياز ھاجى جىمساردىن قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلغاندا، ما جۇڭيىڭ گۇچىڭدىن ئۈرۈمچى تەرەپكە ھەرىكەت قىلىپ پوكاڭغا بارغاندا، ئۈرۈمچىدىن شېڭ شىسەي چىقىپ سوقۇشىدۇ. نەتىجىدە ما جۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، قېچىپ گۇچىڭدىمۇ تۇرالماي پىچانغا چۈشىدۇ. ما جۇڭيىڭ گەنسۇغا قايتىپ كېتىش ياكى تۈركىستاندا قېلىش ھەققىدە تەشۋىش قىلىپ تۇرغاندا، تۇرپاندىن ئابدۇللېتىپ قازى ئاخۇنۇم بىرىپ تۇرپانغا تەكلىپ قىلىپ، ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بىرىدۇ. ما جۇڭيىڭ بۇنى قوبۇل قىلىپ تۇرپانغا كېلىدۇ.

خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتىلار قارا شەھەردىكى ۋاقتىدا، كۇچاردىن مەھپۇز بەگ بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن قاراشەھەر لارمالغا بىرىپ ختايلار بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن قارا شەھەرگە كېلىدۇ. ئىنقىلاب داھىسى خوجا نىياز ھاجىنىڭ باۋۇيى سېلىك بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، خوجا نىياز ھاجى تەرىپىدىن بىر سىجاڭلىق مەنسۇپى ئالىدۇ. بۇ ئارىدا ما جۇڭيىڭنىڭ تۇرپانغا كېلىپ قالغانلىق خەۋىرىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئەمر بىلەن مەھمۇد سىجاڭ، مەھپۇز سىجاڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن سوقۇش قىلىش ئۈچۈن توقسۇنغا بىرىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن سوقۇشۇپ مەغلۇپ بولۇپ، يەر ۋە ھاۋانىڭ ناچار بولۇشى بىلەن كۆپ چىقىمغا ئۇچرايدۇ. بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئەسكىرى تەلىم كۆرمىگەنلىكىدىن ۋە تۇڭگانلارنى مۇسۇلمان دەپ ئۆلتۈرۈشكە قولى بارمىغانلىقىدىن بولغان. تۇڭگانلار ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. بۇ مەغلۇبىيەت خوجا نىياز ھاجىلارنى قارا شەھەرنى بوشىتىپ كۇچارغا چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. قارا شەھەر ما جۇڭيىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ما جۇڭيىڭ قارا شەھەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بولۇپ، ئۈرۈمچى بىلەن ھېسابلىشىشقا ئۆتتى. ئۈرۈمچى كۈچلىرى بىلەن خېلى ئۇزۇن تىركىشتى. خوجا نىياز ھاجى ئاقسۇغا كېلىپ چەت ئەلدىن قورال ئېلىپ كېلىش پىكرىگە كېلىپ، رۇسىيە بىلەن سىياسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۈچتۇرپان يولى بىلەن ئازراق قورال ئەكەلدۈردى. مۇسۇلباي، ھەمدۇللاھ ئاخۇن ۋاجىدى ۋە باشقا كىشىلەر بىر ھەيئەت بولۇپ، تاشكەندگە بىرىپ بەزى تەشەببۇسلاردا بولغان ئىدى.

بۇلارنى بىز مۇشۇ يەردە توختىتىپ، كاشغەر، خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى تەكشۈرەيلى:

كاشغەردە تۆمۈر سىجاڭ ھاكىم بولۇپ، خوتەندە ئۆلىمالار ھەيئىتى يەنى مۇھەممەد نىياز ئەلەم، سابىت داموللام، مۇھەممەد ئەمىن داموللام، ئابدۇللاھ ئاخۇن، نۇر ئەھمەد ئاخۇن، كامال داموللام قاتارلىق ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ ھەممىسى ئەھلى ئىلىم كىشىلەر ئىدى. ھەممە ئىنقىلابچىلار خوجا نىياز ھاجىنى ئىنقىلاب داھىسى دەپ ئېتىقاد قىلىشاتتى. خوجا نىياز ھاجىنىڭ نەنجاڭ باۋۇيى سىلىڭ بولۇپ، ئالتە شەھەرگە كېلىپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كاشغەردە يىغىلىپ بىر مەسلىھەت قىلىش نىيىتى بىلەن، خوتەندىن سابىت داموللام، شاھ مەنسۇر (ئابدۇللاھ ئاخۇن) لار بىر مۇنچە ئەسكەر بىلەن كاشغەرگە كەلدى.

تۆمۈر سىجاڭ، شاھ مەنسۇر، ئوسمان ئەلى بەگلەر ئوتتۇرىسىدا مۇزاكىرە بولۇپ، نەتىجىدە خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى بۇزۇشقا، تۈركىستاننىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە خىتاي قوۋۋىتى قويماي يوقىتىشقا توختام قىلىشتى. ۋاقىتلىق باش قوماندانلىققا تۆمۈر سىجاڭ سايلىنىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈرۈمچى تەرەپكە يۈرۈشكە باشلىدى. ئەپسۇسكى، يېزىشقان قارار نامىغا شاھ مەنسۇر موھۇرنى باسقان ئىكەن. تۆمۈر سىجاڭ بىلەن زىددىيەتلىشىپ، تۆمۈر سىجاڭ شاھ مەنسۇرنى قورالسىزلاندۇرۇپ، سابىت داموللام بىلەن ئىككىسىنى كاشغەردە قامايدۇ. ياركەندە تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەمىر بىلەن ھاپىز لوجاڭ شاھ مەنسۇرنىڭ ئىنىسى ئەمىر نۇر ئەھمەدنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ خوتەننى ئۆزىگە قارىتىشقا قول ئاستىدىكى قوماندانلاردىن ھاپىز لوجاڭ، كىچىك ئاخۇن، سېيتۋالدىجانلارنى بۇيرۇيدۇ. شۇ چاغدىكى كاشغەر قازىسى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل: «خوتەنلىك بىلەن جىھاد قىلىش پەرز» دەپ پەتىۋا بېرىدۇ.

بىر ھەپتە بۇرۇن ئۈرۈمچىدىكى خىتاي بىلەن سوقۇشۇپ، پۈتۈن تۈركىستاننى پەتھى قىلماستىن ئارام ئالماسلىققا ۋەدە قىلىشقان، بەلكى قەسەم قىلىشقان مۇجاھىدلار ئۆز ئارا قىرىپ ئۆرۈشۇپ كېتىدۇ.

باشتا زىخۇي بولۇپ، كېيىن يەرلىكلەرنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ تۆمۈر سىجاڭغا ئوغۇل بولىۋالغان ما جىنسا بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان ئەلى بەگنى زىددىيەتكە سېلىپ قويىدۇ.

ئوسمان ئەلى بەگ ماجىنسادىن قورالنى تارتىۋالمەن دەيدۇ، تۆمۈر سىجاڭ ما جىنسانى ھىمايە قىلىدۇ. بۇ زىددىيەت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاشكارا يۈز بېرىدۇ. ئوسمان ئەلى بەگ خاپا بولۇپ، پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن بىر كېچىدە تاغقا چىقىپ كېتىدۇ. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىرقىسمى خوتەن تەرەپكە، يەنە بىر قىسمى كۈچاردىن كەلمەكچى بولغان ئايالىنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن پەيزىئاۋاتقا كېتىدۇ. يېنىدا پەقەتلا بىرنەچچە يۈز ئەسكەر بىلەن توختى لوجاڭ ۋە ھامىد خان قالغان ئىدى. ئوسمان ئەلى بەگنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تاغقا چىقماقچى بولغاندا، بۇنى كۈتۈپ تۇرغان تۇڭگانلار تۆمۈر سىجاڭ بىلەن تاغقا چىقماقچى بولىدۇ.

ئەتىسى قىرغىزلارنى قوغلاپ تاغقا چىقىدۇ. ئۇ كۈنى يېتىشەلمەي توختى لوجاڭ قەستەن ھامىد خاننى ئوسمان ئەلىنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى ماشىنا بىلەن شەھەرگە قايتىدۇ. يولدا كېلىۋاتقاندا ياردەم ئۈچۈن چىققان تۇڭگانلار تۆمۈر سىجاڭنى شەھىد قىلىپ، بېشىنى كېسىپ كاشغەردە سازايى قىلىدۇ. ئارتۇش كىچىك ئاخۇن ئوسمان ئەلى بەگنى نەچچە قېتىم قورالسىزلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغاندا تۆمۈر سىجاڭ بالام دەپ ھىمايە قىلىۋالغان ئىدى. ۋاقتى كەلگەندە تۇڭگان ما جىنسا ئۇنىڭ بەدىلىگە ئوق بەردى، ئۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي بېشىنى مىليونلارچە تۈرك ئالدىدا نەيزىگە سانچىپ سازايى قىلىدى.

تۇڭگانلار بىر ھەپتىدەك كاشغەرگە ھاكىم

بولدى. كېيىن ئوسمان ئەلى بەگ تاغدىن چۈشۈپ ئارتۇش ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۇڭگانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىنىسىنى قۇربان بېرىپ كاشغەر كونا شەھەرنى قايتۇرۇۋالدى. تۇڭگانلار يېڭى شەھەردە مۇھاسىرىدە قالدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئەتراپتىن كېلىپ تۇڭگانلار بىلەن بىرەر ئاي ئۇرۇشۇپ، يېڭى شەھەرنى پەتھى قىلالماي، ئوسمان ئەلى بەگ بىلەنمۇ كېلىشەلمەي قايتىپ ئاقسۇغا بېرىپ خوجا نىياز ھاجىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

تۆمۈر سىجاڭ قاماپ قويغان سابىت داموللام، شاھ مەنسۇرلار بۇ ۋەقەدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. سابىت داموللام ئۆز يۇرتى ئارتۇشقا كەتتى. شاھ مەنسۇر ياركەندگە قايتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە قالغان ھاپىز لوجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قورال ئېلىپ، ياركەندنى خوتەنگە قوشۇپ ئۆزى ياركەنددە تۇردى. ياركەنددىن چەرچەننىڭ شەرقىغىچە «خوتەن ھۆكۈمەتى ئىسلامىيە»نىڭ زېمىنى بولۇپ قالدى. كاشغەر يېڭى شەھەردە تۇڭگان، كونا شەھەردە كاشغەر فاتىھى ئوسمان ئەلى سىجاڭ بولۇپ، ئاقسۇدا نەنجاڭ باۋۋېي سىلىڭ، ئىنقىلاب باشچىمىز خوجا نىياز ھاجىم تۇرۇپ، مەھمۇد سىجاڭ قارا شەھەر ئەتراپىدا تۇڭگانلار بىلەن تىركىشىپ تۇراتتى. ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچى بىلەن ئوينىشىپ تۇراتتى، ئۈرۈمچىدە ھەيۋەتلىك موسكۋا ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ بولغان ئىدى.

ئالتايدا قازاق تۈركلىرى خىتايچە ئوقۇغان شېرىپخان تۆرە باشچىلىقىدا ئىنقىلاب قىلىپ، ئالتاي ئەتراپلىرىنى تامامەن پەتھى قىلىپ بولغان ئىدى. ئىنقىلاب باشلىقى خوجا نىياز ھاجى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، شېرىپخانمۇ شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشتى. ئالتاينى ئىختىيارى ئىدارە قىلىشقا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئالتاي جىڭۋېي سىلىڭ شىن جىنجاڭلىقىقا تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئالتايدا ئىنقىلاب بىسىقتى.

بۇ چاغدا چۆچەكتىمۇ ئىنقىلاب بولغان ئىدى. ئەمما چۆچەك پۈتۈنلەي پەتھى بولۇشتىن بۇرۇن شېڭ شىسەي رۇس بىلەن بىرلىشىپ، چېگرىدىن قىزىل رۇس ئارمىيىسى كىرىپ، چۆچەك ئىنقىلابىنى باستۇردى. چۆچەك بۈيۈكلىرىدىن روزۇم باي، ئەنسار باي ۋە ھەسەنبايلار كەبى مىليونېرلاردىن خېلى كۆپ تۈركلەرنىڭ بېشى كېسىلىپ، پۇل ـ ماللىرى مۇسادىرە قىلىندى. چۆچەك ئىنقىلابى پاجىئەلىك ئاياغلاشتى، دېمەك، چۆچەك شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان ئىدى.

مىلادى 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى خوتەن، كاشغەر، ئاقسۇ ھەر بىرى ئۆزئالدىغا ئىش كۆرۈپ، ھەممىسى بىر غايىگە كېلەلمىگەن ئىدى.

ماجۇڭيىڭ يەرلىكلەردىن يولۋاس بەگ، لۈكچۈن ۋاڭى، سەبۇر دورغىلارنى ئۆزىگە سادىق قىلىپ، قۇمۇل، تۇرپاندىن ئون مىڭلىغان يىگىتلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ئۈرۈمچىنى ئوق چاچار بومبىغا تۇتۇپ، بېسىۋېلىش ھەيۋىسى بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. شېڭشىسەي رۇسلار بىلەن پۇختا سۆزلىشىپ، ماجۇڭيىڭ ۋە يەرلىكلەرنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، تۈركىستاندا رۇس ھىمايىسىدە ‹خۇنخور ھۆكۈمىتى› قۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى.

بىزنىڭ: «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس› دېگەن ماقال ـ تەمسىلىمىزگە مۇۋاپىق، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭمۇ ئۈيقىسى ئېچىلىپ قالدى. ئالدىغا قېچىپ بارغان جىن شورېننى قامىدى. نەنجىڭدا تۈركىستانلىقلارغا ئازراق خىرىدارلىق قىلدى. يەرلىك تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازراق كۆڭلىنى ئېلىشقا

باشلىدى. بىر تەرەپتىن تۈركىستانغا ھەيئەت ئەۋەتىپ بەزى تەشەببۇسلاردا بولدى. نەنجىڭدىن چىققان ھەيئەتلەرنىڭ ئاۋۋالقىسى خۇاڭ مۇسۇڭ دېگەن چىن گېنېرالى بولۇپ، ھەمرا بولۇپ چىققان كىشى شەرقىي تۈركىستانلىق ئىيسا بەگ ئىدى. بۇلار ئۈرۈمچىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، شېڭ شىسەينى يوقىتىپ، ئورنىغا خۇاڭ مۇسىڭنى دوبەن قىلىشقا تەشەببۇس قىلىپ باقتى. ئەگەر بۇ ئىشتا مۇۋەپپەق بولسا ئىدى، تۈركىستاندىن رۇسلارنىڭ سىياسىي نوپۇزىنى ئازراق كەسكەن بولاتتى. ئىش ئۇلار ئويلىغاندەك بولمىدى. بەزى تەشەببۇسلىرى سېزىلىپ قېلىپ، شېڭ شىسەي كۆپ خىتايلارنى ئۆلتۈردى، خۇۋاڭ مۇ سىڭ، ئىيسا بەگلەر نەنجىڭنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن قۇتۇلۇپ قېلىپ نەنجىڭغا قايتىپ كەتتى. نەنجىڭنىڭ يەنە بىر ھەرىكىتى مەركەز خارىجىيە ۋەكىلى بولغان لىيۇ بۇجاڭنى تۈركىستانغا چىقاردى (لىيۇ بۇجاڭنىڭ يەرلىكلەر بىلەن چۈشكە رەسىمى «تىيانشان مەجمۇئەسى» دە بار). بۇ كىشى تۈركىستانغا كېلىپ، ئىلىدا گېنېرال بولۇپ تۇرغان جاڭ زىخىننى (جاڭ پېيىۋەن) تاپتى ۋە ما جۇڭيىڭنى قولغا كەلتۈردى، جاڭ زىخىن، ما جۇڭيىڭنى بىرلەشتۈردى. ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلسۇن، جاڭ شىمالىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلسۇن، شېڭشىسەي ۋە يەرلىكلەرنى يوقاتسۇن، شۇنىڭ بىلەن تۈركىستان خالىس خىتاي زېمىنى بولسۇن، دېگەن پىلاننى قۇرۇپ، بۇ پىلاننى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىنمۇ ئۆتكۈزدى. جاڭ زىخىن ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىشى، شېڭشىسەينى يوق قىلىشى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەسكەر يوللىشى ھەققىدە نەنجىڭدىن ئەمر كەلگەنلىكىنى ئىلىدا ئېلان قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ئەسكەر ماڭدۇردى. ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزى ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز رۇس چېگرىسىدىن شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى، ئايروپىلانلىرى كېلىپ بومباردىمان قىلدى. ئۈرۈمچىگە ماڭغان ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچىگە يېقىنلاشماستىن رۇسلار بىلەن سوقۇشۇپ مەغلۇپ بولۇپ، ياڭزىخۇينىڭ قوماندانلىقىدا بولغان ھالدا، تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ، ما جۇڭيىڭنىڭ قېچىپ كەلگەن يولىدا بىرلىشىپ، كاشغەرگە، كېيىن خوتەنگە كېلىپ توختىدى. ما جۇڭيىڭمۇ ئۇزۇن ئۆتمەستىن مەغلۇپ بولۇپ، ئالتە شەھەرگە قاچتى. بۇ پىلاننى تۈزگەن نەنجىڭ مەركەز خارىجىيە ۋەكىلى نەنجىڭغا قايتۇرۇلۇپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ما جۇڭيىڭ بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىكلەر بىلەن ھېسابلىشىشقا مەجبۇر ئىدى. دېمەك، مەھمۇد مۇھىتى كورلىدا تۇرۇپ، داۋاملىق قارا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. تۆمۈر سىجاڭنى شەھىد قىلغان ما جىنسا بىرەر مىڭ ئەسكەر، كۆپلىگەن قورال - ياراق، ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن كاشغەر يېڭى شەھەردە مۇھاسىرىدە ئىدى. بۇلارغا ما جۇڭيىڭ تەرىپىدىن ياردەم كەلمىسە، يوق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ما جۇڭيىڭ ئۆزىگە سادىق ئەسكەرلىرىدىن يەتتە يۈز ئاتلىق ئەسكەرنى ما جىنساغا ياردەم قىلىپ قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ باشلىقى ما فويىن دېگەن بىر تۇڭگان ئىدى. بۇلار كورلا باش ئەگمىدە مەھمۇد مۇھىتى، ھاپىز بەگ لوجاڭلار بىلەن توقۇنۇشۇپ، يەرلىكلەر يېڭىلىپ كوچارغا كەتتى. شۇ مەغلۇپ بولغىنىچە كېيىنكى ئىنقىلابقىچە بىرەر بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى. بەدبەخت تۇڭگانلارنىڭ ۋەقەسىنى

مۇشۇيەردە توختىتىپ، كاشغەردە تىكلەنگەن مۇقەددەس ئاي يۇلتۇزغا قارايلى.

دۈشمەنلەر ئۆز ئىشىنى پۇختىلاپ ئالغان ئىدى.

بىر تەرەپتە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالغا ئۇچراپ قېلىش قورقۇنچىسى تۇراتتى. كاشغەردە سابىت داموللا تۈركىستاننىڭ ئالىم ۋە مۇنەۋۋەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، تۈركىيە، مىسىرلارنى ساياھەت قىلغان، تۈركچە «شىرىن كالام»[1]، «ئاقائىدى جەۋھەرىيە» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان بىر زات بولۇپ، تۈركىيەدىن بارغان مۇستاپا ئەلى بەگلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ‹تۈركىستان مۇستەقىل ھۆكۈمەت جۇمھۇرىيىتى› تەشكىل قىلدى. مىللىي مۇستەقىللىق بايرىقىغا ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق قوبۇل قىلىندى. مۇستەقىللىق قۇرۇلۇشى مىلادى 1933 ـ يىلىنىڭ (قول يازمىدا 1932 ـ يىلى دېيىلگەن) ئاخىرلىرى ئىدى. ھۆكۈمەت ئەزالىرى: خوجا نىياز ھاجى رەئىس جۇمھۇر، سابىت داموللا باش ۋەكىل، مەھمۇد مۇھىتى ئەركان ھەرب رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، بۇلاردىن ئىككىسى ئاقسۇدا ئىدى. ئوراز بەگ ھەربىي ئىشلار نازىرى، يۈسۈف جان مەركەز قوماندانى، زەرىف قارى ئەدلىيە نازىرى، يۇنۇس بەگ سەئىدى ئىچكى ئىشلار نازىرى، قاسىمجانھاجى تاشقى ئىشلار نازىرى، ئەلى ئاخۇنباي مالىيە نازىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، مىللىي ئىستىقلالدىن قەغەز پۇل چىقىرىپ ئىشلىتىلگەن ئىدى. چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا مۇستاپا ئەلى بەگ ئەۋەتىلگەن ئىدى.

ئەمدى بىز ئازراق ئاچچىق ھەقىقەتلەرنى ئېتىراپ قىلىپ ئۆتىمىز:

دېمەك، مىللىي مۇستەقىللىق بىلەن خوجا نىياز ھاجىنىڭ باۋۇېي سىلىڭلىقىنى ئازراق پەرق قىلاتتۇق. بىر تەرەپتە ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق كۆتۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتە خىتاي بايرىقى كۆتۈرۈلگەن، خوتەندە پادىشاھلىق نامى ئەمەلدىن قالمىغان ئىدى، ئەمما ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى. رۇسلار خۇنخوزا ھۆكۈمىتى قۇرۇشقا قارار قىلغان ئىدى. ھايات بولغان پۈتۈن تۈركىستانلىقلار بىر تەرەپ، بىر دىل بولۇپ، يەنى مىللىي مۇستەقىللىق بايرىقى ئاستىدا قارار قىلغان بولسا ئىدى، بىرەر پايدا چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنداق بولماي ھەر بىر ئەسكەر بېشى بولغان كىشىلەر پادىشاھلىق مۇشۇ، كۈچ ـ قۇۋۋەت مۇشۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. مۇستەقىل ھۆكۈمەت ئاقسۇدىكى خوجا نىياز ھاجىنى جۇمھۇر رەئىسى سايلىدى. بىر تەرەپتىن ئەھمەد تەۋپىق، ئابدۇلغەپۇر ھاجىلاردەك زاتلار مىللىي ھەرىكەتلەرگە خېلى تۈيغۇنلۇق بەرگەن ئىدى. خوجا نىياز ھاجى ئاقسۇدىكى چاغدا، باش ۋەكىل ۋە باشقا قالغان ھۆكۈمەت ئەركانلىرى كاشغەردە ئىدى. بۇلار ئۆز مەنپەئىتىگە ئېرىشمەكنى يەرلىك قوماندانلارنىڭ ئارىسىغا مۇناپىقلىق ئۇرۇغىنى چېچىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، كاشغەردىكى تۈرك قوماندانلىرىنىڭ خوجا نىياز ھاجىغا سۇيىقەست قىلماقچى ئىكەنلىكىنى يېزىپ، ساددا دىل خوجا نىياز ھاجىنى ئىشەندۈرۈپ بولغان ئىدى. ئەھمەد تەۋپىقنىڭ تۈركىستاندىن چىقىرىلىشى بۇ ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. مۇستەقىللىقىمىزنىڭ يىقىلىشىغا سەۋەب بولغان

[1] سابىت داموللامنىڭ «شېرىن كالام» ناملىق مەزكۇر كىتابى تۇنجى قېتىم غۇلجىدا، كېيىن كەشمىر، كاراچى ۋە جىددىدە قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغان بولۇپ، تۇرغۇنجان ئالائىددىن ۋە ت . شەھىدىلەر تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلغان نۇسخىسى ئابدۇلجېلىل تۇراننىڭ تەھرىرلىكىدە تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ٢٠٠٧ ـ يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان.

ئىشەنچىسىزلىكىنىڭ ئۈرۈغى مۇشۇ. رۇسىيەدە تەربىيەلەنگەن ئۇيغۇرلاردىن بىر نەچچىسى قىچىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئىنقىلابچىلار قاتارىغا كىرىۋالغان ئىدى. ئەنە شۇلار ئىستىقلال ئەركانلىرى ئارىسىدا ئىغۋا پەيدا قىلىپ، مۇناپىقلىق، ئىشەنچسىزلىك تۇغدۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رەئىسى جۇمھۇر خوجا نىياز ھاجىنىڭ باش ۋەكىل سابىت داموللىغا ئىشەنچىسى قالمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىستىقلال ھۆكۈمىتى ئەھمەد تەۋپىقنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقارغان ئىدى. شۇنىڭدەك، ئابدۇلغەپۇرھاجىنىمۇ قاماپ قويغان ئىدى. خوجا نىياز ھاجىنىڭ يېنىغا بەزى كېلىشەلمەسلىكلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەھمۇد نەدىم ئەپەندى، زەيدىن ئاخۇنلارنى ئەۋەتكەن ئىدى. مەھمۇد نەدىم ئەپەندى خوجا نىياز ھاجى بىلەن ئۈچتۇرپاندا ئۇچراشتى. دېمەك، كاشغەردە ئىستىقلال ھەرىكىتى داۋام قىلىۋاتقاندا، ماجۇڭيىڭ تەرىپىدىن كاشغەر يېڭى شەھەردە مۇھاسىرىدە قالغان ما جىنساغا ياردەمگە ئەۋەتكەن ما فۇيۈەن قوماندانلىقىدىكى بىرەر مىڭ تۇڭگان ئەسكىرى ئاقسۇغا كېلىپ قارا يولغۇندا سوقۇشتى. يەرلىك خەلق باشلىقلىرىدىن خوجا نىياز ھاجى، باي سىجاڭ، مەھمۇد سىجاڭلار بولۇپ، قارا يۇلغۇندا باي سىجاڭ شەھىد بولدى. يەرلىكلەر مەغلۇپ بولۇپ، ئاقسۇنى تاشلاپ ئۈچتۇرپانغا چىققان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار ئاقسۇنى ئىشغال قىلغان ئىدى.

شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش لازىمكى، شۇ ۋاقىتدا يەرلىكلەرنىڭ سانى تۇڭگانلاردىن كۆپ ئىدى. قوراللىرى يېتەرلىك ئىدى. دېمەك، ئۈچتۇرپان ئارقىلىق خوجا نىياز ھاجى خېلى كۆپ ئوق، بىر نەچچە يۈز مىلتىق كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دېسە، بىز تەجرىبىمىزگە ئاساسەن جاۋاب بېرىمىزكى، ئەسكەرلىرىمىز تەلىمسىز ئىدى. ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىمىزدە تۇڭگانلار مۇسۇلماندۇر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆلسە كاپىر ئۆلۈمىدە ئۆلەرمىش، دېگەن يالغان سۆز تارقاتقۇچىلار بولۇپ، ئەسكەرلەرنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويغان ئىدى. مانا شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلىرىمىز تۇڭگانلار بىلەن قىزغىن جەڭ قىلماي مەغلۇب بولغان ئىدۇق.

مەھمۇد نەدىم ئەپەندىلەر خوجا نىياز ھاجىنى كاشغەرگە تەكلىپ قىلدى. خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇد سىجاڭلار ئۈچتۇرپاندىن تاغ يولى بىلەن كاشغەرگە كەلگەندە، قىرغىز قالى بەگ يولدا توسۇپ خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئوق، خەزىنە يۈكلەنگەن تۆگىلىرىنى ئولجا ئېلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ، مەغلۇپ بولدى. خوجا نىياز ھاجى ئارتۇشقا كەلگەندە كاشغەردىن باش ۋەكىل قاتارلىق پۈتۈن دۆلەت ئەركانلىرى قارشى ئېلىپ كاشغەرگە چۈشۈردى. خوجا نىياز ھاجى رەئىسى جۇمھۇرلۇق سۈپىتى بىلەن پۈتۈن قوماندانلارنى يېڭى شەھەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. مەھمۇد مۇھىتى ئەركان ھەرب نازىرلىقىغا، ئوراز بەگ ھەربىي نازىرلىقىغا، يۈسۈپجان مەركىزى قوماندانلىققا بەلگىلەندى. كىچىك ئاخۇن ئەسكەرلىرى بىلەن يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى. يېگىرمە كۈنلۈك ئۇرۇشتىن كېيىن يېڭى شەھەر پەتھى بولدى. شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش لازىمكى، نېمە ئۈچۈن يېڭى شەھەر مۇھاسىرەسىدە مەھمۇد مۇھىتىدىن كۆرۈلگەن پىداكارلىق، ئوراز بەگ، يۈسۈپجانلاردىن كۆرۈلمىدى؟

ھەربىي نازىر بولغان ئوراز بەگ يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكەن ئوسمان ئەلىنىڭ مۇئاۋىنى ئىدى.

ئوسمان ئەلى ئىستىقلال تەشكىلىدىن باش تارتقىنى ئۈچۈن، ئوسمان ئوراز بەگ قىرغىز ئەسكەرلىرى ئۈستىدە بولۇپ قالغان كىشىدۇر. ھازىر يوقتۇر. بولشېۋىكلەر تەرىپىدىن يوق قىلىنغان.

يېڭى شەھەر مۇھاسىرىسىدە بوگۇن - ئەتە پەتھى بولىدۇ دەپ تۇرغاندا، ئاقسۇدىن مافۇيۇەننىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى يېڭىساردىن ئەمىر نۇر ئەھمەد بەگ بىرەر مىڭ ئەسكەر بىلەن كاشغەرگە كەلگەن ئىدى. مەسلىھەت بىلەن خوجا نىياز ھاجىم نۇر ئەھمەد بەگ قوماندانلىقىدا باشقا بىر نەچچە ئەسكەر بىلەن مافۇيۇەننى توسماق ئۈچۈن پەيزىئاباتقا باردى. لېكىن تۇڭگانلارنى توسالماي خوجا نىياز ھاجىم كاشغەرگە يېنىپ كەلدى. نۇر ئەھمەد بەگ يېڭىسارغا قايتىپ كەتتى. خوجا نىياز ھاجى قايتىپ شەھەرگە كىرىشى بىلەن پۈتۈن قوماندانلار ئارىسىدا تەشۋىش پەيدا بولدى. يېڭى شەھەر مۇھاسىرىسى ئەمەلدىن قالدى. شۇ كېچىسى شەھەرنى تاشلاپ پۈتۈن قوماندانلار تارقاپ كەتتى. خوجا نىياز ھاجى مەھمۇد سىجاڭ بىلەن يېڭىسارغا كەتتى. ئوراز بەگ مىڭ يولىغا چىقىپ كەتتى. يۇسۇپجان تاشقورغان يولىغا، كىچىك ئاخۇن ئارتۇشقا چىقىپ كەتتى. باش ۋەكىل بىچارە ھەممە كۈچىمىزنى توپلاشقا كىرىشىپ، يۇسۇپجان، ئوراز بەگ، زەيدىن ئاخۇنلارنى يىغىپ كاشغەرگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ياخشى نەتىجە چىقماستىن، ئەكسىچە كاشغەردە قەتلىئام، مۇسادىرە بولۇشقا سەۋەب بولۇپ قالدى. دېمەك، بىر كۈنى تۇرك ئەسكەرلىرى كاشغەر كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئىدى، خېلى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى ئەسىر قىلىپ، نەتىجىدە پالاكەتكە ئۇچراپ قايتىپ چىقىپ كەتتى. باھانە تاپالماي تۇرغان تۇڭگانلار شەھەرنى قەتلىئام ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. شەھەر خەلقىدىن 10 مىڭ كىشىنىڭ بېشىنى كەستى. نۇرغۇنلىغان پۇل - ماللارنى مۇسادىرە قىلدى.

خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتىلار ياركەندگە باردى. شاھ مەنسۇر بىلەن ئۇچرىشىپ، تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ، يەنە كاشغەرگە كېلىپ تۇڭگانلار بىلەن سوقۇشۇپ يەنە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، خوجا نىياز ھاجى ئەركەشتامغا چىقىپ كېتىپ، مەھمۇد مۇھىتى مەكىتكە كېلىپ تۇردى. كاشغەرنى تولۇق ئىستىلا قىلغان تۇڭگانلار يېڭىسارغا كېلىپ نۇر ئەھمەد بەگ بىلەن سوقۇش باشلىدى. نۇر ئەھمەد بەگ ساباتلىق بىر يىگىت بولۇپ، يېڭىسارنى بوشاتماي يىگىرمە كۈندەك جەڭ قىلدى. ياخشى قوراللىرىدىن ئايرىلدى. شۇنداقتىمۇ بوشاشماي جەڭ قىلىپ تۇردى. تۇڭگانلار كۆپ چىقىمغا ئۇچرىدى. تۇڭگانلار مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالغان تۇرك يىگىتلىرى مىلتىقلىرىنى نۇر ئەھمەد بەگ ئەسكەرلىرىگە سىپىلدىن سۇنۇپ بېرىپ ئۆزلىرى تۇڭگانلار قولىدا شەھىد بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە ما جۇڭيىڭ ئۇرۇمچىدە مەغلۇپ بولۇپ، قارا شەھەر، كۇچارغا كېلىپ، كۇچاردا ئىلىدىن كەلگەن خىتايلار بىلەن بىرلىشىپ، نۇرغۇن كۈچ توپلاپ كاشغەرگە يېتىپ كېلىشى، يېڭىساردىكى ئۇرۇش كۈنلىرىگە ئۇدۇل كەلگەن ئىدى. دېمەك، ما جۇڭيىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئارىدا مەھمۇد مۇھىتى، شاھ مەنسۇر، يۇسۇپجان ۋە باش ۋەكىللەر بىرىپ يېڭىساردا نۇر ئەھمەد بەگكە ياردەمدە بولدى. ئەپسۇسكى شاھ مەنسۇر شەھىد بولدى. قالغان ئەسكەرلىرى تارقاپ كەتتى. يېڭىسارنى تۇڭگانلار ئىستىلا قىلدى. نۇرئەھمەد بەگ ئوغۇل بالىدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەھىد بولدى.

خوجا نىياز ھاجى ئەركەشتامدىن قايتىپ كەلدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچى قوشۇنى كۈچارغا كېلىپ قالغان ئىدى. ما جۇڭيىڭ كاشغەردە ئىدى. خوجا نىياز ھاجىلار ياركەندكە كەلدى. خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ باش قوماندانى مۇھەممەد ئەمىن داموللامۇ ياركەندكە كەلگەن ئىدى. خوجا نىياز، مەھمۇد مۇھىتىلارغا ئىككى يول بار ئىدى. بىرى، ئىستىقلال بايرىقى ئاستىدا تۇرۇپ جان بېرىش، يەنە بىرى، جىمساردا كېلىشىم قىلغان شېڭنىڭ ئالدىغا بېرىش. بۇلار كېيىنكى يولنى تاللىدى. باش ۋەكىلنى تۇتقۇن قىلدى. ئەمىر مۇھەممەد ئەمىن داموللا خوتەنگە قايتتى. خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتىلار ئاقسۇغا كېلىپ، شېڭ شىسەي قوشۇنىغا قوشۇلدى، باش ۋەكىل سابىت ئابدۇلباقى ئوغلىنى شېڭ شىسەيگە تاپشۇردى. يۈسۈپجانلار تاشقورغان تەرەپتە قالدى. ئوراز بەگ تاغقا چىقىۋالدى.

1934 ـ يىلى (قولىيازمىدا 1933 ـ يىلى دېيىلگەن) 3 ـ ئايدا تۈركىستان مىللىي ئىستىقلالى ۋە مۇقەددەس بايرىقى يىقىتىلدى.

ما جۇڭيىڭ يېڭىسارنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى. خوتەن مۇجاھىدلىرى 10 مىڭلارچە قۇربان بېرىپ، ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئەمىر كەبىر مۇھەممەد ئەمىن ھەزرەت ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. باشتا مەلىك (پادىشاھ) بولغان مۇھەممەد نىياز ئەلەم تۇڭگانلار تەرىپىدىن شىن جىن چاڭ (ۋىلايەت رەئىسى) ئۇنۋانى بېرىلىپ ئىشلىتىلدى. خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇد سىجاڭ ئاقسۇدا ئۈرۈمچى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۈچ ئايدەك تۇرۇپ، كاشغەردىكى ما جۇڭيىڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، ماجۇڭيىڭ ئەركەشتامدىن ئۆتۈپ ئۆزىنى رۇسلارغا تەسلىم قىلدى. ئۆز ئورنىغا ما خوسەن دېگەن تۇڭگاننى ئەسكەر باشلىقى تەيىن قىلىپ خوتەنگە يولغا سالدى. ما جۇڭيىڭنىڭ رۇسىيىگە بېرىۋالغانلىقىدىنمۇ؟ ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە خوتەن ۋىلايىتىدە تۇرۇشىغا يول قويۇلۇپ، ئۈرۈمچى تەرەپتىن ئۇرۇش توختىدى، دوپ ئېلان قىلدى.

خوجا نىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ قۇرۇق جۇشلىق ئەمەل بېرىلدى. مەھمۇد مۇھىتى كاشغەر ئۇيغۇر تۈرك ئەسكەرلىرىگە باش ۋە جىن لى فۇ سىلىڭلىقتا تۇردى.

ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ تۇرغان يولۋاس بەگ قۇمۇلنىڭ جىڭۋى سىلىڭى بولدى. شېرىپخانمۇ ئالتاي ۋالىلىقىدا تۇردى. تۈركىستاندا خەلق قۇرۇلتىيى، ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى دېگەن ناملاردا خەلق تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. ئوقۇشقا يول قويدۇق، ئىستىبداتنى يوق قىلدۇق، ھەر مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولدى، دەپ يالغان تەشۋىقات تارقىتىلدى. ئەپسۇسكى بۇ بىر ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت بولدى. بۇ «ئىڭسەنجۈي» نامى بىلەن يەنە «گ پ ئۇ» ئېچىپ خەلقنى قامىغىلى، ئۆلتۈرگىلى تۇردى. تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىدە خەلقنىڭ بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخشىمى ئورنىدا ساق ياتقان كىشى كېچىسى يوق بولۇپ كەتسە، بالا ـ چاقىسى نەگە كەتكىنىنى بىلىپ تۇرۇپ باشقىلارغا تىنالماس بولۇپ قالدى. ھوقۇق، ئوقۇ دېگەن نەرسىلەر خەلقنىڭ كۆڭلىدىن تامامەن چىقىرىلىپ، جان قورقۇنچىسىدا قالدى. تۈركىستاندا «مەن» دېگەن كىشىلەرنى قويماي، نۆۋەت مەھمۇد مۇھىتى، يولۋاس بەگلەرگە كەلدى. بۇلارنىڭ بىرى ھىندىستانغا، يەنە بىرى خىتاي ئىچىگە قېچىپ كەتتى. مەھمۇد سىجاڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن،

مىلادى 1936 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا غەربىي تۈركىستاندا كۆرۈلگەن نەرسىلەر تامامەن كۆرۈلدى. ھېچقانداق بىر تۈرك بالىسىنىڭ تاقىتى، ۋىجدانى كۆتۈرەلىگۈدەك يەر قالمىدى. تۈركىستاندا 14 مىللەت، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئالتە شوئارى، 4 ـ ئايدا بايرام ئۆتكۈزۈشتەك شۇملۇق، تۈرك قېنى، ۋىجدانى كۆتۈرمەيدىغان نەرسىلەر يۇرتىمىزدا ئىجرا قىلىندى. ئېغىزدا تۈركىستان چىن جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى دېيىلسىمۇ، بولشېۋىكلار ئىدارىسىگە ئۆتۈپ بولغانلىقىنى ھەركىم بىلەتتى. ھەتتاكى: «مۇقەددەس قۇرئاننىڭ ھۆكمىگە ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ يولى توغرا كېلىدۇ»، دەپ كىتابچە نەشر قىلىندى.

ھەر بىر شەھەردە ھەركۈنى دىندار، ۋىجدانلىق كىشىلەردىن قانچىسىنىڭ يوقاپ كېتىشى ئادەتتىكى مەسىلە بولۇپ قالدى. چۈنكى مەسلەكداشلىرىمىزدىن ئابدۇررەھىم ھاجىم، تەۋەككۈل ئەپەندىلەر، مەھمۇد مۇھىتى كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن، بىر بۆلۈك مۇنەۋۋەر كىشىلەر مەسىلەن، مەجىددىن بەگ، ئابدۇللاھ بەگ داموللا، باي ئەزىزى، مايىد، پەيزۇللاھلار مەكتەبلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئۆز مەقسىتىمىزگە بۇرايمىز، پۇرسەتتىن پايدىلىنىمىز، دەپ تىرىشىپ باقتى. لېكىن دۈشمەن بۇنىمۇ كۆپۈككە ئايلاندۇردى. دېمەك، مەھمۇد مۇھىتى، مەجىددىن بەگ، باي ئەزىزى، ئابدۇللاھ بەگ دامولla، مايىد، پەيزۇللاھلار چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى ۋە چىقىپ كېتىشتى. كاشغەر، ياركەندە قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ياركەندگە توپلىنىپ مەسلىھەت قىلىشتى. ئۇلارغا ئىككى يول بولۇپ، بىرى سوقۇشۇپ قۇربان بولماق، يەنە بىرى ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلىش، بەش ـ ئوندىن ئۆلتۈرۈلۈش. دېمەك، بۈگۈن تۈركىستاندا ئەسكەرلىرىمىز ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن ئىدى. يۇسۇپجان، ئوسمان ئەلى بەگ ئەسكەرلىرى ئىتائەتتىن كېيىن، ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگىگەن ئىدى. تەجرىبىگە ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن مۇجاھىدلار «يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال» دەپ ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇلار ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىنى خېلى سىقىشتۇرۇپ كورلىغىچە بارغان بولسىمۇ موسكۋانىڭ تانكىلىرى، قىزىل رۇس ئەسكەرلىرى تەك ئۇچار ئايروپىلانلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، مۇقەددەس ۋەتىنىمىزدە شەھىد بولدى. بەزىلىرىنىڭ ياركەندىنىڭ ئۈستىدىكى تاغلاردا، خوتەننىڭ جەنۇبىدىكى قاراڭغۇ تاغدا بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولساقمۇ، چوقۇم بۈگۈنگىچە ئۇ يەرلەردە تۇرالمىغان بولۇشى مۇمكىن.

خۇلاسە، بىز بۈگۈن تۈركىستاندىن ئايرىلىپ قالدۇق، تۈركىستانىمىز، ئېلىمىز، خەلقىمىز قىزىل ئوتنىڭ ئىچىدە قالدى. ئىنقىلابقا قاتناشقان بۈيۈكلىرىمىزدىن خوجا نىياز ھاجى، يۇنۇس بەگلەرمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگىدى. 1938 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

شەرقىي تۈركىستاندا مىلادى 1931 ـ يىلى جىن شۇرېنغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب ئۈچ يىل داۋام قىلىپ شېڭ دوبەن ھۆكۈمىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، 1936 ـ يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقانلارنىڭ بەزىسىنىڭ يوقىتىلىشى، بەزىسىنىڭ ھىجرەت قىلىشى بىلەن نەتىجىلەندى.

بىز ۋەتىنىمىزدە بولۇپ ئۆتكەن پاجىئەلەرنى، بۈگۈن دۇنيادا بولۇۋاتقان ھادىسىلەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، بىزگە كەلگەن پاجىئەگە باشقا يەرلەردە بولۇۋاتقان ھادىسىلەر ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى پاجىئە ئۇلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىردۇر. دېمەك، بۈگۈن

دۇنيادا ئىسپانىيەدە ئۇرۇش بار، كۈندىلىك بولغان ۋەقەلەر دۇنيا مەتبۇئاتىدا يېزىلىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر مەيداندىكى كىشىلەرنىڭ ياردەمچىلىرى بار. مەسىلەن، فرانكو ھۆكۈمىتىگە پاشىست ھۆكۈمەتلەر ياردەم قىلىدۇ. كوممۇنىستلارغا رۇسلار ياردەم قىلىدۇ. پەلەستىندىكى ئەرەبلەرگە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى ھەمدەردلىك قىلىدۇ. چىن - ياپون ئۇرۇشىدىمۇ ھەر بىرىنىڭ خەيرخاھلىرى بار. ئەمما بىزگە نە دۇنيادا ھەمدەرت بار، نە بىزگە ياردەمچى بار، نە بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە تۆكۈلگەن قانلار، كېسىلگەن باشلارنىڭ سانى بولسۇن؟ نە باشقا خەلقلەر بىلسۇن؟ پۈتۈن ئىنسانپەرۋەرلەر بىلىدۇكى، تۈركىستاندا بولۇۋاتقان تەڭسىزلىك دۇنيانىڭ باشقا ھېچقانداق يېرىدە يوقتۇر. كاۋكازدىن شەرقىي تۈركىستانغا قەدەر پۈتۈن مۇسۇلمانلار بولشېۋىكلاردىن قانداق كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى بىلىدۇ. ئۇلار نە دىنىدىن نە دۇنياسىدىن خاتىرجەم ئەمەس. جىنىدىنمۇ ئەمىن ئەمەس. ھەتتاكى كۆپلىگەن مەسجىدلەر ۋە مۇقەددەس جايلار بۈگۈن پاھىشە خانا، شاراب خانا، كىنو خانىلارغا ئايلاندى. پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىلىپ تۇرۇپمۇ بىز تۈركىستانلىقلارغا باشقا مۇسۇلمانلاردىن ھېچقانداق ياردەم بولمىدى. بولشېۋىك رۇسلارغا نەپرەتمۇ بىلدۈرۈشمىدى. بەلكى بۈگۈن ھىندىستان ئالىملىرى بولشېۋىكلارنى ماختاپ، بىزلەرنى ئەيىبلىمەكتە. يىغىپ ئېيتقاندا، بىز بۈگۈن ۋەتىنىمىزنى، خەلقىمىزنى ۋە بۈگۈنكى مۇھاجىرلىق تۇرمۇشىمىزنى ئويلىساق، يەر يۈزىدە بىزدەك بىچارە، بىزدەك ئاجىز خەلق يوقتۇر. بىز خىتايلار مۇستەملىكىسىدە، خىتايلار رۇسلارنىڭ مۇستەملىكىسىدە. دېمەك، بىز بۈگۈن ئىككى ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا.

مەن يازغۇچىمۇ ئەمەس، ئالىممۇ ئەمەس، پەقەتلا بىر شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇپ، ئىنقىلاب كۈنلىرىدە تۈركىستاندا بولغانمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىمنى ئاددى قىلىپ يازدىم. بولۇپ ئۆتكەن ئالتە يىللىق ئىنقىلابىمىزدا بەرگەن قۇربانلىرىمىزنى تولۇق يېزىپ، ۋەتەن ئۈچۈن جان بەرگەن قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ناملىرىنى ۋە بۈيۈك پاك تۈركىستانىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى يېزىپ مىللىتىمىزگە تەقدىم قىلىش ھەممەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. بۇ سەتىرلەرنى يېزىشتىكى مەقسىتىم خەلقىمىز ئىچىدە، ياكى چەت ئەلدىكىلەر ھۇزۇرىدا رۇشەن ئوچۇق بولمىغان ئىككى مەسىلە بولۇپ، شۇنى ئىزاھلاشتۇر.

شەرقىي تۈركىستان ئەسلى تۈرك يۇرتىدۇر. تۈركىستاندا تۈركلەرنىڭ ياشىشى، تۈرك ھۆكۈمىتى بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر يات بىرسى كېلىپ ھاكىم بولسا، ئىنقىلاب بولۇشى تەبىئىيدۇر. تۈركىستاندا نېمە ئۈچۈن ئىنقىلاب بولمىسۇن؟ ئىستىلاچىلارغا قارشى بولغان ئىنقىلابنىڭ تەبىئىي غايىسى مۇستەقىللىقتۇر. دېمەك، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ غايىسى مۇستەقىللىقتۇر. تۈركىستاندا پارتىيىلەر قۇرۇلدى، بۇلارنىڭمۇ ئەسلى مەقسىتى مۇستەقىللىق ئىدى. سىز ئىنقىلاب كۈنلىرىدە ئىنقىلابچىلارنىڭ قايسى بىرىدىن ئىنقىلاب قىلىشتىكى مەقسىتىڭىز نېمە؟ دەپ سورىسىڭىز، توختىماي خىتايلاردىن قۇتۇلماق، دەپ جاۋاب بېرەتتى. قۇتۇلماق ئىستىقلال ئالماق دېمەكتۇر.

غايىمىز ۋە سۆيگىنىمىز ئىستىقلالىمىزدۇر. جان دۈشمىنىمىز بۈگۈنكى ۋەتىنىمىزنى بۇلغاپ يۈرگەن كوممۇنىستلار ۋە ئىستىلاچىلاردۇر. ئى مەلئۇن قارغىلار ۋەتىنىمىزنى بىكار قىلىڭلار! نەدىن

كەلگەن بولساڭلار شۇ يەرگە قايتىپ كېتىڭلار! ۋاقتىدا كېتىۋالمىساڭلار كېيىن قىيىن ئەھۋالغا دۇچار بولىسىلەر! بار بول ئەي مۇبارەك شەرقىي تۈركىستان. ياشىسۇن سېنىڭ پارلاق ئەۋلادىڭ! ياشا شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال يولىدا پىداكار يىگىتلەر!

ھىجرى 1357 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئاخىرى

مىلادى 1938 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى لاھور (پاكىستان)

ئەمىن بەگ ۋاھىدى قەلىمى بىلەن

بولۇپ ئۆتكەن ئىنقىلابىمىزنىڭ تارىخىنى يازماق، بەرگەن قۇربانلىرىمىزنى تارىخ سەھىپىلىرىگە قەيت قىلماق، ئىنقىلاب جەريانىدىكى ھادىسىلەرگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ ئىبرەت ئالماق، بولۇپمۇ كېلىچەك ئىنقىلابىمىزنىڭ بۇنداق بولماسلىقى ئۈچۈن تەييارلىق قىلماق، ھەر بىر تۈركىستانلىقنىڭ بۇرچىدۇر، قەرزىدۇر.

مەن بۇ قىسقا سەترلىرىم بىلەن تۈركىستان ئىنقىلاب تارىخىنى تولۇق يازالمىغىنىمدەك، شەھىدلىرىمىزنىڭ نامىنىمۇ تولۇق خاتىرلىيەلمەيمەن. بارلىق شەھىدلىرىمىزنىڭ ئىسىملىرىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش ھەممەتلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. بۇ كەمتۇك قەلەم بىلەن يېزىلغان سەترلەردىن ئىنقىلاب باشلىنىشتىن بۈگۈنكى ئاچچىق مۇھاجىرىتىمىزگە قەدەر ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمىزنى ئەسلەش، ئىنتىقام ھېسسىياتىمىزنى يېڭىلاش، مۇھاجىرەتتىلا بولىدىكەنمىز شۇ كۈنلىرىمىزنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىق، شۇ جەڭدىكى شەھىدلىرىمىزنىڭ روھلىرىنى شات قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشنى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقتۇر. ■

---- ئەمىن ۋاھىدى

31 - يىلى باشلانغان ئىنقىلابىمىز نەتىجىسىدە 33 - يىلى (قولىيازمىدا 32 - يىلى دېيىلگەن) تەشكىل قىلىنغان مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىمىزنى تەكرار ئەسلىمەيمىز. بۇ ھۆكۈمەت 5 ئاي ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن تارقاپ كەتتى، يىقىلدى. كىم يىقىتتى؟ نېمە بولۇپ يىقىلدى؟ دېگەن سوئالغا، ئىستىقلالىمىزنىڭ قولدىن كېتىشى ۋە مۇقەددەس بايرىقىمىزنىڭ يىقىلىشىنىڭ ئامىللىرى جاھالىتىمىز، دوستنى دۈشمەندىن ئايرىيالمىغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىققان ئىشەنچسىزلىكىمىز، دەپ جاۋاب بېرىمىز.

مۇستەقىللىقىمىز يىقىلغاندا، 10 مىڭ قوراللىق ئەسكىرىمىز بولۇپ، دۈشمىنىمىز ئىككى مىڭدىن كۆپرەك تۇڭگان ئىدى. دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولغانلىقتىن ئەمەس، يېڭى شەھەردە مۇھاسىرىدىكى تۇڭگانلارغا ما فۇيۈەننىڭ كېلىپ قوشۇلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ مۇستەقىل ئەسكەرلەر تامامەن شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. شەھەر پۈتۈنلەي دۈشمەن قولىغا سوقۇشسىز ئۆتتى. مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتۈرگەن ئەسكەرلەر خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتىلارنىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ، تۇرپان، قۇمۇلدىن كەلگەن ئىدى. ئوراز بەگ قوماندانلىقى ئاستىدىكى ئەسكەرلەر قىرغىز ئەسكەرلىرى ئىدى. يۈسۈپجان قولىدىكى ئەسكەرلەر ئۆزبېكلەر ئىدى. زەيدىن ئاخۇن، كىچىك ئاخۇنلار ئارتۇش ئەسكەرلىرى بولۇپ، قوماندانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچسىزلىك ئەسكەرلەرنىلا ئەمەس، پۈتۈن تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋەيران قىلغاننىڭ سىرتىدا، ۋەتىنىمىزنى بۈگۈنكى پاجىئەلىك ئەھۋالغا دۇچار قىلدى. شەرقىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىغا رۇس، چىن ۋە تۇڭگانلار بىرلىكتە قارشى تۇرغاندىمۇ، مۇستەقىللىقىمىزنى ساقلاپ قېلىش شۇنچە قىيىن بولسىمۇ، پۈتۈن خەلق بىرلىشىپ مۇستەقىللىق ئۈچۈن خالىس نىيەت بىلەن پىداكارلىق قىلسا ئىدى، مۇستەقىللىقىمىزنى ساقلاپ قېلىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇسكى ئۇنداق بولمىدى.

بىز تۈركىستانلىق تۈرك بولۇپ، ۋەتىنىمىز تۈركىستاندۇر. بىزگە قۇللۇق ياراشمىغاندەك، يۇرتىمىزغا دۈشمەن ياراشمايدۇ. ئەپسۇسكى جاھالىتىمىز بىزنى بۇ قارا كۈنلەرگە دۇچار قىلدى. مۇھاجىرىتىمىزگە كەلسەك تېخىمۇ خەتەرلىك ئەھۋال ئالدىمىزدا. ئەگەر بىز تۈركىستانىمىزنى دۈشمەن قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىشنى خالىساق، ئىلمىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىمىزنى ھەل قىلىپ، ئومۇم بىر پىكىر، بىر غايىگە كېلىشىمىز زۆرۈر دۇر. بۇ مۇمكىنمۇ؟ بىز مۇستەقىللىق يولىدا جىھاد قىلىۋاتقاندا يەر يۈزىدە بىر سىغىنىش يېرى تاپالمىغان ما جۇڭيىڭ، ئەھمەد تەۋپىقلارغا ئوخشاش نەپسى ئاۋارىسى زاتلار دىننى ۋاستە قىلىپ خەلقىمىزنى غەپلەتتە قويدى. يۇرتىمىزنى بۈگۈنكى پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە ئۇچرىتىپ جان ساقلايدىغان جايلارغا كېتىشتى. بىز مۇنداق يات ئۇنسۇرلارنى دۈشمىنىمىز چىن، رۇسلاردىن ئايرىمايمىز، بەلكى بۇلارنىڭ مىللىي ھەركىتىمىزگە تېخىمۇ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمىز. بىزنى ھەيران قالدۇرغان يەنە بىر نەرسە، ئەھمەد تەۋپىققا ئوخشاش ئۇياتسىزلارنىڭ ۋەتەن سىرتىدىمۇ مىللىي ھەركىتىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىشنى قەستلەپ يۈرگەنلىكىدۇر. خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن تۈركىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغان كىشىلەردىن ئابدۇلكەرىم دېگەن بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ، بۇلارنىڭ تۈركىستانغا نېمە ئالاقىسى باردۇ؟ دەپ ھەيران بولۇپ يۈرگىنىمىزدە بۇ يىل ھىندىستاندا مۇھەممەد ئەكرەم دېگەننىڭ ئىسمىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. بەزى تۈركىستانلىقلارنى قايمۇقتۇرۇپ يۈرەرمىش. بىز تۈركىستان مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتۈرگۈچىلەر، مۇنداق كىشىلەردىن ئاگاھ بولۇمىزكى، بۇندىن كېيىن ھەر قايسىسى ئۆز يولىغا ماڭسۇن!

* * *

ۋەتىنىمىزنىڭ دۈشمەن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى، ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە مۇھاجىرەتتىكى قارا كۈنلەر بىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرسىمۇ، بۈيۈك غازى ئاتاتۈرك ھەزرەتلىرىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ۋە مۇستەقىللىققا بولغان ئىشەنچىسى بىزنىڭ دىلىمىزغا مۇستەھكەم ئورناشتى. ئاتا تۈرك ھەزرەتلىرى ئېيتىدۇكى: «بىر ئەلنى تاجاۋۇز قىلىپ، بېسىۋېلىشلا ئۇ ئەلگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. بىر مىللەتنىڭ روھى چۈشكۈنلىشىپ، ئىرادىسى ئاجىزلاشمىسا، ئەجنەبىلەرنىڭ ئۇ ئەلگە ھاكىم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.» بىز قاراپ كۆرىدىغان بولساق، ۋەتىنىمىزنىڭ دۈشمەن قولىدا قېلىشىغا رازى بولغان بىرمۇ تۈركىستانلىق يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۈچلۈك ئىمانىمىز بىلەن مۇستەقىللىق شوئارىنى كۆتۈرۈپ، پىداكارلىق بىلەن خەلقىمىزگە تايىنىپ مۇستەقىل تۈركىستان قۇرۇش ئۈچۈن ئۇيۇشما تەشكىل قىلدۇق.

ياشا مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان! يوقال خىتاي پالاكەتى!

تۇفارى ئىبراھىم

1939 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ■